国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION
دۆلەتنىڭ نەشر
فوندى تۈرى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (23)

# قەشقەر
# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

دۆلەت نەشرىياتچىلىق فوندىنىڭ ياردەم
مەبلىغىگە ئېرىشكەن ئەسەر

国家出版基金资助项目

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (23)

# قەشقەر
# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم رەھمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى : بەختىيار ئابلىمىت

قەشقەر مەجمۇئەسى (23)

# قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

تۈزگۈچى : ئابدۇكېرىم رەھمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى : 9.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2012 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى : 3000 — 1

ISBN 978-7-5373-2755-8
باھاسى : 29.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

# «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىيۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم راخمان
ئادىل مۇھەممەت
نىې گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会

总策划：**司马义·铁力瓦尔地**

主　任：**刘长明**

**米吉提·卡德尔**

副主任：**张新泰**

**古力先·吐拉洪**

**依明·艾合买提**

**赵新尉**

**木太力甫·托合提**

委　员：**阿布都克力木·热合曼**

**阿迪力·穆罕默德**

**聂光玉**

**克力木江·阿布都热依木**

**阿布拉江·色依提**

**艾尔肯·艾麦提**

主　编：**阿迪力·穆罕默德**

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15 ـ ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن: «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا ـ ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەتلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى

ئۆزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، سىياسىي ـ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان ـ سىپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ

قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009- يىلى 1- يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئېلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىلى 1 - ماي، قەشقەر

# مۇندەرىجە

I باب مۇقەددىمە.................................... 1
§ 1 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ......... 1
§ 2 . خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە تۇرمۇش .............. 4
§ 3 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ
مۇناسىۋىتى ...................................... 9
II باب ئەپسانە (مىف) ۋە رىۋايەتلەر ................... 59
§ 1 . ئومۇمىي چۈشەنچە .............................. 59
§ 2 . ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن ئۆرنەكلەر ............. 67
III باب ھېكايە - چۆچەكلەر............................... 129
§ 1 . ھېكايە - چۆچەكلەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى129
IV باب لەتىپە ۋە چاقچاقلار.............................. 158
§ 1 . لەتىپە.............................................. 158
§ 2 . چاقچاق ۋە يۇمۇرلار ............................ 172
V باب ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر .................. 176
§ 1 . ماقال - تەمسىل ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى 176
§ 2 . ماقال - تەمسىللەرنىڭ شەكلى ۋە پوئېتىك خۇسۇسىيەت-
لىرى.................................................... 178
VI باب قوشاقلار ......................................... 188
§ 1 . ئومۇمىي چۈشەنچە.................................. 188
VII باب داستان (ئېپوس) ................................ 220
§ 1 . داستان ئۇقۇمى ۋە تەرىپى........................ 220
§ 2 . داستانلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى................... 223
§ 3 . قەشقەر خەلق داستانلىرى ......................... 230
VIII باب تېپىشماقلار ....................................... 252

§1 . تېپىشماق ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 252
§2 . تېپىشماقلارنىڭ شەكلى ........................ 256
IX باب خەلق ئەدەبىياتچىلىرى ........................ 265
§1 . قىسقىچە بايان ........................ 266
§2 . نوزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى .................. 272
§3 . تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى .................... 278
§4 . تۇرغۇن موللا ئوسمان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى ... 280
§5 . خەيرىنسا توختى ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى ........... 283
§6 . ھاجى ئەلنەغمە ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى ........... 285

# I باب مۇقەددىمە

## 1§ . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى ياكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ئىنسان مەنىۋىيىتىنى قۇۋۋەتلەيدىغان مەڭگۇ قۇرۇماس بۇلاق . خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئەمگىكى ، ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خاراكتېر جەھەتتىن ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ ، ئەمما ئۇ مەزمۇن ، شەكىل ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتە يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئىجاد قىلىنىش جەھەتتىن ئالىدىغان بولساق ، يازما ئەدەبىيات كونكرېت شەخس تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا ، ئاپتورلۇق ھوقۇقى پەقەت شەخسكىلا مەنسۇپ بولىدۇ . ۋاھالەنكى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولسا بىر پۈتۈن كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا ، ئۇنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى كوللېكتىپقا مەنسۇپ . دېمەك ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن تارقىلىشىغىچە ، پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدىن دەۋردىن - دەۋرگە داۋاملىشىشىغىچە بولغان جەريان باشتىن - ئاخىر كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كوللېكتىپ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقىدىن ئىبارەت بۇ خاراكتېرى ئۇ پەيدا بولغان قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن . ئىقتىساد ۋە

مەدەنىيەت ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ
ئىپتىدائىي دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى كوللېكتىپ ئاڭ-
نىڭ قوماندانلىقىدا ئورۇق ، كوللېكتىپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى .
ئۆزلۈك ئاڭ تېخى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىمىگەن بۇ ئىپتىدائىي ئاند-
مىزملىق ھاياتتا ھەرقانداق شەخس ، ئورۇق ۋە قەبىلە كوللېكتىپ
بىلەن بىر گەۋدىلىشىش بەدىلىگە ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە
ئېرىشەلەيتتى . ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتلىق پائالىيەت-
لىرىدە گەۋدىلەنگەن بۇنداق كوللېكتىپ ئاڭ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە
تەپەككۇر قاتلىمىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، رېئال تۇرمۇشى-
نىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ياراتقان ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى كوللېكتىپ-
چانلىقتا ئىگە قىلغان . كوللېكتىپچانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىشى جەريانىدا تېخىمۇ روشەن ۋە يارقىن ئىپادى-
لىنىدۇ . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئەسلىدىمۇ قانداق ئىجاد
قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ پەيدا بولۇش بىلەنلا كەڭ ئامما ئارىسى-
دا تارقىلىشقا باشلايدۇ ، بۇ جەريان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاللى-
نىش ۋە تاۋلىنىش باسقۇچى سۈپىتىدە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى
تېخىمۇ كەڭ ئامىۋىلىقتا ۋە ئومۇملۇقتا ئىگە قىلىدۇ . ئاغزاكىلىقمۇ
خۇددى كوللېكتىپچانلىقتا ئوخشاشلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يازما
ئەدەبىياتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئالاھى-
دىلىك بولغاچقا ، ئۇنىڭ نامى «ئاغزاكى ئەدەبىيات» دەپ ئاتالغان .
ئاغزاكىلىق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىرخىل فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىكى
سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن تاكى تارقىلىش جەريانلىرىغىچە
چوڭقۇر سىڭگەچكە ، بۇ ئەنئەنە يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزى-
نىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىنى يوقاتمىغان . گەرچە زامانىۋىلىشىۋاتقان
بۈگۈنكى دۇنيادا يېزىق شەكلى كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان بولسىمۇ ،
خەلق ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئاغزاكىلىق ئەنئەنىسى مەلۇم دەرىجىدە
تارىيىشى (ئاجىزلىششى ) مۇمكىن . لېكىن ، پۈتۈنلەي يوقىلىپ
كەتمەيدۇ ، چۈنكى ئاغزاكىلىق خەلق ئەدەبىياتىنى مەڭگۈلۈك ھاياتىي
كۈچكە ئىگە قىلىدۇ . ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ، يازما ئەدەبىيات

ئەسەرلىرى تۇراقلىق ، ئۆزگەرمەس تېكىستكە ئىگە . ئەكسىچە ، خەلق
ئەدەبىياتى ئېغىز ئارقىلىق ئىجاد قىلىنىپ ، كۆڭۈلگە خاتىرىلىنىدى-
غان بولغاچقا ، ئۇ هامان ئۆزگىرىشتىن خالىي بولالمايدۇ . خەلق
سەنئەتكارلىرىدا ئەزەلدىن ئاپتورلۇق هوقۇقى كۆزقارىشىنىڭ بولماس-
لىقى ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان يەنە بىر
ئىچكى سەۋەب هېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، خەلق ئەدەبىياتى
ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىش شارائىتىنىڭ (تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇ-
ھىت ) ئوخشىماسلىقى ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈ-
رىدىغان تاشقى سەۋەبتۇر . بۇ خىل ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر خەلق
ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ رەڭدارلىقتا ، كۆپ خىللىقتا ۋە موللۇقتا ئېرىش-
تۈرگەن ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان .

لېكىن ، خەلق تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ۋە خەلق-
نىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە ماسلاشقان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ
كۆپ قىسمى نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇنداق ئەسەرلەر
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىدۇ . بۇنداق ۋارىسلىق
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا ئىپادىلەنگەن خەلق-
چىللىق ، ئاددىي - ساددا ، ساغلام رېئالىزم ئەنئەنىسىدىن تاشقىرى ،
ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ گۈزەل بەدىئىي شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ . دېمەك ،
ئۆزگىرىشچانلىق ئىچىدە ۋارىسلىق ، ۋارىسلىق جەريانىدا يەنە ئۆزگە-
رىش خەلق ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بىرخىل قانۇنىيەتلىك هادىسە بو-
لۇپ ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۆزئارا زىچ باغلانغان هالدا خەلق ئەدەبىياتى-
نى يازما ئەدەبىياتتىن ئايرىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى
ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەركىبىگە قوشىدۇ .

ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىزنى قانات-
لاندۇرغان خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك
تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى ،
ئىلىم - پەن قىممىتى ۋە سەنئەت قىممىتىدىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق
ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى . ئۇ ئالدى بىلەن مەزمۇن جە-
هەتتىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىجتىمائىي ، تارىخىي ،

تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى باتۇرانە كۈرەش روھىنى، كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئارزۇ - غايىلىرىنى ۋە گۇمانىزملىق تۇيغۇلىرىنى، سەمىمىيلىك، ساداقەتمەنلىك ۋە ۋاپادارلىق بىلەن تولغان گۈزەل ئىچكى دۇنياسىنى، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتا ئىنتىلىشتەك ھەققانىي ئارزۇلىرىنى ھەر خىل بەدىئىي شەكىل بىلەن رېئالىزملىق ۋە رومانتىزملىق تۈستە ئىپادىلەپ بەردى. شۇڭا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نوقۇل ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە سىياسىي، ئىقتىساد، پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، سەنئەت، ئەخلاق، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، تېبابەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئاگرونومىيە، ئانتروپولوگىيە قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

## § 2. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە تۇرمۇش

ھەرقانداق خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى شۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى ۋە ئەينىكى. شۇڭا كۆپ قاتلاملىق مىللىي مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ئىچىدە خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئۆزىگە جۇغلاپ، ئۇنى دەۋردىن - دەۋرگە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ھاياتىي قامۇس دەل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدۇر. ئۇ، تۇرمۇش لىباسى؛ گۈزەللىك بەرناسى؛ يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى، بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر، يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار، تارىخشۇناسلار، ئېتنوگرافلار، جەمئىيەتشۇناسلار، قانۇنشۇناسلار...... ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي زاكاۋەتلىرىدە خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەدىئىي شەكىلدە تەسۋىرلەنگەن خەلقنىڭ تۇرمۇش ھاياتىنى، جەمئىيەت تۈزۈملىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلەرنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش، چۈشىنىش مۇمكىنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈر-

گەن . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نوقۇل ھالدىكى بىرخىل ئاڭلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىسى ئەمەس ، بەلكى ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە خەلقنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ، تۇرمۇش پۈرىقى ئىنتايىن قويۇق ئالاھىدە بىرخىل مەنىۋى مەھسۇلاتتۇر . قىسقىسى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق روھىنىڭ ھەقىقىي ۋە تەبىئىي ھالدىكى ئىپادىلىنىشى ، خەلقنىڭ سىرداش دوستى ، خەلق ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ، دەرد - ئەلەم ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلىرىنى ، بەختىيار ھاياتقا بولغان ئۈمىد - غايىلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئۇ خەلقنىڭ تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى بىلىملىرىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولۇپ ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئەمگەك ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئەمگەكتىن پەيدا بولغانلىقى ۋە مەزمۇن ، شەكىل جەھەتتە ئەينى دەۋر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ خاراكتېرىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ ، شۇڭا ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تىل سەنئىتى» دەپمۇ ئاتايمىز . چۈنكى ئۇ ، ئىنسانلار تىل قورالىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بىردىنبىر ئاغزاكى ئىجادىيەت شەكلى . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى دەپ قارىلىدىغان ئاغزاكى ناخشا- قوشاقلار ناھايىتى ئېنىقكى ، بىۋاسىتە ئەمگەكتىن پەيدا بولغان بولۇپ ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كوللېكتىپ ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ئەمگەك ئۈنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە چارچاشنى يەڭگىللىتىش رولىنى ئوينىغان . «قەدىمكىلەر مېھنەت قىلسا ئېيتار غەزەل ، غەزەل بىلەن مېھنىتىنى قىلار ئەۋزەل» دېگەندەك ، ئورتاق ئەمگەك قىلىپ ، ئورتاق تەقسىمات قىلىش تۈزۈمىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن ناخشا - قوشاقلارنىڭ ھەممىسى شۇ خىل ئەمگەك تۈرىنىڭ رىتىم - ساداسى بىلەن بىرگەۋدىلىشىپ كەتكەن . رۇس فولكلورشۇناسى فىل-

خانوف ئىپتىدائىي ئۇرۇق - جامائەلەرنىڭ كۆپلىگەن سەنئەت پائالى-
يەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، «ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە
ھەربىر ئەمگەك تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشا - قوشاقلىرى بار ،
ناخشىنىڭ ئۇدارى ھامان مۇۋاپىق ۋە توغرا ھالدا ئاشۇ ئەمگەك تۈرىدە
بار بولغان ھەرىكەت رىتىمىغا ماسلاشقان»① دەپ ئېيتقانىدى .مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسرىدە خاتىرىلەنگەن
بىر قىسىم قوشاقلاردىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تۇر-
مۇش مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن بولۇپ ، ئۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەمگەك
ناخشىلىرى ئىدى .

يىگىتلەرىگە ئىشلەتۇ ،
يىغاچ يەمىش ئىزغاتو ،
قولان كەيىك ئاۋلاتۇ ،
بەدرەم قىلىپ ئاۋنالىم .

(يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ ،
قۇلان ، كېيىك ئوۋلىتىپ ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى )

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان

ياساپ ئوقيا بامبۇكتىن ،
قىلدۇق ۋاششاق تاشلارنى .
چەنلەپ ئېتىپ جەرەنگە ،
سوقۇۋەتتۇق باشلارنى .

قاتارلىق قوشاقلارمۇ ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئوۋچىلىق ئەمگىكىنىڭ
يادنامىلىرىدۇر . شۇنىسى ئايانكى ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاغزاكى
ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ، بولۇپمۇ قوشاقلار ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل
سەنئەتلىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇلارنى بىر-
بىرىدىن ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ . ھازىرغىچە ئەڭ دەسلەپكى خەلق

① فىلخانوف : «ئادرېسسىز خەتلەر» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1962- يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 39- بەت .

ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ھەققىدە ھەر خىل
كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى . بەزىلەر تەبىئەت جانلىقلىرىنى ۋە
تەبىئەت ھادىسىلىرىنى دوراش ، ئۇلارغا تەقلىد قىلىشتىن كېلىپ
چىققان دېسە ، يەنە بەزىلەر ئىپتىدائىي مۇراسىملار ، سېھىرگەرلىك
پائالىيەتلىرى ۋە ئىپتىدائىي ئانىمىزم قاتارلىق تەبىئەت دىنلىرىنىڭ
ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارىشىدۇ . كۆپرەك تەتقىقاتچىلار
بولسا بىۋاسىتە ئەمگەكتىن پەيدا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە ، يەنە
بەزىلەر ئىپتىدائىي سەنئەت پائالىيەتلىرى ئاڭسىز ھالدا ئىپتىدائىي
جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئويۇن - تاماشا ، كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت
تۇغما ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ . خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى
ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇ قا-
راشلارنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ۋە يادروسى يەنىلا تۇرمۇش ياكى ئەم-
گەكتىن ئىبارەت . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش
بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتىنى ئۇنىڭ كېيىنكى
تەرەققىيات جەريانلىرىدىن ھەمدە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى ، قىممىتى
ۋە ئىچكى - تاشقى ئىقتىدارىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ .

بىز يۇقىرىدا تەكىتلىگەندەك ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەبىئىي
يوسۇندا كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ بىر تەركىبىي
قىسمى سۈپىتىدە ، ئەمگەكنى تەشكىللەش ، ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش
قاتارلىق جەھەتلەردە بىۋاسىتە خىزمەت قىلىپ كەلدى . ئۇيغۇرلار
ئارىسىدىكى «بۆشۈك ناخشىسى» ، «ئوۋ قوشاقلىرى» ، «ئورما ناخ-
شىسى» ، «ھارۋىكەش ناخشىسى» ، «قوشچى ناخشىسى» ، «مۇراسىم
قوشاقلىرى» ، «سىغىم قوشاقلىرى» ، «پېرىخونلۇق قوشاقلىرى»
قاتارلىقلار بۇنىڭ جانلىق مىسالى . ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ھەر
خىل تۈرلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بۇ ناخشا - قوشاقلار ئۆز نۆۋىتىدە
شۇ خىل ئەمگەك تۈرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەنى-
ۋى قورال ھېسابلىنىدۇ .

دەرۋەقە ، يازما ئەدەبىياتمۇ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، ئەمما

ئۇ ھېچقانداق ۋاقىتتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىۋاستە باغلىنىپ بىرگەۋدە ھاسىل قىلالمايدۇ . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يېزىققا تايانغان يازغۇچىلار ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللىك تارىخي دەۋرلەردە چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىرخىل ئاڭ شەكلى بولۇپلا قالماستىن ، ئۇ يەنە خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ تەشكىلاتچىسى ، ھەرىكەت مىزانى ، ئەدەپ - ئەخلاق دەستۇرى ، ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىدىغان قانۇن - نىزام ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر (مېھماندارچىلىق ، سەيلە - ساياھەت ، توي - تۆكۈن ، نىكاھ مۇراسىملىرى ھەر خىل مىللىي ئۆرپ - ئادەت ) نى ئۇيۇشتۇرۇش ۋاستىسى ؛ خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان سەنئەت گۈلىستانى ؛ سىياسىي ، پەلسەپە ، ئېتىكا ، تارىخشۇناسلىق ، ئەدەبىياتشۇناسلىق ، تىلشۇناسلىق ، جەمئىيەتشۇناسلىق ، فولكلورشۇناسلىق ، ئېتنوگرافىيە ، ئانتروپولوگىيە ، پىسخولوگىيە ، تۆرۈ (قانۇن شۇناسلىق ) ، دىنشۇناسلىق ، ئېستېتىكا ، ئاگرونومىيە ، گېئومېتىرىيە ، مېتېئورولوگىيە ، ئاسترونومىيە ، توپونومىيە ، ماتېماتىكا ، تېبابەتچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرگە خىمىرتۇرۇچ بولغان خەلقنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم كانى ھېسابلىنىدۇ . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى بۇنداق ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى ئۇنىڭ كۆپ ياقلىمىلىق ، كۆپ قاتلاملىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بىر خىل ئالاھىدە ئاڭ فورماتسىيەسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان خەلقنىڭ ئاغزاكى نەسرىي بايانلىرى چوڭقۇر رېئاللىق ئاساسىغا ئىگە بولۇپ ، ئىپتىدائىي ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ غەيرىي فۇنكسىيەلىك ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت . جۈملىدىن ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ساپ تەبىئەت تىمسالىدىكى ئىپتىدائىي تەركىبلەر (كائىنات ۋە ئىنسانىيەتنى ياراتقۇچى ئىلاھلار ، توتېملار چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە قام ۋە تويۇنلار ) مۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئۇ

مۇقەررەر ھالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىيات ـ سەنئە-
تى شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . خۇددى لۇشۇن ئېيتقاندەك ،
«ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى سەنئەت ھادىسى-
لىرىدە ئەڭ قويۇق ئەكس ئەتتۇرۇش ئىپتىدائىي خەلقلەر دەۋرىدە
بولغان . »①

دېمەك ، سۆز سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى بولغان خەلق-
نىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى ئىنسانلارنىڭ نۇتقى (تىلى ) پەيدا بولۇشى
بىلەن دۇنياغا كېلىشكە باشلىغان بىرلەمچى ئەدەبىياتتۇر . ئۇنىڭ پەيدا
بولۇشىدا ئەينى دەۋرنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى ، ئىنسانلارنىڭ ئەم-
گەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ، ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش ۋە ساددا
ئېستېتىك چۈشەنچىلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان .

## §3 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ھەم ئۆز ئارا پەرق-
لىق ، ھەم ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان دىيالېكتىكىلىق بىرلىك
مۇناسىۋىتىگە ئىگە . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارى-
خىنى مۇئەييەن نۇقتىدا شۇ مىللەتنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى بىلەن يازما
ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى
سۈرۈش تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

تارىخىي ئەمەلىيەت ۋە رېئال پاكىتقا ئاساسلانغاندا ، خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتتىن نۇرغۇن ئەسىرلەر بۇرۇن پەيدا بولغانلى-
قى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېمىكئانىسى ئىكەن-
لىكى ھەممىگە ئايان . ئىككى خىل ئەدەبىياتنىڭ قان بىلەن گۆشتەك
يېقىنلىق مۇناسىۋىتى بولۇپمۇ شۇ خەلقنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر

① لۇشۇن : «سەنئەت توغرىسىدا» ، لۇشۇن ئەسەرلىرى ، 71- توم ، 1- بەت ، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1973- يىلى خەنزۇچە نەشرى .

ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن روشەن بايقىلىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەدىب ۋە يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يازما ئەدەبىياتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىشى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان .

## 1 . ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى

جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېمىكئانىسى» دېگەن بۇ ئىلمىي يەكۈن يازما ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئەڭ ئىخچام سۈرەتلەپ بېرىدۇ .

تارىخىي ماتېرىيالىزم «خەلق ، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى ياراتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ» دەپ قارايدۇ . ھەقىقەتەن ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك ، «خەلق پەقەت بارلىق ماددىي بايلىقلارنى ياراتقۇچى كۈچلا ئەمەس ،بەلكى ئۇ بىردىنبىر تۈگىمەس - پۈتمەس مەنىۋى بايلىق مەنبەسى . مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن ياكى گۈزەللىك ۋە ئىجادىي دانىشمەنلىك جەھەتتىن بولسۇن ، خەلق ئومۇمەن بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە شائىردۇر ، ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى تىراگېدىيە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك تىراگېدىيە بولغان پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىبارەت .»[1]

يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا ، خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرى

---

[1] ماكسىم گوركى : «خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، «خەلق ئەدەبىياتى ژۇرنىلى» 1978- يىلى 1- سان ، 151- بەت ، خەنزۇچە .

ئارقىلىق ياراتقان تىل گۆھەرلىرىنى گۈزەل مىسرالارغا تىزىپ ، بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈچۈن تەرەققىيات زېمىنى ھازىرلاپ بەردى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدار ۋە جەلپكار رىتىملىرى ۋە چىنلىق بىلەن سۇغىرىلغان مول مەزمۇنلىرى يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر قاتلاملىق كەڭ رىتىملار ۋە ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلىدى ، خەلق ياراتقان مەڭگۈلۈك گۈزەللىككە ئىگە تىپىك قەھرىمان ئوبرازلار ئارقىلىق بەدىئىي ئەدەبىيات زېمىنىدىكى دۇنياۋى خاراكتېر ئالغان ئۆلمەس ئوبرازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى ، خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە نامايان قىلغان بەدىئىي تەسەۋۋۇر تەپەككۇر ئىقتىدارى ، رېئاللىق ۋە چىنلىقنى ئۆزەك قىلغان رەڭدار تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرى يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئىجادىي تۈرتكىسى بولدى . يىغىپ ئېيتقاندا ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى خاراكتېر جەھەتتىن بىرلەمچى تەسىر (بىۋاستە تەسىر ) ۋە ئىككىلەمچى تەسىر (ۋاستىلىك تەسىر ) دەپ ئىككى تۈركۈمگە مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن .

1 . بىرلەمچى تەسىر

دۇنيا ئەدەبىياتى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالساق ، بۈيۈك كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆلمەس ئوبرازلارنىڭ كۆپچىلىكى ئالدى بىلەن شۇ خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز . ماكسىم گوركى : «شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھالاكىتى» ناملىق ئەسىرىدە : «بارلىق ئەللەردىكى ئۇلۇغ شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى خەلق كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس خەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ ياراتقان ؛ ھەممە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشلار ، ھەممە شانلىق ئوبرازلار ۋە تىپلار قەدىمكى زامانلاردىن بېرى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ خەزىنىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە» دەپ كۆرسىتىدۇ .

دەرۋەقە ، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆر-

سەتكەن بۇنداق بىۋاسىتە تەسىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئەمەلىيىتىدە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن . ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە نامايان قىلغان «خەمسە» ئىچىدىكى بارلىق داستانلار ۋە بۇ داستانلاردا يارىتىلغان ئۆلمەس ئوبرازلار شەرق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان . ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئىنسانىيەت ئالىمىنى زىلزىلىگە سالغان ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن سۇغىرىلغان ۋاپادار ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئوبرازلىرى بولمىش «يۇسۇپ- زۇلەيخا» ، «پەرھاد - شېرىن» ، «لەيلى - مەجنۇن» ، «غېرىب - سەنەم» ، «ۋامۇق - ئۇزرا» لارمۇ ئالدى بىلەن شەرق خەلقىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەن مۇتىفلار بولۇپ ، كېيىنچە ئۇنى نەچچە ئونلىغان داڭلىق ئەدىبلەر قايتا ئىشلەپ ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇيۇك ئەنئەنىۋى داستانغا ئايلانغان . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىمى گ .نازاروۋنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، 10- ئەسىردىن 20- ئەسىرگىچە «يۇسۇپ - زۇلەيخا» ماۋزۇسىدا داستان يازغان ئەرەب ، پارس ، تۈركىي شائىرلىرى 117 كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە 45 كىشى تۈركىي تىللىق شائىرلاردۇر . «لەيلى- مەجنۇن» ، «پەرھاد- شېرىن» مۇتىفىنى قىسسىلەشتۈرگەن ۋە داستانلاشتۇرغان پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئەدىبلەر تېخىمۇ كۆپتۇر . «لەيلى - مەجنۇن» قويۇق شەرق پۇرىقىغا ئىگە بولغان بىر پارچە ئەنئەنىۋى ئاغزاكى قىسسە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسلىي ھېكايىسى مىلادىيە 8- ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان مۇھەببەت پاجىئەسىنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ، يەنى 7- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 8- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا قەيىس (يەنە بىر ئىسمى جەمىل ) ئىسىملىك شائىرنىڭ مۇھەببەت تىراگېدىيەسى ھەققىدىكى ئەرەب خەلق رىۋايىتى كېيىنچە ئەدىبلەرنىڭ شۇ تېمىدا يازغان داستانلىرىنىڭ سۇژىتىنى تەشكىل قىلغان . «لەيلى - مەجنۇن» داستانىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تارىخى نۇقتىدىن ئېنىقلاشقا تىرىشقان فىلىپ . K. ھېتتى «ئەرەبلەرنىڭ

ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن : «ئەرەب ئەدەبىياتىدا پىلاتونچە مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىر جەمىل (ئۆلۈمى 701- يىلى) گە تەڭلىشەلەيدىغان كىشى يېرىم ئەپسانىۋى تۈس ئالغان شەخس مەجنۇندۇر...... ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى قەيس ئىبنى خۇراۋاھ بولۇپ، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ۋەكىلىدۇر. قەيس لەيلى ئىسىملىك ئاشىق بولۇپ، مەجنۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن «مەجنۇن لەيلا» («لەيلىنىڭ مەجنۇنى») دەپ ئاتالغان.»[1]

ئەنە شۇ رىۋايەت ئاساسىدا پارس شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1209) تۇنجى قېتىم «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق يىرىك داستان يازغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژ سۇژىتى ۋە ئىدىيەنى قايتا يېڭىلاپ، 13- ئەسىردە ئەمىرخىسراۋ دېھلىۋى، ئابدۇرەھمان جامىي (1414 — 1492)، 16- ئەسىردە بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى، 18- ئەسىردە قەشقەرلىك موللا فازىل، 18— 19 ئەسىردە ياشىغان موللا يۇنۇس ياركەندىي، ئابدۇرەھىم نىزارىي (1776 — 1850) قاتارلىق كۆپلىگەن پارس ۋە تۈركىي تىللىق شائىر، يازغۇچىلار «لەيلى - مەجنۇن» نامىدا ئىجادىي داستانلارنى يازدى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «لەيلى- مەجنۇن» تېمىسىدا داستان يازغان پارس شائىرلىرى 35 كىشىدىن، تۈركىي تىللىق شائىرلار 13 كىشىدىن ئاشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەدىئىي غايە ۋە ئېستېتىك قىممەت جەھەتتىن نەۋايى قەلىمى ئاستىدىكى «لەيلى-مەجنۇن» داستانى ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلغاندا، ئۇنىڭدا يارىتىلغان يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار، ئەھمىيەتلىك ئۆلمەس تىپلار، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا جارى قىلدۇرۇلغان ژانىر - تۈرلەر، مىللىي ئەدەبىياتنى شەكىللەندۈرگەن ھەرخىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئالدى بىلەن شۇ خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى

① فىلىپ . K . ھېتتى : «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، I توم 291- بەت.

بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز كامال تاپقان. ماكسىم گوركىنىڭ «زىۋىسىنى خەلق ياراتتى، فىسافوروس ئۇنى چوڭ مەرمەر تاشقا ئويۇپ چىقتى» دېگەن بۇ بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزى بارلىق خەلق-لەرنىڭ يازما ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەر شۇ خەلقنىڭ ئاغزا-كى ئەدەبىياتىدىن بىۋاسىتە تەسىرلىنىش ۋە ئىلھام ئېلىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

2. ئىككىلەمچى (ۋاسىتىلىك) تەسىر

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «بىرلەمچى تەسىر» شەرتلىك ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن كونكرېت پېرسوناژ ئوبراز-لىرى، دەۋر ھالقىغان بەدىئىي تىپلار ھەمدە ئاغزاكى ئەدەبىياتتا ئومۇملاشقان ژانىر - تۈرلەر ۋە ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتى-لىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتتا قايتا نامايان بولغانلىقىدەك بىۋاسىتە تەسى-رىنى كۆرسەتسە، تۆۋەندە مۇلاھىزە قىلماقچى بولغان «ئىككىلەمچى تەسىر» مەسىلىسىدە ئاساسەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسى ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنى جەھەتلەردە يازما ئەدەبىياتنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇ-نىغا ۋاسىتىلىك ھالدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى شەرھلەش نىشانلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى ياقلىمىلىق تەسىر ئومۇملۇق جە-ھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە.

دۇنيانىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى رېئالىزم ۋە ئاكتىپ رومانتىزم روھىغا ئىگە بولغان يازغۇچىلار شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتتە ئۆلۈغ نەتىجىلەرگە ئېرى-شەلىدىكى، ئۇلار ئۆز ئىجادىيىتىدە تېما ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەت-لەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مول خەلقچىللىقىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - غايىلىرىنى ئىپادىلىدى. مىلادىيەدىن 11 — 12 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان يۇناننىڭ ئەما شائىرى ھومېرنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى گىرېك ئىپتىدائىي ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ تېمىسى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. «ئىلىئادا» ناملىق داستاندا دەل يۇناندىكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقى ۋە قۇللۇق تۈزۈمنىڭ زامانىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بو-

لۈپ شەكىللىنىۋاتقانلىقى، بۇ دەۋرنىڭ يۇنان تارىخىدىكى «قەھرىمانلىق دەۋر» دەپ ئاتالغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن گىرېكلەرنىڭ شۇ زامانلاردا تىروياغا[1] يۈرۈش قىلغانلىقىمۇ دەل ئېنگېلس ئېيتقاندەك، «قۇرۇقلۇق، دېڭىز قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش»[2] بولغانلىقى سۆزلەنگەن.

«ئودىسسا» داستانىدىمۇ ئەنە شۇ «ئىلىئادا» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن «تىرويا ئۇرۇشى» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى يەنى يۇنان ئۇرۇقداشلار جەمئىيىتى يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا ئۇرۇق ئاقساقىلى ئودىسسانىڭ «تىرويا ئۇرۇشى» تۈگىگەندىن كېيىن يۇرتىغا (يۇنانغا) قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئون يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.[3]

قىسقىسى، «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى، شۇنىڭدەك يۇنان شائىرى ھېسىود يازغان «ئىلاھلار شەجەرىسى» يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىنىڭ يىغىندىسى نەپىس سەنئەت جەھەتتە قەدىمكى يۇناندىكى ھەيكەلتىراشلىق، لوڭقىغا رەسىم چۈشۈرۈش ئىشلىرىدا، شۇنىڭدەك رىمنىڭ فېئوداللىق دەۋرىدە تاملارغا رەسىم سىزىش ئىشلىرىدىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ھېكايىلەر ئاساسي تېما قىلىنغان. ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبي مىراسلىرى ئىچىدىمۇ بۇنداق ئەمەلي مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئۇلۇغ شائىرى چۈيۈەننىڭ «توققۇز قوشاق»، «تەڭرىگە سوئال»، «جۇدالىق زارى»، «توققۇز نەزم»، «جۈيزىغا مەدھىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇ دەۋرلەردىكى خەلقنىڭ قوشاقلىرى ۋە ئەپسانىلىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرى-

① تىرويا — كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالى دېڭىز قىرغىقىدىكى خىللىس پونت بوغۇزىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىغا جايلاشقان. ئۇ مۇھىم دېڭىز قاتنىشى تۈگۈنى ۋە باي، ئاۋات شەھەر. تىرويا ئۇرۇشى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1194- يىلى باشلىنىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1184- يىلى يۇنانلىقلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن تامام بولغان.

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرىدىكى يۇنان-رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھېكايىلەر»، گې باۋچۈەن تۈزگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى 1980- يىلى نەشرى، 192- بەت

③ ئودىسسا — گىرېكچە «ئودىسۇسنىڭ كەچۈرمىشلىرى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئودىسسا گىرېك يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىدىكا ئارىلىنىڭ پادىشاھى. «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى «يۇنان، رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھېكايىلەر» ئۇيغۇرچە نەشرى، 224- بەت «ئودىسسانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» گە قارالسۇن.

غان ، بولۇپمۇ «توققۇز قوشاق» بىلەن «تەڭرىگە سوئال» خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېمىسىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان . ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتىن چۈيۈەن بىۋاسىتە هالدا خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى خەلقچىللىق ۋە رېئالىزملىق روھىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ئۆزلەشتۈرگەن ۋە يېتەكچى قىلغان ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ، روشەن سىياسىي خاھىش ، گۇمانىزملىق ئىدىيە كېيىنكى ئەسىرلەردە ياشىغان يازغۇچى - شائىرلارنىڭ خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدىن ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى پارلاق ئۆلگە بولغان .

خەن ، ۋېي ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى «يۆفۇ قوشاقلىرى»[1] نىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ئاساسەن گۈللەنگەن تاڭ دەۋرى ۋە ئوتتۇرا تاڭدىن ئىبارەت ئىككى دەۋردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ . ئەنە شۇ «يۆفۇ قوشاقلىرى»نىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ۋە يېتىشتۈرۈشى نەتىجىسىدە تاڭ دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن لى بەي (مىلادىيە 701 — 762) ، دۇفۇ (مىلادىيە 712 — 770) ، بەي جۈيى (مىلادىيە 772 — 846) قاتارلىق شاهانە شائىرلار مەيدانغا كەلگەنلىكتىن ، بۇ دەۋر ئېلىمىزنىڭ شېئىرىيەت تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» دېگەن شۆھرەت بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلدى .

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشتىن خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشىغان دۇفۇ ۋە بەي فۇلارمۇ ئۆز ئىجادىيەتلىرىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ، بولۇپمۇ «يۆفۇ» قوشاقلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئەنئەنىسىنى سىڭدۈرگەن .

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تېمىسىدىن پايدىلىنىپ ئىجاد ئېتىلگەن شېئىرىي ئەسەرلەردىن باشقا ، يەنە ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بارلىققا كەلگەن سەھنە ئەسەرلىرى ، رومان - قىسسىلەرمۇ ئاز ئەمەس .

---

① «يۆفۇ» — غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى هۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ئىسمى . بۇ مەھكەمە ئەينى دەۋردە خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ناخشا- مۇزىكىلىرىنى توپلىغان . شۇ مەھكىمىگە توپلانغان قوشاقلار تارىختا «يۆفۇ قوشاقلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان .

دەرۋەقە ، ۋەتەن ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولـ-
غان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ يۇقىرىقى ئورتاق قانۇنىيەتلەردىن
زادى مۇستەسنا ئەمەس .

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى
ئۇنىڭ خەلقچىللىقتا ئىگە بولغانلىقى ۋە باشتىن - ئاخىر قويۇق
رېئالىزملىق روھ بىلەن رومانتىزملىق غايىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنلىـ-
كىدىن ئىبارەت . بۇنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى مۇلاھىزە قىلغاندا ،
شۈبھىسىزكى ، ئۇ ئىزچىل هالدا باي ۋە گۈزەل بولغان ئۇيغۇر خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسىغا ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنىغا ئىجادىي ۋارىسـ-
لىق قىلغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىيات تارىخى زادى قايسى ئەسىردىن
باشلانغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ قارىشى
بىردەك ئەمەس . تۈركىي خەلقلەر (بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ) مىللىي پىسـ-
خولوگىيە جەھەتتە كونىلىقتا مەھكەم يېپىشۋالمايدىغان ، يېڭىلىقنى
تېز قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇيغۇرلار
ئۆز تارىخىدا قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى ، سوغد يېزىقى ، مانى
يېزىقى ، تۇخار يېزىقى ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ، خەنزۇ يېزىقى ،
ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل
يېزىق قوللانغان . ئۇيغۇرلار جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىمۇ
شامان دىنى ، مانى دىنى ، زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى ، بۇددا
دىنى ، نېستۇرى (خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى ) دىنى ، ئىسلام
دىنىغا ئوخشاش كۆپلىگەن دىنىي قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولۇپ
كەلگەن . كۆپ خىل يېزىق ۋە كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىدېئولوگىيەلىك پىكىر قىلىش تارىخىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئالغا
يۈكسەلدۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ ، لېكىن قەدىمكى
يېزىق مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە بولغان تەبئىي
گارمونىك لىنىيەسىنى ئۈزۈپ قويدى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ
ئىزچىللىق مەسىلىسىدە ئېتىنىك جەھەتتىن بەزى چۈشىنىكسىزلىك
پەيدا قىلدى . ئەنە شۇ سەۋەبتىن ، قەدىمكى دەۋرگە خاس (ئادەتتە

خىرونولوگىيە پىرىنسىپى بويىچە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6- ئەسىر-دىن مىلادىيە 7- ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. يازما مەنبە-لەر بىزدە ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. ئورخۇن «مەڭگۈتاش» يازما يادى-كارلىقلىرى ۋە «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان ھەر خىل مەزمۇندىكى يازما ۋەسىقىلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمى-غاندا، 10- ئەسىردىن ئىلگىرىكى يازمان مەنبەلەر ۋە ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر-نىڭ كۆپچىلىكى دىنىي تەرجىمە ئەدەبىياتى بولۇپ، شامان، بۇددا، مانى، نېستۇرى، زوروئاستېر دىنى چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىق بولغان «خىرىستىيان دىنىنىڭ كىتابلىرى، مانى دىنىنىڭ دۇئالىرى ۋە دۇرۇت - مۇناجاتلىرى، بولۇپمۇ بۇددا نوم - سۇترالىرى بۇ چاغقىچە تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.»[1] لېكىن، ياقا تىللاردىن (بولۇپمۇ ئەنەتكەك تىلىدىن) تەرجىمە قىلىن-غان كىتابلاردىكى ۋەقەلەر، رىۋايەت - قىسسىلەر ئۇيغۇر مۇھىتىغا سىڭىشكەندە ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئاشۇ خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك قاراشلىرى بىلەن سۇغى-رىلىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فولكلور ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئېپتىدائىي ئەپسانە - ئاساتىرلار ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئورگانىك يوسۇندا بىرىكىپ كەتكەن.

9- ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىيات بىر مەزگىل ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھران ئىچىدە قىسىر قالغان ئۇيغۇر يازما مەدەنىيەت تارىخىنى پارتلاش باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا بىرقە-

---

[1] كارتىس: «جۇڭگودا مەنبەنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى» دىن.

دەر سىستېمىلاشقان ۋە تاكامۇللاشقان دۇنىياۋى ئەدەبىيات دەۋرى باش-لىنىپ ، ئىنسانىيەت ئالىمى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تەك بىر - بىرىگە ئۇلاشقان شەرق مەدەنىيىتىنىڭ سەرخىل مېۋىلىرىدىن لەززەتلىنىشكە نائىل بولدى . ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» دېگەن مۇناسىپ نام بىلەن ئاتالغان «قاراخانىيلار دەۋرى» يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئالا-ھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق ، ئۇ ئۆزۈلمەس دولقۇندەك ئىزچىللىقى ۋە ئارگىناللىقى ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مول ماتېرىيال ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ رېئالىزملىق ۋە ئاكتىپ رومان-تىزملىق روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك پىكىر قىلىش ئەنئەنىسىنى بەدىئىي ئەدەبىيات شەكلى بىلەن تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرغانلىقىنى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز .

قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى ھېسابلانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئالەمشۇمۇل مۇ-ۋەپپەقىيەتلىرى ئەلۋەتتە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارغا باغلىق . ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا ، دۇنيادىكى بارلىق ئىستېداتلىق يازغۇ-چىلارغا ئوخشاش قەشقەرلىك مەھمۇد بىلەن خاقانىيە ئۆلكىسىدىن ھاجى يۈسۈپ (يۈسۈپ خاس ھاجىپ نامى بىلەن دۇنياغا تارالغان ) نىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشقان بەدىئىي ئەدەبىيات غايىلىرى ۋە ئېستېتىك قا-راشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئى-جادىيىتىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەنلىكى بىلەن ، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر .

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» گەرچە دۇنيادى-كى تۇنجى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق توغرىسىدىكى يېگانە دەستۇر بولسىمۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىلمىي قامۇسى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىجتىما-ئىي فورماتسىيەنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆرسىتىدىغان مۇقەررەر تەسىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى . ئالىم مەھمۇد

كاشغەري «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈشتىن بۇرۇن پۈتكۈل «خاقانىيە» ئۆلكىسىنى، جۇملىدىن قەشقەر، ئىلى، يەتتىسۇ ۋە ئىسسىقكۆل بويلىرىنى، قىرغىز - تاتار دالىلىرىنى، بۇلغار - قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ - ئوغۇز يېزىلىرىنى، دوغلات - دولۇن ۋادىلىرىنى...... كېزىپ ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئۇلۇس- ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشتى؛ تۈرلۈك تىل پاكىتلىرىنى، شېئىر - قوشاقلىرىنى، ماقال - تەمسىللىرىنى، ھېكمەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنى، تارىخىي قىممىتى بار ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى...... توپلىدى ۋە ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈركىي تىللارنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى («تۈركىي تىللار دىۋانى» غا 300 پارچىغا يېقىن ھەر خىل تېمىدىكى خەلق قوشاقلىرى، 200 دىن ئارتۇق پەلسەپىۋى ئەھمىيەتلىك ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا ئائىت 10 نەچچە پارچە ئەپسانە - رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن). بىز پەقەت ئەنە شۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي پارچىلار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پارلاق ئۈلگىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز. مۇشۇ نۇقتىدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە سىستېمىلىق ئىشقا ئاشۇرغان بۈيۈك زات دەپ باھا بېرىشكە ھەقلىقمىز.

قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي ھاياتىنى ئىلىم، ئادالەت، ئەخلاق ۋە قانۇن بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك دەستۇرى، پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت دەرسلىكى دەپ قارالغان، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، داڭلىق جامائەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىمۇ تاسادىپەن بارلىققا كېلىپ قالغان ئەمەس؛ سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ھاجى يۈسۈپ ئۇلۇغ ئەدىب

سۆپىتىدىلا ئەمەس ، بەلكى مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر سۆپىتى-
دە ، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيەلىك پىكىر ئېقىمىدا
نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ پارلىغان «فارابىئىزم»[1] تەلىماتلىرىنىڭ
ئىخلاسمەن ۋارىسى ئىدى . ئوبيېكتىپ جەھەتتە ، ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ
يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئوب-
يېكتىپ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نامايان
بولغان مىللىي ئىدېئولوگىيەلىك پىكىر ئېقىمى بىلەن خەلقچىللىق
روھ ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق غايە ئاپتورنىڭ تەرەققىيپەر-
ۋەرلىك قاراشلىرىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى . بۇ ئىككى ئامىل
بىرلىشىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگىكىنى
ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى . «قۇتادغۇبىلىك» تە
ئالغا سۈرۈلگەن دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر
كۆزقاراشلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي
ئىدېئولوگىيەلىك ئەنئەنىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئاساستا
ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام
شەرقىنىڭ بۇ ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرى (ئىلىم - مەرىپەت ،
ئىنسانپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق ، ئادالەت ، ئەخلاق - پەزىلەت ، تەڭ-
لىك - باراۋەرلىك ، ھاياتقا مۇھەببەت...... ) شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ
ئومۇمىي كىشىلىك خاراكتېرى بولۇپ ، قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ
ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى .

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئاغزاكىلىق ، كوللېكتىپچان-
لىق ، ئۆزگىرىشچانلىق ۋە ۋارىسچانلىقتىن ئىبارەت تۆت زور ئالاھى-
دىلىكى بويىچە ، ئۇ ھېچقانداق بىر كىشىگە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمى-
سىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەلگىلىك ئىنسانلار
توپىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى

[1] فارابى تەرىپىدىن «كالام تەلىماتى» غا زىت ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىئەت پەلسەپىسى ، ئالەم نەزەرىيەسى ، بىلىش نەزەرىيەسى ، مەنتىق ۋە ئىجتىمائىي پەلسەپە ، ئەركىن تەپەككۇر ۋە راتسىيونا-لىزم قاتارلىق بىر پۈتۈن ئىزچىل تەلىمات ئىلىم دۇنياسىدا فارابىئىزم دەپ ئاتالدى .

مەنتىقلىق ، ماتېماتىكىلىق ، تەسەۋۋۇرلۇق ، ئوبرازلىق تەپەككۇر
شەكلى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىلەن تەك-
-رار شۇغۇللىنىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا ، ئۇ ئىدىيە-
ۋى مەزمۇن جەھەتتە ئەڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئېتنوگرا-
فىيەلىك ئارگىناللىققا ئىگە بولىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، خەلق كاتېگورد-
يەسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبى-
لىك » ئەسىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ھەر ساھە
بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچەملىك غايىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئاۋام
خەلق ئىجادىيىتىدىكى تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ، بىر پۈتۈنلۈك-
كە ، تاشقى ۋە ئىچكى گارمونىيەلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي پىكىر
قىلىش ئىزچىللىقىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .
بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا
خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەند - نەسىھەت خاراكتېرلىك قوشاق-
لىرىنىڭ تېمىسى ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داس-
تانىدا يارىتىلغان تۆت كونكرېت ئوبراز — كۈنتۇغدى بىلىگ ، ئايتول-
دى ۋەزىر ، ئۆگدۈلمىش ئۇستاز ، گۈزەل ئەخلاقلىق ئودغۇرمىش
ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان غايىۋى پىكىر مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى
تەبىئىي باغلىنىشنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك كۇپايىلىنىدۇ :

ئالغىل ئوگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە ،
بويىدا ئولۇغ بىلىگە بولۇپ بىلگىڭ ئولە .

(ھازىرقى مەنىسى )
ئەي ئوغۇل ، مېنىڭ نەسىھەتىمگە قۇلاق تۇت ،
پەزىلەتلەر تىلە ، ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول ،
بىلىمىڭنى تارقات .

بىلىگ ئەرىك ئەدگو تۇتۇپ سۆزنى ئەشت ،
ئەردە مېنى ئوگرە نبەن ئىشقا سورا .

(هازىرقى مەنىسى )
بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ، سۆزىنى ئاڭلا ،
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر .

ئەردەم تىلە ئورگەنبەن بولما كوۋەز ،
ئەردەمسىزىن ئوكۇنسە ئەگمە گۇدە ئەڭەر .

(هازىرقى مەنىسى )
ئىلىم ـ ھېكمەت ئىزدە ، ئۆگىنىشتە مەغرۇرلارنىما ،
نادان كىشى ماختانسا ، سىناق ۋاقتىدا مات بولۇپ قالىدۇ .
( «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن )

ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملۇققا ئىگە بولغان ئەقلىيە خاراكتېرلىك بۇ خىل پىكىرلەر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىغا سىڭىشىپ ، ئۇنىڭدا تېخىمۇ راۋاجلانـ غان ۋە سىستېمىلاشقان :

ئوقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر ،
بىلىگ كىمدە بولسا ، بەدۇكلۇك ئالور .

(هازىرقى مەنىسى )
ئەقىل ـ ئىدراك قەيەردە بولسا ، ئۇلۇغلۇق (شۇ يەردە ) بولىدۇ ،
كىمدە بىلىم بولسا ، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئېرىشەر .

ئوقۇشلۇق ئوقار ، ئول بىلىگلىگ بىلىر ،
بىلگىلى ، ئوقۇغلى تىلەككە تەگىر .

(هازىرقى مەنىسى )
ئەقىللىك ئوقالايدۇ ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ ،
بىلىملىك ، ئەقىللىك كىشىلەر تىلىكىگە يېتەلەيدۇ .

ئوقۇش بولسا ئەركە ، كور ، ئاسىغى ئوكۇش ،
بىلىگ بىلسە ئوترۇ بولۇر ئەركۇ سۈش .

(هازىرقى مەنىسى )
ئەقىل - ئىدراكىنىڭ كىشىگە پايدىسى نۇرغۇن ،
بىلىم بىلگەندىن كېيىن ئادەم قەدىرلىك بولىدۇ .
( «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن )

بىلىم ئارقىلىق ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولۇپ ، نادانلىقنى تەرك ئېتىش ، بىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش ، مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇت ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ ، پاراۋان ۋە بەختىيار غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىققا ئىگە پىكىر مەزمۇنى بولۇپ ، ئۇ ئاشۇ خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ (فارابىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ، ئەخلاق پەلسەپىسى ۋە سىياسىي پەلسەپىنىڭ ) ئاساسىي گەۋدىسى ئىدى . شۇڭا ئۇ ، مۇقەررەر هالدا ئىنسانلار بىلىشىنىڭ بىر قىزىل يىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىغا تۇتاشتۇرۇلدى . ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن بۇ گارمونىيەلىك پىكىر ئېقىمى يازغۇچىلار ئەدەبىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ ، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىدە تېخىمۇ كونكرېتلاشتى .

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئاممىۋى هالدا ئورتاق شەكىللەنگەن پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تۇرمۇش كۆزقارىشىنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت بولغاچقا ، ئۇنى هېچقانداق كۈچ ئۈزۈپ تاشلىيالمايدۇ ، بەلكى ئۇ خەلقنىڭ يۈكسەك ئەقىل-

پاراستىنىڭ سەرمەرىسى سۈپىتىدە هامان ئۆزىدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىيات ، جۈملىدىن باشقا ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئىجتىما-ئىي ، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئارقى-لىق مەيدانغا كەلگەن قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىمۇ ۋاسىتىلىك ھالدا ئەنە شۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن ئالاھىدى-لىكىنى تولۇق نامايىش قىلالىدى .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى گۈللىنىشتىن خارابلىششقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا ياشىدى . ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ھاكىمىيەت ئىشىغا ئارىلاشماي ، ھاياتىنى خەلق ئارىسىدا ، تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئۆتكۈزدى ، بۇ ھال شائىرنى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى چۈ-شىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . نەتىجىدە ئۇ كۈچلۈك رېئالىس-تىك روھ بىلەن يىرىك - زەردابقا تولغان جاھالەتلىك دەۋرگە نەپرەت ئوقۇپ شىكايەت قىلدى ، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىلىش شەكلى ئارقىلىق يىغىنچاقلاپ ۋە ئۇنى ئېستېتىك پىكرىگە ئايلاندۇ-رۇپ ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىستىك روھىدىن ۋە خەلقچىللىق ئىدىيەسىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشىنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ .

دېمەك ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ، ئەھمەد يۈك-نەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەسىرىگە نەزەر تاشلىساق ، يۇقىرىدا ئىزاھلىغىنىمىزدەك ، ئۇلاردا بىر تەرەپتىن شەرقتە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پەند-نەسىھەت ، ئەدەپ - ئەخلاق ، تەلىم - تەربىيەگە ئائىت بىرنەچچە ئەسىرلىك يازما ئەدەبىي - بەدىئىي ئىرادىتسىيەگە ئاساسلان-

غانلىغىنى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ ۋاقىتلاردا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان دىداكتىك غايىلەرنى ، خەلق دانالىقىنى ئىپادىلىگۈچى ھېكمەتلىك سۆزلەر ، ماقال - تەمسىللەر ، مەسەللەر ، رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن . فولكلوردىن تەسىرلىنىش ، ئاشۇ پەيتتە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا مەلۇم بولغان ئىلىم - ئەدەپ ھەققىدىكى ھېكمەتلەردىن ئوزۇقلىنىش ھەر ئىككى ئەسەرنىڭ نام قازىنىشىدا ، بەدىئىي ئوبرازلىرىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ . دىداكتىك ئەسەرلەردە قوللىنىلغان خەلق ئاغزاكى ئىجادىي نەمۇنىلىرى ئۇنىڭدىكى دىداكتىك پىكىرلەرنى تەرغىب قىلىشقا خىزمەت قىلىدۇ . گەرچە بۇ خىل ئەدىبلەر فېئودال سىنىپ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ پىكىر يۈرگۈزسىمۇ ، دۆلەتنى باشقۇرۇشتا توغرىلىق ، ئادالەت ، ساخاۋەت كۆرسىتىش ، ئىنساب بىلەن ئىش تۇتۇش ، ئەل - يۇرتقا ھامىي بولۇشقا ئوخشاش دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق بايان قىلىدۇ . مەزكۇر ئەسەرلەردىكى بېخىللىق ۋە سېخىيلىق ، جاھالەت ۋە مەرىپەت ، ياخشىلىقنىڭ پايدىسى ، يامانلىقنىڭ زەرەرى توغرىسىدىكى ئۇگۇت - نەسىھەتلەر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يارالغان ماقال - تەمسىللەرگە تامامەن ماس كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەسەرلەردىكى ئىنساننىڭ ئەخلاقىي تەربىيەسىگە ئائىت پىكىر - مۇلاھىزىلەر ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ كەلمەكتە .

مەلۇمكى ، سىنىپىي جەمئىيەتتە پادىشاھ ، خان ، سۇلتانلارنى ئادالەتكە چاقىرىش ياكى ئادالەتلىك ، ئىنسابلىق ھۆكۈمرانلارنى ئارزۇ قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلغار غايىسى بولۇپ كەلدى . بۇ غايە ئالدى بىلەن خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىمۇ خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرىدىن كۆپلەپ نەمۇنىلەر كەلتۈرۈلگەن . مەسىلەن ، رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى » سىدا خەلق ھېكايە ۋە چۆچەكلىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، ئاپتور مۇئەييەن مەقسەت ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ پىششىقلاپ قايتا ئىشلىگەن . «قىسسەئى رابغۇزى» ئەسىرىدە بېرىلگەن ھېكايىلەر دىنىي

روھ بىلەن سۇغىرىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسى يەنىلا خەلقچىللىق ئىكەنلىكىنى، فېئودالىزم جەمئىيىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى پاش قىلغۇچى ئەدەبىي ھۆججەت ئىكەنلىكىنى بايقاش قىيىن ئەمەس. ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەر خەلق چۆچەكلىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ ئالىيجاناب سۈپەتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلگەن.

مەسىلەن: «قىسسەئى رابغۇزى» ئىچىدىكى «قارلىغاچ» ھېكايىسىدە تەسۋىرلىنىشىچە، نوھ پەيغەمبەر چۈشكەن كېمىنىڭ ئاستىنى چاشقان تېشىۋېتىدۇ. كېمىدىكىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. ئىنسانلارنى بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا يىلان ۋەدە بېرىدۇ ۋە خىزمەت ھەققىگە دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆشتىن تېپىپ كېلىشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. يىلان سۇغا شۇڭغۇپ، كېمىنىڭ چاشقان تەشكەن تۆشۈكىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە كولچا (يۆگۈلۈپ) بولۇپ تۆشۈكنى بېكىتىدۇ. ئەڭ تاتلىق گۆشنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن پاشا ئۆزىگە يولۇققان قارلىغاچقا: «ئادەم گۆشى پۈتۈن گۆشلەر ئىچىدە ھەم تاتلىق، ھەم شېرىن ئىكەن» دەپ ئېيتىدۇ. قارلىغاچ بۇنى ئاڭلاپ پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇپ گاچا قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۆزى يىلانغا: «ئەڭ تاتلىق گۆش قۇر پاقا (سۇ پاقىسى) نىڭ گۆشى ئىكەن» دەپ يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قارلىغاچ ئىنسان بالىسىنى يىلانغا يەم بولۇشتىن ساقلاپ قالغانىكەن. بۇ ھېكايە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «قارلىغاچ بىلەن پاشا» نامىدا ھازىرغىچە خەلق چۆچىكى سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

«قىسسەئى رابغۇزى» دىكى پارچە ھېكايىلەردە ئىنسانلارنى ياخشىلىق قىلىشقا، ئىنسابلىق، مېھرىبان، ساپ دىل، توغرا سۆزلۈك، ۋىجدانلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ. يەنە باشقا بىر ھېكايەتتە تەسۋىرلىنىشىچە، لوقمان ھېكىمنىڭ ئۇستازى ئۇنىڭغا: «بىر تال شېرىن گۆش، يەنە بىر تال ئاچچىق گۆش كەلتۈرگىن» دېگەندە، لوقمان ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاشلا قوينىڭ تىلى بىلەن يۈرىكىنى پىشۇرۇپ ئەكېلىدۇ. ئۇستازى ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغا-

دا ، لوقمان شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ : «گۆشنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەم تىل بىلەن يۈرەك ، يامىنى (ئاچچىقى )ھەم تىل بىلەن يۈرەكتۇر . » لوقمان ھېكمىنىڭ دانالىق بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن ئىنساننىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىشى ۋە يامانلىقىغا دۇچار بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يەنى قەلبىنىڭ پاكلىقى ۋە تىلىنىڭ راستلىقىغا ، توغرىلىقىغا باغلىق-لىقى تەكىتلىنىدۇ .

قەدىمكى زامانىدىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇي-غۇرلار قوشاقچىلىق ، فولكلور تېپىدىكى داستانچىلىق جەھەتتە ئالا-ھىدە كۆزگە كۆرۈنەتتى . ناخشا - قوشاق ، مۇزىكا - ئۇسسۇلنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ بۇ ئورتاقلىق قانۇنىيەت ئەنئەنىسىنى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئېخىمۇ پاساھەتكە يەتكەن 14- ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئېخىمۇ روشەن جارى قىلدۇردى . بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان لۇتفىي ، ئاتايى ، سەككاكى ، بولۇپمۇ نەۋايى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيەت گۈلزارلىقىدا ئۇزاققىچە يۈكسەك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى . ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «غەزەل ئەدەبىياتى» نى باشلاپ بەردى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلار تۇيغۇسىدىكى ئەڭ نازۇك ، ئورتاق سېزىم ھېسابلانغان مۇھەببەت تېمىسىنى جەمئىيەتنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەنزىرىسىگە تەتبىقلاپ ، مەڭگۇ سېھىرلىگۈچى كۈچكە ئىگە لىرىك كۈيگە ئايلاندۇردى .

يۈز جاپا قىلسا ماڭا ، بىر قەتلە پەرياد ئەيلەباد ،
ئەلگە قىلسا بىر جاپا ، يۈز قەتلە پەرياد ئەيلەرەم .

دېگەن ئوتلۇق مىسرالار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ۋە خەلقپەرۋەرلىكىنى ئالەمگە نامايىش قىلغان «چاغاتاي دەۋر » ئەدەبىيا-تىنىڭ پېشۋاسى ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ھايات

سەرگۈزەشتىسى چۈيۈەن ، لى بەيلەرنىڭ تۇرمۇش يولىدىن پەرقلەن-
مەيتتى . شۇ سەۋەبتىن ، نەۋايى بۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەسىرى
بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش
بولدى ، ئۆز ئىجادىيىتىدە خەلقنىڭ سەنئەت ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەت-
تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى كەڭ تېماتىكىلىق مەزمۇنى-
دىن ئوزۇقلاندى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن لىرىك غەزەللى-
رى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا قامۇسى «ئون ئىككى مۇ-
قام» نىڭ نەغمىلىرى بىلەن بىرلىكتە جاراڭلاپ ، تا ھازىرغىچە خەلق
ناخشىلىرى قاتارىدا ئەل ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە .

پىروفېسسور ئې . ئە . بېرتېلس نەۋايى زامانىدىكى فولكلۇر ھەق-
قىدە سۆزلەپ تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدى : «...... ئاشۇ
دەۋردە داستانلار ، لىرىك ۋە ھەجۋىي قوشاقلار ، چۆچەكلەر ئىنتايىن
كەڭ تارقالغانىدى . دېھقانلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى سان - ساناقسىز
ماقال ۋە تەمسىللەر بىلەن بېزەلگەنىدى . ئەپسۇسكى ، بۇ بايلىقلارنىڭ
كۆپىنچىسى قەلەمگە ئېلىنمىغان . بىز پەقەت ئۇلاردىن ھازىرغىچە
يېتىپ كەلگەن بەزى نەمۇنىلىرى ھەققىدىلا پىكىر يۈرگۈزەلەيمىز . »[1]

نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىگە كىرگەن داستانلىرىدا پەرھاد - شې-
رىن ، لەيلى ۋە مەجنۇن ھەققىدىكى شەرقتە قەدىمدىن ئەل ئارىسىدا
تارقالغان ، يازما ئەدەبىياتتا مەلۇم ئەنئەنىگە ئايلانغان ئەپسانىلەردىن
تارتىپ كىچىك ھەجىمدىكى ھېكايىلەرگىچە مىساللار كەلتۈرۈلىدۇ .
ئۇنىڭ بۇ ئەدەبىي قامۇسىدا خەلق ئاغزىدا كۆچۈپ يۈرگەن فولكلور-
نىڭ خىلمۇخىل مەزمۇندىكى ماتېرىياللىرى شائىر ئىلگىرى سۈرگەن
غايىۋى مەقسەتنى بەدىئىي تۈستە گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدۇ . بۇ ھەقتە نەۋايىنىڭ ئۆزى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ
مۇقەددىمىسىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغانىدى :

يازماقتا بۇ ئىشق بابىدا نە ،
مەقسىتىم ئەمەس ئىدى پاسانە .[2]

---

① ئې . ئە . بېرتېلس — «نەۋايى ۋە خەلق ئىجادى» رۇسچە ، 1965- يىلى نەشرى .
② پاسانە — يېڭى شەكىل ، فورما ، مودېل ، تاشقى كۆرۈنۈش .

مەزمۇنغا بولدى روھ مەيلى ،
ئەپسانە ئىدى ئۇنىڭ تۇپەيلى .
لېكىن چۇرەقەمگە كەلدى مەزمۇن ،
ئەپسانە ئۇنىڭ لىباسى مەۋزۇن .①

«خەمسە» نىڭ خەلقچىللىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە سۆزلىگەندە ، ھەممىدىن ئاۋۋال ھەممە ئىشتا ئىنساب ، ئادەمگەرچىلىك ، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ بەرقارارلىق مەسىلىسى دىققەت مەركىزىدە تۇرىدۇ . ئۇنىڭدا ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ زاتنىڭ قەدىر - قىممىتى ، ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى مىزان قىلىپ ئېلىنىدۇ . «خەمسە» ئىچىدىكى داستانلاردا پادىشاھنىڭ ئىنسابلىق ، ھەققانىيەتچىل ، خەلقپەرۋەر ، ئادالەتلىك بولۇشىنى ئەڭ مۇھىم مەسىلە دەپ قارايدۇ . چۈنكى ، شائىرنىڭ چۈشەنچىسىدە مەملىكەتتىكى زۇلۇم ۋە زورلۇقنى ، موھتاجلىق ۋە خورلۇقنى ، پادىشاھنىڭ ئادالەتلىك سىياسىتى بىلەنلا تەمىن ئېتىش مۇمكىن . نەۋايى خەلق ھېكايەتلىرى ، ماقال - تەمسىللىرىنى ئىشلەتكەندە ھەمىشە شۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ . «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا «بەھرام گور» ئەپسانىسىدىن پايدىلىنىدۇ ، شائىر بۇ ئەپسانە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئادىل شاھ» غايىسىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ ياكى كىشىلەرنىڭ تەڭلىك ھەققىدىكى ئىدېئالى «ئىسكەندەر بىلەن ئۇل گاداھلىق ئىختىيار ئەتكەن پادىشاھ ھېكايىسى» ئەپسانىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالىم بېرتېلس : «ئەپسانە ۋە نەقىللەر تۇمانى ئارىسىدا ئىسكەندەرنى ئىدېئال ھۆكۈمدار سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى» دەپ يازغانىدى .

«ئادالەتلىك شاھ» غايىسى كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە فولكلوردا ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن . فېئوداللىزمنىڭ راۋاجلانغان دەۋرىدە مەركەزلەشكەن فېئودال ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا گەرچە ئىدېئالىستىك ئۇسۇلدا بولسىمۇ

① مەۋزۇن — كېلىشكەن ، خۇش قامەت ، گۈزەل .

«ئادالەتلىك شاھ» غايىسىنىڭ شۇ يوسۇندا يېتەكچى مەسىلە قىلىپ قويۇلۇشى غايەت زور مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇ نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ، نەۋايى ئەسەرلىرى ۋە ئېپوسلاردا مېھنەت ئەھلى ئۇچۇن باش قاتۇرىدىغان مېھىر - شەپقەتلىك ، خەلقنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى ئادالەتلىك شاھ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇلار ئارقىلىق مەملىكەت ھۆكۈمدارلىرىنى يۇرتنى ئاۋات ، خەلقنى پاراۋان ، خاتىرجەم قىلىشقا ، ئىنساب بىلەن ئادىل ئىش كۆرۈشكە چاقىرىش تېمىسى ئەلۋەتتە ئىلغار غايە ئىدى .

ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىدە ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ، جۇملىدىن خەلق ئىجادى ۋە ئۇنىڭ ئايرىم ژانىرلىرى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار كۆپ ئۇچرايدۇ . گەرچە شائىر بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازمىغان بولسىمۇ ، تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەر بىلەن مەسخىرىۋازلار ، غەزەلخانلار ، قورچاقۋازلار ، لەتىپىچىلەر ۋە مەدداھلار توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجادىدىن ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ . مەسىلەن : «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا شېرىننىڭ پەرھادقا يازغان خېتىدە خەلق قوشاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىجادىي ئىشلەتكەن :

كۆرۈپ خارۇ - خەس ئورنىدا نىھانى ،
ساچىم بىرلە سۇپۇرسەم ئانى .
چۈبىلسەم گەردىدىن ، كۆڭلۇمدە قايغۇ ،
يەر ئۇررە ئەشكىدىن سەپسەم ئىدى سۇ .

سۆيۈملۈك يار ساداقىتىنىڭ ، ھەمدەردلىكىنىڭ بۇنداق غايەت نازۇك ۋە سەمىمىي ئىپادىلىرىنى ئادەتتە خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن بولىدۇ . يۇقىرىقى پارچە ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى :

يارىم يۇرگەن كوچىلارنى
سۇپۇرەي ساچىم بىلەن .

چېكى چىقسا سۇ سېپەي
كۆزدىكى ياشىم بىلەن .

دېگەن پارچىنىڭ باشقىچە شەكىلدە ئۆزلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت ، شۇنداقلا نەۋايى يەنە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا كۆپ تەكرارلىنىدىغان

دەم شۇ دەمدەر ئۆزگى دەمنى دەم دېمە ،
باشىڭ ئىسەن ، دۆلىتىڭنى كەم دېمە .

دېگەنگە ئوخشاش تەييار پارچىلارنى غەزەللىرى ئارىسىدا سىڭدۈرۈپ ، ئۆزىگە خاس يازما مىراسلارنى يارىتىدۇ .

ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، بۈيۈك شائىر ئۆزىنىڭ ئىلمىي ، ئىجادىي ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ دانىشمەنلىكىنى ئىپادىلىگۈچى ھېكمەتلىك سۆزلەر ، ماقاللارنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوللانغان بولۇپ ، ئۇلار خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن . ئادەمگەرچىلىك ، ئەدەپ - ئەخ- لاق ، ئاتا - ئانىغا ئىززەت - ھۆرمەت ، دوستلارغا مېھىر - شەپقەت ، ئار - نومۇسلۇق بولۇش ؛ راستچىللىق ، ۋاپا ۋە ساداقەتنى ئۇلۇغلاش ، شۇنىڭدەك پەسكەشلىك ، ۋىجدانسىزلىق ، خۇشامەتچىلىكنى ئەيىبلەش- كە قارىتىلغان سۆزلىرى ناھايىتى چوڭ تەربىيەۋى ۋە مەرىپەت قىممى- تىگە ئىگە . شۇ سەۋەبلىك ، ئۇلار ئەسىرلەر بويى ياشاپ ،ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە ، ئەۋلادلارنى ئالىيجاناب پەزىلەتلىك روھتا تەربىيەلەشتە قىممىتىنى نامايان قىلماقتا . ئۇلۇغ شائىرنىڭ غەزەللى- رىدە خەلق ماقاللىرى كۆپىنچە بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا بې- رىلگەن ، بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى مىسرادا ئېيتىلغان پىكرىنى خەلق ماقالى بىلەن تەستىقلىغان . مەسىلەن :

ئىشق ئوتۇڭنى يوشۇردۇم ، ئەل ئارا يايدى رەقىب ،
كىم ئىستىمنى نىھان تۇتسا ، قىلۇر مەرگ ئايان .

(تېمىغا ئىزاھ : ئىستىما — كېسەللىك بەلگىسى ، نىھان — يوشۇرۇن ، مەرگ — ئۆلۈم ، ۋاپات ) بۇ غەزەلدە «كېسەلنى يوشۇر-

ساڭ ، ئۆلۈمىڭ ئاشكارا »دېگەن ماقال ئۆزلەشتۈرۈلگەن .

يەردىن دېسە قىزىپ چىقىراي ؛ يەر ئىرۇر قاتتىق ،
كۆك كاندىن دېسەكى ئۆلەي ، كۆك يىراق ئىرۇر .

بۇ پارچىدا «ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق » دېگەن تەمسىل ئۆز-لەشتۈرۈلگەن .

يۇقار يامانلىغ ئاۋا كىم ، كىرەر يامان ئەل ئارا ،
كۆمۈر ئارا ئىلىك قىلۇر ئىلىگىنى قارا .

مەزكۇر غەزەلدە «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار ، يامانغا يو-لۇقساڭ يالىسى يۇقار » دېگەن ماقال ئەنە شۇنداق باشقىچە جىلۋىلىن-دۇ .

ئەلىشىر نەۋايى خەلق ماقاللىرىدىن ئىجادىي ئوزۇقلىنىپ ، ئۆزى ھەم ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك ئىبارىلەرنى ياراتقانلىقى بىلەن ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر . ئۇنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب » ئەسە-رىدە بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن :

△ تىلىگە ئىختىيارسىز — ئەلگە ئېتىبارسىز .

△ ۋاپاسىزدا ھايا يوق ، ھاياسىزدا ۋاپا يوق .

△ بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم ، ئارلىنىپ سورىمىغان زالىم .

△ ئاز - ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر ، قەترە - قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر .

△ ياخشى لىباس تەنگە ئارايىش ، ياخشى يولداش جانغا ئاسايىش .

△ ئىلىم ئوقۇپ ، قىلمىغان ئەمەل مەقبۇل ،
دانە ساچىپ ، كور تەمەدى مەھسۇل .

△ ئەركىشىگە زىبۇ - زىننەت ھېكمەت ۋە دانىشتۇر .

ئومۇمەن ، فولكلوردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسى-تىشتە ھەزرىتى نەۋايىنىڭ ئىجادى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەس-

سە قوشقان نەۋايىنىڭ زامانداشلىرىدىن خارەزمى ، سافائى ، قۇتفى ، ئەھمىدى ، ئاتايى ، سەككاكى ، لۇتفىي ھەمدە ئايازبەك قوشچى ، زەلى- لىي ، گۇمنام (ھىرقەتىي) ، نەۋبەتىي ، نىزارىي ، غېرىبى ، سەبۇرى ، موللا بىلال قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئىجادىدىمۇ فولكلورنىڭ تەسىرى ئېنىق كۆرۈلىدۇ .

نەۋايىنىڭ كامالەتكە يەتكۈزگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى نامايەن- دىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تېپىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىلىرىنى ئاساس قىلغان مىللىي ئۇسلۇب ۋە خاراكتېرگە ئىگە داستانچىلىق ئىجادىيىتى راۋاجلاندى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا نەۋايىدىن كېيىن داستانچىلىق ساھەسىدە يەنە بىر قېتىم تەنتەنە قىلغان ئىككىنچى نامايەندە — ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ئۆز ئىچىگە «رابىيە - سەئدىن» «ۋامۇق - ئۇزرا» «مەھزۇن- گۇلنىسا» ، «مەسئۇد- دىلارا» ، «چاھار دەرۋىش» (بۇنىڭ ئىچىدە بەش كىچىك داستان بار) ، «پەرھاد - شېرىن» ، «لەيلى - مەجنۇن» «بەھرام گور» ...... قاتارلىق 18 داستاندىن ئىبارەت بولۇپ ، جەمئىي 48 مىڭ مىسرا . 18 داستان- نىڭ ئىچىدە «رابىيە - سەئدىن» دىن باشقىسى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ھېكايە - رىۋايەت- لەرنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلغان ياكى ئۆزىدىن بۇرۇنقى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن شۇ ناملىق داستانلىرىنى ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب ۋە جانلىق ئىدىيەۋى مەزمۇنلار بىلەن ئىجادىي بېيى- تىپ ، رېئاللىق بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان . مۇشۇ نۇقتىدا نىزا- رىينى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزمنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ پۈتكۈل نەزمىلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس ئۇسۇل بىلەن ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ رېئال كارتىنىسى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن . بۇ جەھەتتە يەنە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ بوران- چاپقۇنلۇق يىللىرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن تالانتلىق شائىر موللا بىلال (نازىم) نىڭ

ئىجادىيىتى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تارىخى-دا «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرىي دىۋانىدىن باشقا ، «غازات دەر مۇلكى چىن» ، «نوزۇگۇم» ، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» قاتارلىق داستان-لارنى يازغان . بۇ داستانلارنىڭ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى ، موللا بىلال داستانلىرىدا شائىر ياشاپ تۇرغان دەۋرلەردە خەلق ئارى-سىدا پەيدا بولغان رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان .

نەتىجىدە ، ئۇ ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ ، «تەيپىڭ - تيەنگو» ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە 1867- يىلىدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلدى . بۇ ھال موللا بىلالنىڭ يالقۇنلۇق رېئالىست بولۇپ يېتىلىشىگە ئاساس بولدى . بۇ جەھەتلەردە ئۇنىڭ «نوزۇگۇم» قىسسىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر . ئۇ قىسسىدە خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان 19- ئەسىردىكى جاسارەتلىك ، ئەركسۆيەر ، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى . ئالىي ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن قىسسىنىڭ باش قەھرىمانى نوزۇگۇم تارىخىي شەخس بولۇپ ، موللا بىلال ئۇنى خەلق ئارىسىدىكى نوزۇگۇم قوشاقلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان . ئاپ-تور ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە يازغان بېغىشلىمىسىدا خەلق ئارىسىدا يارىتىلغان بۇ رېئال قىسسىگە ھېچقانداق رەڭ بەرمەستىن ، نوزۇگۇم ئوبرازىغا سادىق بولغانلىقىنى «خوتۇن - قىزلارنىڭ شۇنداق پائالىيىتىدىن جەننەتمۇ كامال تاپىدۇ» غانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھ-مىيەتكە ئىگە .

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئۈستىدە سۆز ئاچقاندىمۇ ئۇنىڭ يۇقىرىقى قانۇنىيەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەسلى-كىنى ئېيتىش مۇمكىن .

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ۋە

ئىدىيەۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، ئاساسلىق قىسمىنى شەرق فولكلو-رىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە فانتازىيەلىك ھېكايىلەر تەشكىل قىلىدۇ ، شۇنداقلا يەنە نەسرىي يول بىلەن بايان قىلىنىغان ھەر خىل تەزكىرە ئەدەبىياتلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، بۇنداق ئە-سەرلەردە خەلقنىڭ رىۋايەت - ئەپسانىلىرى تارىخ بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن .

خەلقنىڭ رىۋايەت - ھېكايىلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن نەسرىي ئەسەرلەرگە يەنە موللا يۇنۇس ياركەندىينىڭ مىلادىيە 1755- يىلى يازغان «يۇسۇپ - زۇلەيخا» قىسسىسى (نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان ) ، يەكەنلىك ئۆمەر باقى تەرىپىدىن مىلادىيە 1792- يىلى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان «پەرھاد - شېرىن» ، «لەيلى - مەجنۇن» قىسسىلىرىنى ھەمدە مىلادىيە 1849- يىلى موللا سانجار ئىبنى ئىبرا-ھىم كاشغەرىي تەرىپىدىن رەتلەنگەن «جامىئۇل ھېكايەت»قاتارلىقلار-نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا تېما جەھەتتىن كۆرسەتكەن تەسىرى يالغۇز كىلاس-سىك ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ .

روشەنكى ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللاردىن بىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-تىنىڭ ئىلغار ئىرادىتسىيەلىرىدۇر .

يازغۇچىلارنىڭ فولكلور ئەنئەنىلىرىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ، دۇنيا قاراش ۋە ماھارىتى قاتارلىقلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك .

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تولۇق خەلقچىللىقى ، جەڭگىۋارلىقى ۋە يۇكسەك غايىۋىلىكى ئۇچۇن كۇرەش قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنى تىكلەشتە جان پىدالىق كۆرسەتكەن ئوت يۇرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، نىمشېھىت ئارمىيە داموللا ، يازغۇچى زۇنۇن قادىر قاتارلىقلار خەلق ئاغزاكى ماتېرىياللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشتا نەمۇنىلىك خىزمەت كۆرسەتتى ۋە بۇ جەھەت-

لەردە خاس ئۇسلۇب ياراتتى . ئۇلارنىڭ دەۋرنىڭ ئەكس ساداسى بولغان ئىنقىلابىي جەڭگىۋار مارشلىرى خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا يارىتىلغانلىقى ئۇچۇن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالدى .

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «تاھىر - زۆھرە» «چىمەنگۈل» ، «سام-ساق ئاكام قايىنايدۇ» قاتارلىق دراما ئەسەرلىرى بىۋاستە ئۇيغۇر خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرى ۋە رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان ياكى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى ئۆزىگە سىڭدۇرگەن .

تالانتلىق شائىر نىمشېھىت شېئىرلىرىنىڭ خەلق قەلبىدە مەڭ-گۈلۈك ئىز قالدۇرالىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلى-قىدا ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ :

تال چىۋىقتەك بويۇڭغا ،
قىرغاۋۇلدەك خۇيۇڭغا ،
كۇچۇم يەتمەي تويۇڭغا ،
يېشىم سۇدەك ئاققان قىز .

قىلىچ ئوخشاش قېشىڭدىن ،
مەن ئايلىناي بېشىڭدىن .
يىراق قىلما قېشىڭدىن ،
كۇلۇپ قويۇپ قاچقان قىز .

( «قىز» ناملىق شېئىردىن )

يۇقىرىقى پارچىلارنىڭ مەزمۇن قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ شەكىل ۋە بەدىئىي ۋاستىلىرىگىچە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا شۇنچىلىك يېقىنكى ، ئۇنى خەلق قوشاقلىرىدىن پەرقلەندۇرۇش قىيىن .

تالانتلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ پىروزا ۋە دراما ئىجادىيىتە-

ـدە ، جۈملىدىن بىر قىسىم شېئىرىي مەسىلىلىرىدىمۇ بۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن ، شۇنداقلا پېشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا جەڭگىۋار ، ئوتلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك غايىلەرنى تەرغىب قىلىشىدا فولكور ئەنئە- نىلىرى ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن .

شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى ، پەقەت ئازادلىقتىن كېي- يىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭىچە قەدەم تاشلاندى . ئازادلىقتىن كېيىن يېتىشىپ چىققان كۆپلى- گەن شائىر ۋە يازغۇچىلىرىمىز ئاڭلىق ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى- نىڭ تېمىسى ۋە سۇژىتى ئاساسىدا بىر قاتار ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلى- دى . يېڭىدىن سەھنىگە چىققان «غېرىب- سەنەم» ، «پەرھاد - شې- رىن» «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق ئوپېرالار بۇ ساھەدىكى ئىجادىي تەجرىبىلەرنى بېيىتتى . شۇ نامدىكى خەلق داستانلىرى ۋە قىسسىلەر- دىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ، ئەركىنلىك ، باراۋەرلىك غايىلىرى ، ۋاپا ۋە ساداقەت ، چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغۇچى تېمىلارنى مەزكۇر دراما- تورگلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مەركىزىي مەسىلە قىلىپ قويدى . ئۇلاردى- كى ئاساسلىق لىرىك ناخشىلار ئەسلىدە خەلقىمىز ئارىسىدا يارىتىلغان ئاشۇ داستانلارنىڭ ناخشا كۇپلىرىدىن ئىبارەت .

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە ئون يىللىق تەجرى- بىسى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ سۇزۇك بۇلاقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ، ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئىجادىي ئۆگىنىپ ، يازما ئەدە- بىيات ئۇچۇن ئەڭ ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى تېپىپ ، ئۆلمەس بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشنىڭ ئاساسى قىلىشتۇر .

تېما جەھەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا بولغان ئىجابىي تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ، خۇددى كارنىي چوكوسكى

ئېيتقاندەك، تەتقىقاتچى ئۈچۈن يازغۇچى ئەسىرىدە ئۇچرىغان فوكلور
ئېلېمېنتلىرىنىڭ قەيەردىن ئېلىنغانلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ دەسلەپكى
مەنبەلىرىنى ئېنىقلاشتىن كۆرە، سەنئەتكارنىڭ مەزكۇر فولكلور نە-
مۇنىلىرىنى ئىجادىي ئىشلەش مېتودىنى تەھلىل قىلىش، قانداق قى-
لىپ فولكلور ماتېرىياللىرى ئاپتور قەلىمى ئاستىدا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ-
كىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، يەنى يازغۇچى ئۆز غايىسى ۋە ھېسلى-
رىنى ئىپادىلەشكە قانداق خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇ-
ھىمراقتۇر، ئەلۋەتتە تېما جەھەتتىكى بۇنداق ئىجابىي تەسىرنى يال-
غۇز بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىنلا ئۇچرىتىپ قالماستىن، سەنئەت-
نىڭ باشقا تۈر، ژانىرلىرىدىمۇ، مەسىلەن مۇزىكا سەنئىتى، ئۇسسۇل
سەنئىتى، ناخشا سەنئىتى، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق تۈرلەرمۇ بۇنداق
مۇقەررەرلىكتىن مۇستەسنا ئەمەس.

## 2. پارس، ھىندى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان پارس، ھىندى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى
ۋە ئەدەبىياتى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.
شۇڭا، بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن كۆرۈ-
نەرلىك. بۇ خىل تەسىر قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيىتى
ۋە ئەدەبىياتىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەلۋەتتە ئوب-
يېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئال-
غاندا، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان يېشىل كارىدور — قەدىمكى
«يىپەك يولى» دەۋرىدىلا «يېشىل مەرۋايىت» دەپ سۈپەتلەنگەن قەش-
قەر بىلەن ھىندى، پارس ۋە ئەرەب خەلقلىرى ئارىسىدا قويۇق سودا
ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلار، بولۇپمۇ
ھىندى ۋە پارس (تاجىك ۋە ئوردۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
ئەللىرى بىلەن قەشقەر رايونى چېگراداش بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا
يېقىن تارىخىي قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى، ھەتتا

قەدىمكى ساكلار مەدەنىيىتى چەمبىرى بۇ رايونلار مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق گېنى ۋە ئورتاق خېمىرتۇرۇچلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئومۇمىيلىق ۋە ئورتاقلىق بۇ رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئەل ئىچى ئەدەبىياتىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغان ۋە يېقىنلاشتۇرغان پىسخىكىلىق ئاساستۇر. مەلۇمكى، مىلادىيەدىن بۇرۇن ھىندى مەدەنىيەت چەمبىرىدە بارلىققا كەلگەن بۇددا دىنى قەشقەر رايونىدا 10 ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ھەمدە ئاشۇ تارىخىي دەۋرلەردە قەدىمكى سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) ۋە كۇسەن (كۇچا) لار بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي رايوندىكى مۇھىم مەركەزلىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب دۇنياسىدىكى ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىدا ئەڭ بۇرۇن قەشقەرگە كىرىپ، كەڭ تارقىلىپ قەشقەر رايونى ئۇزاققىچە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي رايوندىكى ئەڭ تىپىك مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

دېمەك، يۇقىرىقى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار پارس، ھىندى ۋە ئەرەب مەدەنىيەتلىرى بىلەن قەشقەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سىڭىشىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىسىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىز تۆۋەندە پەقەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتتە بۇ خىل تەسىرنىڭ تەپسىلاتىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

### بىرىنچى، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

دەۋر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىي دەۋرىنى ئېنىقلاش مۇمكىنچىلىكى يوق. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى بولغان ساك-

لار بىلەن ئىران ئارىيانلىرى بىللە ياشاۋاتقان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 — 7- ئەسىرلەردىكى ئورتاق جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا باغلىنىش مۇمكىن . بۇ دەل مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىردە 12 مىڭ كالا تېرىسىگە ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈلگەن زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەد- دەس كىتابى «ئاۋىستا» دا پارس - تاجىك كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئېپتىخارى ۋە پېشۋاسى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ (مىلادىيە 940 — 1020 ) مىلادىيە 977- يىلىدىن 1007- يىلىغىچە 30 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ ، «ئاۋىستا» نىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىپ چىققان 120 مىڭ مىسرالىق يىرىك داستانى «شاھنامە» دە ، مىلادىيە 11- ئەسىردە روياپقا چىققان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن زامانداش ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ، بۇ- يۈك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىمۇ قەيت قىلىنغان ، ئورخۇن ئابىدىلىرىدىن «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى» (مىلادىيە 732- يىلى كۆلتېگىننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن ) ۋە «بىلگەخاقان مەڭگۈتېشى» (مىلادىيە 735- يىلى تىك- لەنگەن ) دا ، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ تۈركلەرنىڭ نەسىل- كۆكى توغرىسىدا يازغان تارىخىي قىسسىسى «شەجەرەئى تەرەكىمە» دە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن تارىخىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە نامى زىكرى قىلىنغان تارىخىي رىۋايەتلىك شەخس ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا ) دەۋرىدۇر .

«شاھنامە» نىڭ «زال ۋە رۇدابە قىسسىسى» «ئىرانلىقلارنىڭ خىسراۋ ھۆزۈرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى» ناملىق بابىغىچە ، جەمئىي 5535 بېيىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر (قەدىمكى تۇرانلار ) نىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا خان ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرى بىلەن ئەپسانىۋى سۇلالە - كىيانىيلار سۇلالىسى ( « شاھنامە» دە زالىم شاھ زالىنىڭ ئوغلى رۇستەم پالۋان تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 932- يىللىرى قۇرۇلغانلىقى تەخمىنلىنىدۇ ) دەۋرىدىكى نەچچە ئەۋلاد ئىران شاھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەر خاتىرىلەنگەن . ئافراسىياپ ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ بىرقەدەر

تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن «شاھنامە» دىكى بۇ يازمىلارنىڭ دىققەتكە سازاۋەر تۇچكىسى شۇكى، ئاشۇ يىراق تارىخ مۇساپىلىرىدە تۇرانلار (ساكلار ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان تۇركىي تىللىق خەلق-لەر قەدىمكى سالنامىلەردا شۇ نام بىلەن ئاتالغان) بىلەن ئىرانىيلار-نىڭ ئورتاق جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا قاياش - قانداشلىق مۇناسىۋەت تورى ئىچىدە ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلاردۇر. «شاھنامە» دىكى ئافراسىياپقا ئائىت ۋەقەلىكلەرنىڭ سۇژېت ئىسخېمىسىدىن قا-رىغاندا، پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدە «ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئەجدادى» دەپ تىلغا ئېلىنغان يىما (كىيۇمارس) ئەپسانىۋى قىشىدا دىتلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى شاھى بولۇپ، ئۇنىڭ چەۋرىسى پەرىدۇن (تەھمور) نىڭ سا-لىم، تۇر، ئىراج ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بولغانلىقى مەلۇم. ئافراسىـ-ياپ بولسا توران يەرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى تۇرنىڭ نەۋرىسى دېيىلىـ-دۇ. ئىرانىيلار تارىخىدا ئەڭ كۆپ زىكرى قىلىنغان ۋە ئىران كىيا-نىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان رۇستەم پالۋان ئىراج (ئەڭ دەسلەپكى ئىران ۋە ئەرەب يەرلىرىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى) نىڭ پۇش-تى (ئىراجنىڭ چەۋرىسى) بولۇپ، تۇرانىيلارنىڭ شاھى ئافراسىياپقا كۈيئو ئوغۇل بولىدۇ. رۇستەمدىن سوھراپ ئاتلىق بىر ئوغۇل پەر-زەنت تۇغۇلىدۇ. ئافراسىياپنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان سوھراپ تۇرانلارغا سەركەردە بولۇپ، ئىرانغا يۈرۈش قىلىدۇ، جەڭدە دادىسى رۇستەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. سوھراپنىڭ نەۋرىسى (رۇستەمنىڭ چەۋرىسى) سىياۋۇشنى ھەسەتخور ئەمەلدارلارنىڭ ئىغۋاسى بىلەن ئافراسىياپ بىر جەڭدە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. سىياۋۇشنىڭ ئوغلى كەي-خىسراۋ (كىيانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھى) دادىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن بوۋىسى ئافراسىياپنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قەدىمكى گى-رېك تارىخچىسى ھېرودوت كەيخىسراۋنى ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بول-غان تۇمارىس سەركەردە ئۆلتۈرگەن دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. دېمەك، ئىراننىڭ ئەپسانىۋى سۇلالىلەر تارىخىدىكى كىيانىيلار سۇلالىسىدىن تاكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 550- يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 331-

يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئاھمانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان 300 يىلغا يېقىن مەزگىللەردە تۇرانىيلار بىلەن ئىرانىيلار ئوتتۇرىسىدا ئەجداد - ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش جەڭگى - جېدەللىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان . بۇ مۇرەككەپ ۋە سىرلىق تارىخىي جەريانلار بىزگە ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشتە تۇرانىيلار بىلەن ئىرانىيلار ئوتتۇرىسىدا ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقىدىن ئىما - ئىشارەت بېرىدۇ . كېيىنكى دەۋرلەرگىچە سوزۇلغان پارس مەدەنىيىتى ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ، بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر - بىرىگە سىڭىشىشى ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ يىراق تارىخىي مەنبەسى ئەنە شۇ بولۇشى مۇمكىن .

دەرۋەقە ، ئۇيغۇر ، بولۇپمۇ قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تارىخىي شەخس ئافراسياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) ، رۇستەم پالۋان ، جەمشىد ، تۇمارىس سىياۋۇش ، كەيخىسراۋ قاتارلىق شاھلار ۋە مىللىي قەھرىمانلار توغرىسىدىكى قىسسە - ھېكايەتلەرنىڭ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىشى بىۋاستە ھالدا پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە باغلىنىدۇ . «شاھنامە» ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر (تۇمارىس رىۋايىتى ، شىراق رىۋايىتى قاتارلىقلار ) ھەمدە جەمشىد ، پەرىدون ، رۇستەم پالۋان ، سىياۋۇش ، كەيخىسراۋ ، قانخور شاھ زال (زەھھاك ) قاتارلىق يېرىم ئەپسانىۋى ، يېرىم تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك قىسسىلەر پارس مەنبەلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋايىزلىق - مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ قىزىقارلىق تېمىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن .

بولۇپمۇ يەكەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىدا بىر مەزگىل پارس تىلى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن . بۇنىڭ بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ كۆپلىگەن ئوقۇمۇشلۇقلىرى پارس تىلىدىكى ئەسەرلىرىنى ، جۈملىدىن پارس خەلق ئەەبىياتىنىڭ يىرىك

نەمۇنىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ ياكى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بېيىتتى. پارس ئەل ئەدەبىياتىنىڭ قامۇسى بولغان فىردەۋسىنىڭ بۈيۈك «شاھنامە» سى يەكەنلىك شاھ ھىجران بىلەن ئەدىب خامۇشا-خۇن تەرىپىدىن مىلادىيە 1751 — 1752- يىللىرى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ، «شاھنامە تۈركىي» نامىدا كەڭ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رۇستەم، جەمشىد، ئىسكەندەر قاتارلىق داستانلار ۋە باشقا رىۋايەتلىك قىسسىلەر ئۇيغۇر ۋايىزلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۆپ زىكرى قىلىنىدىغان مەزمۇنى بو-لۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرچە «جەمشىدنامە»، «رۇستەم پالۋان»، «ئىسكەندەرنامە» قاتارلىق يىرىك تەقلىدىي ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلدى.

مەنبەئەشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، دۇنياغا مەشھۇر «پەرھاد - شېرىن» داستانىنىڭ دەسلەپكى رىۋايەتلىرىمۇ ئىراندا پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. بەزىلەر ھەتتا «ئاۋىستا» دىمۇ خىسراۋ نامى بىلەن باغلانغان «خىسراۋ ۋە شېرىن» رىۋايىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ، بۇ رىۋايەتلىك داستان تۇنجى قېتىم «شاھنامە» ئارقىلىق يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىلگەن. بىراق، ئۇنىڭ «شاھنامە» دىكى نۇسخىسىدا پەرھاد ئوبرازى يوق ئىدى. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىدىن كېيىن 12- ئەسىرگە كەلگەندە نىزامى گەنجىۋى (مىلادىيە 1141 — 1209- يىللار) «خىسراۋ ۋە شېرىن» ناملىق داستانىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ «خەمسە» سى ئىچىگە كىرگۈزدى. نىزامى بۇ داستانىغا پەرھاد ئوبرازىنى قىستۇرغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا باش قەھرىمان ئەمەس ئىدى. 15- ئەسىرگە كەلگەندە بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ پىرى ئەلىشىر نەۋايى 11 مىڭ 560 مىسرالىق «پەرھاد - شېرىن» داستانىنى يېزىپ «نەۋايى خەمسە» سى ئىچىگە كىرگۈزدى. نەۋايى بۇ داستانىنى يازغاندا بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئاددىي ئەمگەكچى پەرھادنى باش قەھرىمان ئوبرازى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ پاك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى-

نى ئەسەرنىڭ باش لىنىيەسى قىلدى، خىسراۋنى پەرھاد - شىرىن
تىراگېدىيەسىگە سەۋەب بولغۇچى نامەرد، خىيانەتكار تاجاۋۇزچى قى-
لىپ تەسۋىرلىدى. شۇندىن باشلاپ بۇ گۈزەل مۇھەببەت داستانى
ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۇيغۇر خەلق داستان-
چىلىرى تەرىپىدىن نەسرىي ۋە نەزمىي شەكىلدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.
ھەتتا ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن ئابدۇرەھىم نىزارىي، مەھزۇن، نىمشې-
ھىت ئارمىيە داموللا قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ تېمىدا مەخسۇس داستان -
قىسسىلەرنى يېزىپ، بۇ ئەسەرنى يەرلىك سۇژېتلار بىلەن بېيىتقان.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە موللا سانجار ئىبنى ئىبراھىم كاشغەرىي
مىلادىيە 1849- يىلى پارسلارنىڭ «بەختىيارنامە» ناملىق ھېكايە -
چۆچەكلەر توپلىمىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا خەلق
ئارىسىدىكى بىر قىسىم ھېكايە - چۆچەكلەرنى قوشۇپ «جامىئۇل
ھېكايەت» ناملىق خەلق چۆچەكلىرى مەجمۇئەسىنى تۈزگەن، موللا
مۇھەممەد تۆمۈر ياركەندىي 1709- يىللىرى ئەتراپىدا ھىندى كىلاس-
سىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نەمۇنىسى «كەلىلە ۋە دىمنە» نى، پارس
شائىرى مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» (
«ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە») ناملىق ئەسىرىنى، «يۈ-
سۈپ- زۇلەيخا» قىسسىسىنى، «ھۆرلىقا» داستانىنى پارس تىلىدىن
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلدى، 14- ئەسىردە ھىندىس-
تاندا ياشىغان خىسراۋ دېھلىۋى تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان
«چاھار دەرۋىش» ناملىق ھېكايەتلەر توپلىمىنى 18- ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدا قەشقەرلىك قاسىم بېگىم ناملىق ئەدىب ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە
قىلىپ تارقاتتى، بۇ ئەسەرنى يەنە خوجا ياقۇپ ياركەندىيمۇ تەرجىمە
قىلىپ تارقاتقان، 1737- يىلى قەشقەرلىك مىرپازىل كىچىك ساتى
ئىرانلىق مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندىشاھ ئىبنى مۇھەممەد مىرخۋەندى-
نىڭ «رەۋزەتۇسسەفا» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلغان، خوجا ياقۇپ ياركەندىي، موللا مۇھەممەد نىياز،
موللا مۇھەممەد ھەسەن ۋە مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم قاتارلىقلار «داستا-
نى مىھروماھ»، «دارانپاج»، «داستانى سەيفۇلمۇلۇك»، «داستان ما-

لىك ئەجدەر » ، «داستانى بوزرۇھ مېھىر » ، «ئىسكەندەرنامە » ، «تەر-
جىمەئى يۈسۈپ- زۈلەيخاجامى » قاتارلىق داستانلارنى پارس تىلىدىن
ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى ، مۇھەممەد سادىق يېڭىسارى
«مەجۇئەتولمۇھەقەقىن » ناملىق ئەسەرنى ، 1841- يىلى ئابدۇرۇسۇل
بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رېھىم ناملىق ئەدىب «تارىخى تەبەرى » نى ،
1853- يىلى موللا مۇھەممەد ھەسەن مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم دېگەن كىشى
«ئەجايىبۇلمەخلۇقات » ناملىق ئەسەرنى ، 1787- يىلى مۇھەممەد سىد-
دىق رەشىدىي ناملىق ئەدىب «قابۇسنامە » نى ، 1697- يىلى قەشقەر-
لىك نامەلۇم ئەدىب «قىسەسۇل ئەنبىيا » نىڭ پارسچە نۇسخىسى ،
1873- يىلى قەشقەرلىك نامەلۇم ئاپتور « مالىك ئەجدەر » داستانى ،
«قىرىق تۇتى » قاتارلىق ھېكايىلەر توپلىمىنى ، 1706- يىلى يەكەن-
لىك نامەلۇم ئەدىب «تارىخى بىناكى » ناملىق ئەسەرلەرنى······ پارس
تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ قول يازما شەكلىدە خەلق
ئارىسىغا تارقىتىشتى . پارس مەنبەلىرىدىكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپچى-
لىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان بو-
لۇپ ، ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى بىلەن بىرگەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن .
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاغزاكى ھالدا كەڭ تارقىلىپ قەشقەر مەدداھلىق
ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالغان «نوشىرۋان قىسسى-
سى » ، «لوقمان ھېكىم ھەققىدە ھېكايەتلەر » ، «قەھرىمانى قا-
تىل » ، «ھاتەم ھەققىدە قىسسە » ، «سەنۇبەر » قاتارلىق داستان ، قىس-
سىلەرمۇ پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۇرۇپ تەرجىمە
قىلىنغان .

### ئىككىنچى ، ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا- تىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەت-
كەن تەسىرى قەدىمكى «ساك مەدەنىيىتى » دەۋرىدىلا باشلانغان . مىلا-
دىيەدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردە شىمالىي ھۇنلارنىڭ قىستىشى ۋە
تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ساكلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ پامىر ۋە
قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان ، ھەتتا ئۇلارنىڭ

ئاساسلىق گەۋدىسى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ھىندى تۇزلەڭلىك-
لىرىگە ماكانلىشىپ ، ئۇ يەرنىڭ ئەسلىي يەرلىك خەلقى بولغان ھىن-
دى دىراۋىد (دارىيان — تۆۋەن تەبىقە ) لارنى بويسۇندۇرۇپ ، ھەقىقىي
مەنىدىكى «ھىندى ئارىيان » ( «ئالىي نەسەبلەر » مەنىسىنى بىلدۈرى-
دۇ ) مەدەنىيەت دەۋرىنى يارىتىدۇ . ساكلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى
ۋە قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە ماكانلىشىپ قالغانلىرى شۇ جايلاردىكى
ئەسلىي يەرلىك ئاھالىلەر تەركىبىگە سىڭىشىپ ، كېيىنكى قەشقەر ،
خوتەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىنى گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ ئېتنونىمىنى ھاسىل قىلىدۇ ، شۇنداقلا مىلادىيەنىڭ
ئالدى - كەينىدە ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭ-
غا يېتىپ كېلىشى بىلەن ھىندى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلار
ئارىسىغا تېخىمۇ زور كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىغان . بۇددا نوملىرى-
نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدى-
كى بۇددا ھېكايىلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا
باشلىغان . بۇ ھەقتە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان پىروفېسسور
ياڭ فۇشۇ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا ھېكايىلى-
رىنىڭ 200 پارچىدىن ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ .[1] ئۇنىڭ
ئېيتىشىچە ، بۇ ھېكايە - چۆچەكلەر تەرجىمە قىلىنغاندا ، ئۇيغۇرلار-
نىڭ قىزىقىش ئادەتلىرىگە ئاساسەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ، بەزى
مەزمۇنلىرى چىقىرىپ تاشلانغان ياكى قوشۇلغان . بۈگۈنكى كۈندە بۇ
تىپتىكى ھېكايە - چۆچەكلەر ئاللىقاچان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تىنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن . ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغى-
نى ھىندى كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ھېكايە - چۆچەك
ۋە مەسەللەر توپلىمى بولغان «بەشنامە » (سانسكرىت تىلىدا «پانكاتا-
نترا » ) ھېكايەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئارقا - ئارقىدىن تەرجىمە
قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغانلىقى ھېسابلىنىدۇ .

---

[1] ئوسمان ئىسمائىل تارىم : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان » ، شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009- يىلى نەشرى ، 151- بەتتىكى نەقىلدىن .

«بەشنامە» نىڭ دەسلەپكى يازما نۇسخىسى ئەڭ دەسلەپ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ نۇسخا ھازىر گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى ۋە بېرلىندىكى ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. لېكىن، بۇ تەرجىمە نۇسخا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلالمىغان. بۇ ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان نۇسخىسى 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا «بەشنامە» نىڭ ھىندى تىلىدىن پارس تىلىغا (6- ئەسىردە ئىرانلىق بەرزويە ئىسىملىك كىشى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ كىتابنى ھىندى تىلىدىن پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «كالوكاگا ۋە داماناگا» دەپ ئات قويغان)، پارس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا (مىلادى-يە 750- يىللىرى ئابدۇللا ئىبنى مۇقەففا دېگەن كىشى ئۇنى پەھلە-ۋى- پارس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «كەلىلە ۋە دېمنە» دەپ ئاتىغان)، ئەرەب تىلىدىن يەنە پارس تىلىغا (مىلادىيە 1142- يىلى ئابدۇلھەمىد دېگەن كىشى ئەرەب تىلىدىكى «كەلىلە ۋە دېمنە» نى پارس تىلىغا ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلغان ) مەزكۇر نۇسخىنى موللا مۇھەممەد تۆمۇر ياركەندىي 1709- يىللار ئەتراپىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان. مەزكۇر ئەدىب بۇ ئەسەرنى ئىجادىي تەرجىمە قىلغان ھەمدە بۇ ئەسەرنىڭ مەنبەسى، مەزمۇنى، ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش ئەھۋالى، دۇنياۋى تەسىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىد-گە ئالغان چوڭ «مۇقەددىمە» يېزىپ ئەسەرنىڭ بېشىغا قىستۇرغان. بۇ تولۇقلانغان ۋە ئىجادىي ئۆزگەرتىلگەن نۇسخا ئىچىدىكى نۇرغۇنلى-غان ھېكايە - چۆچەك ۋە مەسەللەر ئاللىقاچان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كەتتى. «بەشنامە» گە ئوخشاش چوڭ تىپتىكى ھىندى خەلق ھېكايەتلىرى توپلىمىدىن يەنە بىرسى «تۇتىنامە ھېكايەت-لىرى» بولۇپ، بۇ توپلامنى 14- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىراقلىق نەخشەبى دېگەن ئەدىب سانسكرىت تىلىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ قايتىدىن رەتلەپ چىققان.

مەزكۇر تۇپلامدا 70 پارچە ھېكايە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى «بەشنامە» دىن ئېلىنغانلىقى مەلۇم . «تۇتىنامە» نىڭ پارسچە نۇسخىسىنى 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر ئەدىب قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ ، «قىرىق تۇتى» دەپ نام بەرگەن . بۇ ھېكايە توپلىمىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «تۇتىنامە» ۋە «قىرىق تۇتى» نامى بىلەن قولدىن - قولغا كۆچۈرۈلگەن بىرقانچە نۇسخىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم .

ھىندى بۇددا ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ . قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، دىنىي دەستۇرلاردىكى ، بۇددا نوملىرىدىكى ھىندى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ، قوشاق - بېيىتلار ، قەسىدىلەر ، ماقال - تەمسىللەر ، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە تېپىشماقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ كەڭ قوبۇل قىلغاندىن باشقا يەنە ھىندى ئېپوسلىرى ، دىراما ۋە يىرىك ئېپىك ئەسەرلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ بېيىتقان . مەسىلەن :

ھىندى كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى دۇنياغا مەشھۇر ئىككى چوڭ ئېپوس ( «ماخاپخاراتا» ۋە «رامايانا» ) نىڭ بىرى بولغان «رامايانا» ئېپوسى (سانسكرىت تىلىدا خاتىرىگە ئېلىنغان بۇ ئېپوس يەتتە قىسىم ، 24 مىڭ بېيىتتىن تەركىب تاپقان ) قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان . تۇرپاندىن مەزكۇر ئېپوسنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىدىن باشقا يەنە دۇنخۇاڭدىن ئۇنىڭ ئۇدۇن تىلىدىكى ۋە توخرى تىلىدىكى نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلدى . بۇ نۇسخىلار ھازىر بېرلىندىكى گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا . پىروفېسسور ياڭ فۇشۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن پەرقلىق ھالدا ، شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ رايونلىرىدا ‹رامايانا› ئېپوسى ئىنتايىن كەڭ تارقىلىپ ، ئۇنىڭ بىرنەچچە خىل مەزمۇندىكى ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلگەن . بۇ ھال ھىندىستان ئېپوسلىرىنىڭ بۇ يەردە كۆچ-

لىۋك تەسىر قوزغىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .»[1] بۇ دەۋردە يەنە
بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت يىرىك ئەسەر «ئالتۇن يا-
رۇق» بەشبالىقلىق مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تەرىپىدىن قەدىم-
كى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان . 730
بەت ، 16 مىڭ 60 قۇردىن تەشكىل تاپقان . ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە
قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى رۇس ئالىملىرىدىن س . ئى .
مالوۋ مىلادىيە 1909 — 1911- يىللىرى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇ-
چۈەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇر (يۈگۇ)لار ئولتۇراقلاشقان ۋاڭ
شىگو يېزىسى يېنىدىكى بۇتخانىدىن تاپقان ھەمدە 1915 — 1917-
يىللىرى رادلوۋ ۋەمالوۋ تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ ، خەلقئاراغا
تونۇشتۇرۇلغان . بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا نۇسخىلىرى
بىلەن سانسكرىتچە ، توبوتچە (تىبەتچە) ، موڭغۇلچە نۇسخىلىرىمۇ
بولۇپ ، بۇ نۇسخىلار ھازىر بېرلىن ۋە پېتىربۇرگ مۇزېيلىرىدا ساق-
لانماقتا . «ئالتۇن يارۇق» تا بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە شۇنىڭغا باغلىق
ھېكايەتلەر ناھايىتى گۈزەل بەدىئىي شەكىلدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ،
ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ئۈچۈن تەسىرى زور
بولغان .

بۇددا نوملىرى ئىچىدىن يەككە ھالدا ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ
تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە يەنە «چاشتانى ئىلىگ
بەگ» قىسسىسى بىلەن «ئىككى تېگىنىنىڭ ھېكايىسى» (ياكى
‹شاھزادە قالىيامقارا ۋە پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت›) ناملىق ئىككى
يىرىك قىسسە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ ، شۇنداقلا «ياغاچچى بىلەن
رەسسام» ھېكايىسىمۇ قەدىمكى ھىندى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجى-
مە قىلىنغان مەشھۇر ھىندى خەلق ھېكايىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ
ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانلىرى ئېنىق ئەمەس . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر
تىلىدىكى ئۆزلەشمە نۇسخىلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش جەريا-
نىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ۋە ئوي - پىكىرلىرى قوشۇلۇپ

[1] ئوسمان ئىسمائىل تارىم : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009- يىلى نەشرى ، 157- بەتتىكى نەقىلدىن .

تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن ، شۇنداقلا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىققا ئايلانغان .

يۇقىرىقىدەك پىروزا ئەسەرلىرىدىن باشقا ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى ھىندى بۇددا دىرامىلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولغان «مايتىرى سىمىت» قا ئوخشاش چوڭ ھەجىملىك دىرامىلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ئۇيغۇر قەدىمكى دىراما سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان . «مايتىرى سىمىت» (مايتىرى بىلەن ئۇچرىشىش ) 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ ، ئۇنى ئالدى بىلەن يەنجى (قاراشەھەر ) بۇددىستلىرىدىن ئارياچانتىرى سانسكرىت تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن پىرتانراكشىت ئىسىملىك بۇددىست ئۇيغۇر تەرجىمانى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلغان .

يۇقىرىقى بايانلارنى خۇلاسە قىلغاندا ، ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك ، كۆپ قاتلاملىق بولۇپ ، مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلانغانلىقى مەلۇم . بۇ خىل تەسىر بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا تاكى 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان .

ئۈچىنچى ، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن ، بولۇپمۇ شەرقتە قەشقەرنى ، غەربتە سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» دىن تارتىپ باشقا دىنىي دەستۇرلارغىچە بولغان بارلىق مۇھىم دەستۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىل يېزىقىدا بولغان ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق پائالىيەتلەردە ئەرەب تىلى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن ، ھەتتا قەش-

قەر قاتارلىق ئىسلام مەدەنىيىتى مەركەزلىرىدىكى مائارىپ مۇئەسسە-
سەلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئەرەب ئىسلام مائارىپى ئەندىزىسى بويىچە تەشكىل-
لەنگەن ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ، شۇنىڭدەك ئەرەب ئالىملىرى بىلەن
پارس ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوقۇمۇشلۇقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
ئىلمىي پائالىيەتلەرمۇ ئەرەب تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان . قاراخانىيلار
سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مە-
دەنىيىتى مەركەزلىرىدە ، بولۇپمۇ قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغرا
قاراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ساچىيە مەدرىسەسى » ، قەشقەر دۆلەت-
باغدىكى «ھەمىدىيە مەدرىسەسى » ، قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمە-
تى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى » قاتارلىق ئىسلام
ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىسلام دىنى ۋە قۇرئاننى ئۆزىنىڭ بارلىق
ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا يەنە
ئىسلام قانۇنى ، ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى ، پەلسەپە ، لوگىكا ، ئىلمى
تېب ، ئىلمى ھېكمەتكە دائىر ئىلىم تۈرلىرى تولۇق تەسىس قىلىنغا-
ندى . ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئەرەب-
پارس ئەدەبىياتىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىشى ، مەدرىسە-
لەردە ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت ئىلىملىرى ،
بولۇپمۇ ئىلمى ئارۇزدا ئېرىشكەن نەزەرىيەۋى ئۇتۇقلىرىنىڭ سىستې-
مىلىق ئوقۇتۇلۇشى ۋە بۇ ساھەدىكى ئەنئەنە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ
ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىغا تەتبىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىدا
ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرمۇنچە يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى ،
بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ھەقىقىي مەنىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ
سىڭىپ كىرىشى ، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر - قوشاقلىرىغا خاس بولغان
مىسرالارنىڭ بېشىدا قاپىيەلىشىدىغان «باش قاپىيە » شەكلىنىڭ پەي-
دىنپەي ئەمەلدىن قېلىپ ، مىسرالارنىڭ ئاخىرى قاپىيەلىنىدىغان قا-
پىيە شەكلىنىڭ شېئىرىيەتتە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىشى ، مەسنە-
ۋى ، رۇبائىي ۋە غەزەل قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرىي شەكىللەرنىڭ
كىرىپ كېلىشى ۋە پەيدىنپەي ئومۇملىشىشى ، شۇنداقلا مۇكەممەل

سۆزىتلىق شېئىرىي داستانچىلىق شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئەكس ئېتىلىشى قاتارلىق يېڭىلىقلارنى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن دېيىش مۇمكىن. دەرۋەقە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە كۈندىن - كۈنگە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىۋاتقان ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىمۇ يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى نامايان بولغانىدى. بۇنداق يېڭى يۈزلىنىش ۋە گۈللىنىش ھالىتىنى شۇ دەۋرنىڭ بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي ناھايىتى ئىخچام ھالدا «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان»[1] دەپ ناھايىتى توغرا سۈرەتلىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى قىسسە - داستانلار، مەسىلەن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەللۇتنامىسى»، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتنامىسى»، «تۆت چارىيا قىسسىسى»، «زەيد ئەنسارى»، «پادىشاھى ھوججاز»، «شەھرى بەلقە»، «بابا رەۋشەن»، «ئون دەرياھى بېھىش»، «كېيىكنامە»، «ئىفتارنامە»، «قۇرباننامە»، «كەربالا قىسسىسى»، «ئىمام مەھدى»، «ئەبۇمۇسلىم»، «قىيامەتنامە»، «مالىك ئەجدەر»، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «ئىمام ھەنىپە دەۋرانى» ...... قاتارلىقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ناسىرىددىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئەرەبلەر ئىچىدە تارقالغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. رابغۇزى ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىدا «قۇرئان كەرىم» دىمۇ نامى زىكىر قىلىنغان «يۈسۈپ - زۈلەيخا» قىسسىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. بۇ قىسسە ئەڭ دەسلەپ يەھۇدىيلار ئارىسىدا

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى، نەشرى I توم 5- بەت.

مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، كېيىن ئەرەب ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان . ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن «لەيلى - مەجنۇن» داستانىمۇ ئەرەب ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان . «لەيلى - مەجنۇن» رىۋايىتى ئەڭ دەسلەپ 7- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان . بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ بەزىلىرى مەجنۇن تارىختا ئۆتكەن شەخس ، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئامىر قەبىلىسىدىن چىققان قەيس ئىبنى مۇلاۋۋاھ ناملىق شائىرنىڭ پىروتوتىپى ، ئۇ ئۆز قەبىلىسىدىكى لەيلى ئىسىملىك قىزغا كۆيۈپ قېلىپ ، ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن شېئىر - قەسىدىلەرنى يازغان ۋە ئۆزىنى يوشۇرۇن تۇتۇش ئۈچۈن «مەجنۇن» دەپ تەخەللۇس قويغان ، دەپ قارايدۇ . 7- ئەسىردىن 10- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا لەيلى بىلەن مەجنۇن ھەققىدىكى رىۋايەتلەر مۇكەممەللىشىپ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارىلىدۇ ۋە كۆپلىگەن كىلاسسىك ئەدىبلەر بۇ گۈزەل خەلق رىۋايىتىنى داستانلاشتۇرىدۇ . 15- ئەسىرگە كەلگەندە ئەلىشىر نەۋايى بۇ رىۋايەتنى يۈكسەك تىراگېدىيەلىك گۈزەللىككە ئىگە داستان قىلىپ يېزىپ چىققان ، 7266 مىسرادىن تەركىب تاپقان . ئۇنى 1813- يىلى موللا سىددىق ياركەندي نەسرىيلەشتۈرگەندىن كېيىن خەلق ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان .

ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ھېكايە - چۆچەكلەر توپلىمى «مىڭبىر كېچە» ( «ئەلىج لەيلى ۋەلەيلە» ) نىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بولغان بۇ ئەسەرنى 18- ئەسىردە مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان . ئۇنىڭ يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ بار . خۇددى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى جاڭ جىڭيى ئېيتقاندەك ، «ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن چۆچەكلەر بىلەن ‹ مىڭبىر كېچە› دىكى چۆچەكلەر مەزمۇن ، بايان ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلما شەكلى جەھەتلەردە يېقىن كېلىدۇ ياكى ئوخشايدۇ ، بۇ ھال ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ‹ مىڭبىر

كېچە〉 دىكى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .»[1] بىز يۇقىرىدا پارس ، ھىندى ۋە ئەرەب خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ، ئاساسەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمەلىيىتىنى نۇقتا قىلغان ھالدا قىسمەن باشقا رايونلاردىكى تەرجىمە مۇھىتىنى قوشۇمچە قىلدۇق . يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ۋە بىر - بىرىگە سىڭىشىشى يازما ئەدەبىياتقا ئوخشىمىغان ھالدا ئىنتايىن كەڭلىككە ، ئومۇمىيلىققا ۋە تەبىئىيلىككە ئىگە بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى يەككە - يېگانە ، مۇستەقىل بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان ئەمەس ، بەلكى ئۇ كوللېكتىپنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ، قوبۇل قىلىش ، ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆز مىللىتىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى بېيىتىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . بۇنداق ئۆزئارا تەسىر ئەلۋەتتە تەڭ نىسبەتتە بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى نوقۇل ھالدا مۇتلەق ئەينەن قوبۇل قىلىش جەريانى بولماستىن ، بەلكى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ دائىم دېگۈدەك ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ- ئادىتى ، سەنئەت- ئەنئەنىلىرى ، ئېستېتىك تەلەپلىرىگە ئاساسەن ئىجادىي ئۆزگەرتىپ روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە قىلىدۇ . شۇڭا ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرى كۆپ بولۇپ ، ئۇنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئايرىش بىرقەدەر قىيىن . شۇڭا ، ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشى ۋە ئۆزئارا تەسىرىنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ . تۆۋەندە قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت تۈر - ژانىرلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز .

[1] ئوسمان ئىسمائىل تارىم : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009- يىلى نەشرىدىن ئېلىندى .

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى ، خۇددى يازما ئەدەبىياتقا ئوخشاش ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىمۇ قۇرۇلما شەكلى ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە غايىۋى بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزئارا ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر بار بولۇپ ، خاسلىق جەھەتتىن مۇئەييەن تۇر (Rod) ، گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇنداق خاسلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلەرنى ئۆلچەم قىلىپ كىلاسسىفىكاتسىيەلەش ئەدەبىيات ئىلمىدە تۇر ۋە ژانىر ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلەنگەن . مەلۇمكى ، ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى گىرېك پەيلاسوپى ئارىستوتېل (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 384- يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 322-يىللار ) بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئېپوس (ئېپىكا ) ، لىرىكا ۋە دىراما دەپ ئۈچ چوڭ تۇرگە ئايرىغان . ئارىستوتېلنىڭ بۇ قارىشىنى نېمىس پەيلاسوپى گېگېل (مىلادىيە 1848 — 1811- يىللار ) ۋە ئۇلۇغ رۇس ئىنقىلابى دېموكراتى ، ئاتاقلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى ۋ . گ . بېلىنسكىلارمۇ قۇۋۋەتلىگەن . شۇنىڭدىن بۇيان ئەدەبىيات مۇشۇ ئۈچ چوڭ تۇر بويىچە تۇر ۋە ژانىرلارغا ئايرىلىپ كەلگەن . بۇنداق بولۇشنى ئومۇملۇق جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن . لېكىن ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پەن بولۇش خاراكتېرى بىلەن ، مۇقەددىمە قىسمىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ، يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدۇ . بۇ پەرقلەر ئاساسەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، مەزمۇن قاتلىمى ۋە شەكىل ئۆزگىچىلىكلىرىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كوللېكتىپچانلىقا ، ئاغزاكىلىقا ۋە ئۆزگىرىشچانلىقا ئىگە بولغاچقا ، ئۇنىڭ تۇر ۋە ژانىرلىرىمۇ مۇتلەق ئومۇملۇققا ئىگە ئەمەس . شۇڭا ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن ئۆزگىچە بولغان بەزى ئاغزاكى ئەسەرلەرنى يۇقىرىقى ئۈچ تۇرنىڭ ھېچقايسىسىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس . مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئايرىمچە تۇر ۋە ژانىرلارغا ئايرىلغان .

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ئىنتايىن باي ، تۈگىمەس بىر

خەزىنە . ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ، ئىدىيەۋى ئىشەنچىسى ، ئېتىقادى ، ئېستېتىك تەلىپى ، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر شەكلى ، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خاسلىق-لىرى بىلەن باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ . بىز مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكلەرنى شەرت قىلغان ھالدا قەشقەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرى رامكىسى ئىچىدە مەخسۇس بايان قىلىمىز .

قەشقەر كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ ، ئۇ جايدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى تارىختا ئىنتايىن مول ۋە قىممەتلىك ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان . بۇ مىراسلار تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ ۋە تاللىنىپ ، شۇ خەلقنىڭ روھىي بايلىقى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن . ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يارقىن نەمۇنىلىرىدىن بىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ .

قەشقەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەقىقەتەن مول بولۇپ ، تولىمۇ رەڭدارلىققا ۋە جەلپكارلىققا ئىگە . بىز بۇ تەتقىقات پىلانىمىزدا پۈتۈن ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90 % نى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق مىللەت — قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى ئاساس قىلىمىز .

دەرۋەقە ، ئومۇمىيلىك جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى رايونلار بويىچە ئايرىپ چىقىشمۇ بىرقەدەر قىيىنراق . لېكىن ، خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-تىنىڭ پەيدا بولۇش ، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش جەريانلىرىنى ئىنچە-كە كۆزەتكەندە ئۇنىڭ نىسپىي رايون تەۋەلىكى بايقىلىدۇ . بۇنداق بايقاش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن يەرلىك تۇرمۇش پۇرىقى ، تىل ئالاھىدىلىكى ، تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك نام ، ئۇسلۇب ۋە ژانىر ئۆزگىچىلىكى ، پسىخىك ۋە ئېستېتىك پەرقلەر قاتارلىق بەلگىلەرنى ئۆلچەم قىلىدۇ ، شۇنداقلا تارىختا شۇ رايونغا

مەنسۇپ دەپ قارالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىنىڭ توپلاپ رەتلىنىش جەريانلىرىغا ئاساسلىنىدۇ . بىزمۇ مۇشۇ شەرتلىك بەلگىلەر ئاساسىدا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تۈر - ژانىرلارغا بۆلىمىز .

# II باب ئەپسانە (مىف) ۋە رىۋايەتلەر

## §1 . ئومۇمىي چۈشەنچە

هازىرقى زامان مەدەنىيەت - مەرىپەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۆز-
لىرىنىڭ نىسبەتەن ئالغا كەتكەن ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىدراكىي
تۇيغۇلىرىغا يارىشا ماددىي مەدەنىيەت ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنىڭ
كۆپ قاتلاملىق هەرقايسى ساهەلىرى بويىچە تەسەۋۋۇردىن هالقىغان
ئاجايىپ يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ۋە پارلاق كېلە-
چەك ئۈستىدە ئۈزۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان بۈ پايدىلىق پۇرسەتلەردە ئۆز-
لىرىنىڭ كىملىكى ئۈستىدە قايتىدىن ئىزدەنمەكتە . شۇنىڭ بىلەن
ئىنسانلار ئۆز روهىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي قاتلىمىنى بىلىش-
تە ، روشەنكى ، يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ بىردىنبىر روهىي مۇ-
جەسسىمى بولغان ئەپسانە - مىفلارغا مۇراجىئەت قىلماقتا . چۈنكى ،
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنىدىن پۈتۈلگەن بۇ ئەپسانىلەر ئىپتىدا-
ئىي ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەڭ غايىۋى
شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرگەندىن سىرت ، ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلانغان
ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدى ۋە ئالەم هەققىدىكى ئۈزۈكسىز ئىزدىنىشىنىڭ
بەدىئىي ، پەلسەپىۋى يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە .

مەلۇمكى ، ئەپسانە - يىراق قەدىمكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالەم-
نىڭ يارىلىشى ، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى هەمدە تۈرلۈك تەبىئەت
هادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر هەققىدىكى سۇبيېكتىپ خى-
يال هەم تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ فانتاستىك ئۇسۇلدىكى ئىنكاسى ، ئىپتى-
دائىي دەۋردىكى تەبىئەتلەشتۈرۈلگەن ، ئادەملەشتۈرۈلگەن روهىي مە-

بۇد (ئىلاھ ) لار ياكى ئىلاھلاشتۇرۇلغان تەبىئەتنى تەسۋىرلەشنىڭ
ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى .

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئەپسانىنىڭ كېلىپ چىقىشى
ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇشى ۋە تەبىئەتنى بويسۇندۇ-
رۇش ئىرادىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر . شۇڭا ، ئەپسانە ئىپتىدا-
ئىي ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ پەلسەپە ، ئەخلاق ، تارىخ ، دىن ، ئەدەبى-
يات - سەنئەت ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى ۋە لوگىكىلىق قۇرۇل-
مىغا ئىگە بولمىغان بىلىملىرىنىڭ مۇجەسسىمىدۇر . ئۇ ئىلىم -
پەندىن تاشقىرى ئىلىم - پەن سۈپىتىدە ، ساپ ئەقىل ئۈستىگە تۇرغۇ-
زۇلغان ئاڭ كاتېگورىيەسى بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ ، ئۇلار بىزنى
ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىگە قارىتا تىل ، روھ ، ئەنئەنە
ۋە دىندىن ھالقىغان ئۇچۇر ۋاستىلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن .

ئەپسانىشۇناسلىقتىكى بىر قەدەر ئومۇملاشقان چۈشەنچىلەردە ، ئەپ-
سانىلەر خاراكتېر جەھەتتىن خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى كاتېگورى-
يەسىگە مەنسۇپ دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلىدۇ . دەرۋەقە ، ئۇ ئىپتىدا-
ئىي ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا بىرخىل ئومۇملاشقان بەدىئىي شە-
كىل . لېكىن ، بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى ، ئەپسانە مەيدانغا
كەلگەن دەۋردە ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن باشقا تەبىئىي ، ئىجتىمائىي
پەن ئىلىملىرى تېخى بۆلۈنۈپ كەتمىگەن ۋە پەنلەر تۈرى سىستېمى-
لاشمىغان ، شۇ سەۋەبتىن ئەپسانىلەرنىڭ ساپ ئەدەبىي ياكى بەدىئىي
مەنىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

يەنە بەزى كىشىلەر ئەپسانە ئىپتىدائىي دىندىن ، سېھىرگەرلىك-
تىن ياكى ساپ پىسخىكىلىق تۇيغۇدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ .
بىزنىڭچە بۇمۇ بىر تەرەپمىلىك قاراش . ئەپسانە ئىپتىدائىي جەمئىيەت-
تىكى ئەڭ زور ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بىرخىل سىستېمىلاشمىغان
ئاڭ كاتېگورىيەسى بولۇش سۈپىتىدە روشەنكى ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىدۇر . بىراق ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت
ئىلاھچىلىق قاراشلىرىمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك رول ئوينىغان .

ئالدىنقىسى (رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ) ئەپسانىلەردە مۇئەييەن دە-
رىجىدىكى تارىخىي ئىزلارنىڭ ساقلىنىشىغا ئاساس بولغان . كېيىنكى-
سى (ئىپتىدائىي ئىلاھ قارىشى ) ئەپسانىلەرنى ئالاھىدە سىرلىق قىيا-
پەتكە ئىگە قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن بىرقەدەر سىستېمىلاشقان قەدىمكى
ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار بىلەن ئىپتىدائىي دىنلاردىكى چوقۇنۇش ئوب-
يېكتلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭداشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت . شۇنداق
بولغاچقا ھەرقانداق ئەپسانە دىنىي ھەقىقەتلەر بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ
جۇغلانمىسى ھەمدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كۆللى ئالەمگە بولغان
چۈشەنچىسى بىلەن تەبىئەتنىڭ سىرلىق ھادىسىلىرىدىن قورقۇش ،
ئەيمىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ بىرىكمىسىدۇر .

دېمەك ، ئەپسانىلەر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەقسەت - مۇددىئا ۋە
قىممەت قاراشلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيەلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى ، ئىپ-
تىدائىي ئىنسان قەلبىنىڭ ئەينىكى ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئالەم
ۋە ئادەمنىڭ سىرى ھەققىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئويلىنىش سىستېمى-
سى ؛ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم - پەن سىستېمىسى ۋە ئىپتىدائىي
ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان بىر مەشغۇ-
لات سىستېمىسى بولغاچقا ، ئۇنى بىر خىل دۇنيا قاراش ، بىر خىل
غايە ، بىر خىل ئىشەنچ ، بىر خىل ئېتىقاد ، بىر خىل تەپەككۇر
شەكلى ، بىرخىل ئەدەبىي شەكىل مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ .

قايسى ماكان ، قايسى خەلق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، قەدىمكى
دۇنيا ئەپسانىلىرىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىدە نۇرغۇن ئورتاقلىقلارنىڭ
بولۇشىغا قارىماي يەنە بەزى پەرقلەرمۇ مەۋجۇت بولىدۇ . بۇنداق
پەرقلەر دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئوخشىمىغان تىپلارغا ۋە مىللىي مەدەنى-
يەت قاتلاملىرىغا ئايرىشنىڭ بىرخىل شەرتلىك بەلگىسى بولۇپ قال-
غان . ئەپسانىلەردە بۇنداق مىللىي پەرقلەرنىڭ شەكىللىنىشى جۇغرا-
پىيەلىك شارائىت ، ئېتىقاد ، پسىخىكىلىق تۇيغۇ ، تىل قاتارلىق ئا-
مىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن باغلىق بولۇپ ، ئۇ ئاساسەن كېيىن-
كى «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» تۈركۈمىدە ئىپادىلىنىدۇ .

ئادەتتە مىفولوگىيە تەتقىقاتىدا ئەپسانىلەر ئۆزلىرى بېسىپ ئۆت-

كەن تارىخىي مۇساپىسىگە ئاساسەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ .
1 . ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان «يەككە ئەپسانىلەر» باسقۇچى . بۇ دەۋر ئەپسانىلىرىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ، ھەربىر ئىنسان كۆز ئالدىدىكى رېئال شەيئىلەرنى كونكرېت ئوبرازلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ ، تېخى ئابستراكىتلاشقان مەنتىق تەپەككۇر چەمبىرى ھاسىل بولمىغان . ئىزاھلاش خاراكتېرىدىكى ئەپسانىلەر گۆدەكلىك باسقۇچىدىكى ئىنسانلارنىڭ كەمتۈك تىل بايانلىرى ۋە ئاددىي تەپەككۇرى ئاساسىدىكى مەنتىقسىز تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىگە قارىتا تىل ، روھ ، ئەنئەنە ھەمدە دىندىن ھالقىغان ئۇچۇر ۋاستىسى بىلەن تەمىنلىگەن . «ئەپسانە» گىرېك تىلىدىكى «Mythos» (مىف) دىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، «غودۇڭشىماق ، ئىغىزدىن ئاۋاز چىقارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . غەرب ئالىملىرىدىن فېرىدىرىخ ماكىس موللېر (1823 — 1900- يىللار) نىڭ قارىشىچە ، «تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنسان روھىنىڭ تەرەققىياتى ماھىيەتتە ئوخشاش بىر جەرياننىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ ، بىز بىر مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي تىلىدىن شۇ مىللەتنىڭ قەدىمكى تەپەككۇرى ، ئېتىكىسى ، مەدەنىيىتى ۋە ئېتىقادىنى بىلەلەيمىز . تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن . بىرىنچى باسقۇچى بولسا «سۆزنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى» دۇر ؛ ئىككىنچى باسقۇچى بولسا «تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىلىرىغا ئايرىلغان دېيالېكتىلىشىش دەۋرى» دۇر ؛ ئۈچىنچى باسقۇچى بولسا «ئەپسانە دەۋرى ياكى دەسلەپكى يەككە ئەپسانىلەر شەكىللەنگەن دەۋر» دۇر .
دەرۋەقە ، ئىپتىدائىي تىل ھازىرقى زامان تىللىرىدەك ئىنتايىن ئابستراكىتلاشقان ئەمەس ، بەلكى يۇقىرى دەرىجىدە كونكرېتلىققا ئىگە ئىدى . شۇڭا ، ئىپتىدائىي تىل مەلۇم مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلىگەندە شۇ ئۇقۇمنى كونكرېتلاشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا مەلۇم «خاراكتېر» يۈكلىگەن . نەتىجىدە ئىپادىلەنگەن مەنە جەھەتتىن سۆزلەرنىڭ جىنسلىشىشى ، ئەمەلىي گەۋدىلىشىشى ھاسىل بولغان . ئىلاھلارغا دائىر

بايانلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي تىلنىڭ ئەنە شۇنداق ئاددىي ، كونكرېتلاشقان ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسى ، تىلنىڭ بۇ خىل ئىپتىدائىي ھالىتى تىلشۇناسلىقتا «كەمتۈكلۈك دەۋرى» دېيىلىپ ، ئۇ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ . بۇ خىل قاراش بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ ، مەلۇم جەھەتتىن ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە .

2 . «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» نىڭ مەنتىقلىششى ۋە ئابستىراكتلىششى «يەككە ئەپسانىلەر» نى كەڭ كۆلەملىك ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ، پىششىقلاپ ، ئومۇملاشتۇرۇش ، ھېكايىلەشتۇرۇش ، سىمۋوللاشتۇرۇش ئاساسىدا يارىتىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» تۈركۈمى دائىرىسىدىكى ئەپسانىلەر نىسپىي ھالدىكى ھېكايىچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ، خاراكتېر ۋە تۈر جەھەتتىن ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىنى ھاسىل قىلغان . بۇ دەۋردە ئەپسانىلەرنىڭ تېمىسىدا ئىلاھىي قۇدرەت مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن . ئىلاھ ياكى يېرىم ئىلاھ مۇتىفى ئارقىلىق ئالەم ۋە ئادەم ، جۇملىدىن خىلمۇخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرگەن . ئەركىن پىكىرنى ئاساس قىلغان شەخس (ئۆزلۈك) تەپەككۇرىنىڭ ئورنىنى كوللېكتىپ ئاڭغا بويسۇنغان ئابستراكتلاشقان تەپەككۇر ئىگىلىگەن . شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرى مۇئەييەن لوگىكىلىق قۇرۇلما ئىچىگە كىرىگەن . «سىستېمىلىق ئەپساندلەر» مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ساپ تەبىئەتگۈيلۇقتىن ئىجتىمائىي فۇنكسىيەلىك قىممەت يارىتىشقا يۈزلەنگەن ھەمدە قۇرۇلما جەھەتتە تېخىمۇ كېڭىيىپ ، رىۋايەتلەرنىمۇ ھەزىم قىلالايدىغان ئەدەبىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان . نەتىجىدە «قەھرىمانلىق دەۋر» نىڭ جەڭگىۋار ناخشىسى بولغان ئېپوسلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن . شۇڭا ، مىفولوگىيە تەتقىقاتىدا بۇ دەۋر ئەپسانىلىرىنى ھەقىقىي مەنىدىكى ۋايىغا يەتكەن ئەپسانىلەر دەپ قارايدۇ .

3 . رايون خاراكتېرى ۋە مىللىيەتلىك گەۋدىلەنگەن ئەپسانىلەر باسقۇچى . ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا

كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش ۋە تەبىقىلىشىش ئېڭى كۈ-
چەيدى . نەتىجىدە ئۇرۇق ۋە قەبىلە توپىنى بىرلىك قىلغان مەدەنىيەت
چەمبىرى شەكىللىنىپ ، سىنىپىيلىك ، مىللىيەتلىكنى ئۆزەك قىل-
غان ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيەلىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باش-
لىدى . ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «سىستېمى-
لىق ئەپسانىلەر » نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۇپىتىدە رايون خاراكتېرى
ۋە مىللىيەتلىك گەۋدىلەنگەن ئەپسانىلەر قاتلىمى بارلىققا كەلدى . بۇ
خىل ئەپسانىلەر ئىقتىدار جەھەتتىن تۇرلۇك - تۇمەن ئىپتىدائىي
دىنلارنىڭ تەدرىجىي قېلىپلىشىپ ، مۇئەييەن گەۋدە ھاسىل قىلىشى-
دىكى مەنىۋى ئاساس بولۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋر ئەپسانىلى-
رى تۇر جەھەتتىن كۆپ خىل مەنبەلىشىپ ، ئۆزگىچىلىككە ئىگە
رايونلار سىستېمىسىنى شەكىللەندۇردى . ئەپسانىلەر خاراكتېر جەھەت-
تىن خەلقنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۇرىدىغان بىرخىل ئىزاھلىق بايان تىلى
بولغاچقا ، تارقىلىش جەريانىدىكى تەبىئىي ئۆزگىرىشچانلىق ئۇنىڭ
تۇپ خۇسۇسىيىتىدۇر . شۇڭا ، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ھەر خىل
ئەپسانە ماتېرىياللىرى پەقەت قەدىمكى ئەپسانىلەر خەزىنىسىنىڭ ناھا-
يىتى ئاز قىسمىدىنلا ئىبارەت . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىنتايىن ئاز بىر
قىسىم ئەپسانە ماتېرىياللىرىمۇ ئۇنى كېيىنكى دەۋرگە تارقاتقۇچىلار-
نىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ، تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى ، غايىۋى ئىنتى-
لىشى ، ئېتىقاد ۋە پسىخىكا جەھەتلەردىكى پەرقلەر تۇپەيلىدىن ئۇزۇك-
سىز ئۆزگىرىپ تۇرغان . شۇڭا ، ھازىر مەۋجۇت بولغان ئەپسانە
ماتېرىياللىرى ئىپتىدائىي ئەپسانىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە تولۇق
ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا
ھازىر تارقىلىپ يۇرگەن ئەپسانىلەر ۋاقىت تەرتىپى ، قۇرۇلما شەك-
لى ، تارقىلىش سۇرئىتى ، مۇتىف تىپى ۋە فۇنكسىيەسى (رولى )
جەھەتلەردە بىردەك بولمايدۇ . بىرقەدەر ئومۇملاشقان تەتقىقات نەتىجى-
لىرىدىن قارىغاندا ، ئەپسانە سىستېمىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇتىفلار
ئاساسەن ئىككى چوڭ تىپ ۋە تۆت تۇردىن ئىبارەت .
1 . ئاسمان - زېمىننىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ؛

ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەپسانىلەر ؛

2 . ئىرق ۋە مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ؛

3 . ئىنسانىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە يىلتىزىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەپسانىلەر ؛

4 . مەدەنىيەت (ئۆرپ - ئادەت ، ئېتىكا ، قورال - سايمان تېخنىكا...... )نىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر .

بۇ پەقەت ئەپسانىلەرنىڭ مۇتىق تىپى بولۇپ ، مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن ئەپسانىلەرنى ناھايىتى كۆپ تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن .

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانىلەرمۇ دۇنيا ئەپسانە سىستېمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغاچقا ، ئۇمۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئوخشاش ھەم ئورتاقلىققا ، ھەم خاسلىققا ئىگە .

خاسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ يەرلىك تۈسى بىرقەدەر قويۇق بولۇپ ، شۇ رايونغا تەۋە يەر - جاي ناملىرى بىلەن باغلانغان ھەمدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا ئىسلام ئېتىقادى بىلەن يۇغۇرۇلغان . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار بىرقەدەر كېيىن باشلانغاچقا ، ئەپسانە بىلەن رىۋايەت ، ھەتتا چۆچەكلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن . شۇڭا ، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ پەرقى ئاجرىتىلماي ، بىر مەنىدە قوللىنىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان . قۇرۇلما جەھەتتىن ئالغاندا ، مۇتلەق كۆپچىلىك قەشقەر ئەپسانىلىرى بايان ۋە ئىزاھلاش شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ ، ھېكايىلىق خۇسۇسىيەت ئاجىزراق . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەپسانىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرى ، قىسسە ، تارىخ ۋە ئەدەبىي ئەسەر ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ ، پۇتۇك شەكلىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن . مەسە-

لەن ، 11- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغە-رىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىرقەدەر چوڭراق ۋە مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەپسانە ، رىۋايەت خاتىر-رىلەنگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، رابغۇزىنىڭ «قىسەسۇل ئەنبىيا» ، ئە-بۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان-نىڭ «تارىخى رەشىدىي»...... قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەردە ، «ئو-غۇزنامە» ئېپوسىدا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەپسانە- رىۋايەتلەر بار . ئۆتمۈشتە قەشقەر رايونىدا ۋائىزلىق - مەدداھلىق ئەدەبىياتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، ئۇلار ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىششىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان .

بىزدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى توپلاش ، نەشر قىلىش خىزمىتى باشلىنىپ دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلدى . دەسلەپ ئابدۇكېرىم رەھمان ئەپەندىنىڭ «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى نەشرى ) ناملىق توپلىمى (جەمئىي 142 پارچە ئەپسانە- رىۋايەت كىرگۈزۈلگەن ) نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن غەيرەتجان ئوسمان ، يۇسۇپ ئىسھاق ، ئوسمان ئىسمائىل تارىم قاتارلىقلار توپلىغان ئەپسانە- رىۋايەتلەر ئايرىم- ئايرىم ئۈچ كىتاب بولۇپ ، 1999- يىلى شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرى-ياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . 2005- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىرلىكتە ئىشلىگەن 12 توملۇق «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى قامۇسى» ناملىق كىتابنىڭ I تومىغا 260 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى . توپلاپ رەتلەنگەن بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر مەزمۇن جەھەتتىن يەتتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەشقەر ئۇيغۇرلى-رى ئارىسىدىن توپلانغان . بىز تۆۋەندە قەشقەر رايونىغا خاس دەپ

قارالغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن بىرنەچچە ئۆرنەك كۆرسىتىمىز .

## § 2 . ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن ئۆرنەكلەر

### ئالەمنىڭ يارىلىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئالەم سۇدىن ئىبارەت ئىكەن . ئۇنىڭدا بىر جۈپ ئۆردەك ياشايدىكەن ، ئۇلار يەر ياراتماق بولۇپ ، بىرى سۇ ئاستىدىن پاتقاقنى ئېلىپ چىقسا ، ئۇنىڭ جۈپتى سۇ ئۈستىگە تاشلاي- دىكەن . شۇنداق قىلىپ ئىككى ئۆردەكنىڭ ئەجرىدىن يەر (تۇپراق ) هاسىل بولۇپتۇ ، ئاندىن ئىككىنچى ئۆردەك سۇ يۈزىدىكى قومۇشلارنى يىغىپ تاغ هاسىل قىپتۇ . بىرىنچى ئۆردەك ئۈستۈنكى ئالەمنىڭ غوجىسى بولۇپ ، ئۆلگېن تەڭرى دەپ ئاتىلىپتۇ . ئۇ ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن تەختتە تۇرىدىكەن . ئۆلگېن تەڭرى- نىڭ يەتتە ئوغلى ، توققۇز قىزى بولۇپ ، ئۇلارمۇ ئۈستۈنكى ئالەمدە تۇرىدىكەن ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روهلارمۇ بار ئىكەن .

بىرىنچى ئۆردەكنىڭ جۈپتى ئاستىنقى ئالەمنىڭ غوجىسى بو- لۇپ ، ئۇماي (هەمرا ، ئەش ) دەپ ئاتىلىپتۇ . ئۇ يەر ياراتقۇچى بەخت ئىلاهى ، ئانا- بالىلارنىڭ شەپقەت ئىلاهى ، مۇهەببەت ئىلاهى ئىكەن . ئۆلگېن ئىلاهنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر ئۇلار ئارىسىدىكى ئالاقىچى ئىكەن . ئۈستۈنكى ئالەمدىن ئاستىنقى ئالەمگە تۆكۈلىدىغان رەهمەت يامغۇرلىرى ئۆلگېن تەڭرىنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شالى ئىكەن . ئۆلگېن (بۈيۈك تەڭرى )نىڭ پارلاق ماكانى بىلەن ئۇماي (هوما )نىڭ يەر ماكانى ئاستىدا يەنە بىر قاراڭغۇ زىمىستان ماكان بولۇپ ، ئۇنىڭدا يامان روهلار ياشايدىكەن .

### دۇنيانىڭ يارىتىلىشى

يەر ۋە كۆك تېخى يارىتىلماستىن بۇرۇن هەممە نەرسە سۇدىنلا ئىبارەت ئىدى . يا تۇپراق ، يا ئاسمان ، يا كۈن ، يا ئاي يوق ئىدى .

ھەممە تەڭرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ، ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئادەم بالىسىنىڭ ئەسلىي ئەجدادى تەڭرى قاراخان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئوخشاش بىر خىل مەخلۇقنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى «كىشى» دەپ ئاتىدى . قاراخان ۋە «كىشى» ئىككى قارا غازغا ئوخشاش سۇ ئۈستىدە ئەركىن - ئازادە ئۇچۇشاتتى . لېكىن ، «كىشى» بۇ خىل بەختلىك ، جىمجىت ھاياتتىن رازى ئەمەس ئىدى . ئۇ قاراخاندىنمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى خالايتتى . ئۇ بۇ خىل پەسكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۇچۇشقا كېرەكلىك قۇۋۋەتنى يوقىتىپ قويۇپ ، چوڭقۇر ۋە چەكسىز سۇغا غەرق بولدى . ئۇ تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەندە ، تەڭرى قاراخاندىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى . قاراخان «كىشى»گە چوڭقۇرلۇقتىن يۇ-قىرىغا چىقىشنى بۇيرۇدى . شۇنىڭ بىلەن «كىشى»نىڭ يۇلتۇز ئۈس-تىگە ئولتۇرۇپ ، چۆكۈپ كېتىشىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن دېڭىزدىن بىر يۇلتۇزنى يۇقىرىغا چىقاردى . «كىشى» يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى . «كىشى» ئۇچۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ، قاراخان يەر يۈزىنى يارىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلدى . «كىشى»گە سۇنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ سۇ ئاستىدىن توپا چىقىرىشنى بۇيرۇدى ۋە سۇدىن چىقىرىلغان توپىنى سۇ يۈزىگە چاچتى . «كىشى» توپىنى سۇدىن چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە يوشۇرۇنچە يەر يۈزى يارىتىش ئۈچۈن ئاغزىغا سېلى-ۋالدى . لېكىن ، يۇقىرىغا چىقىش بىلەن ئاغزىدىكى توپا شۇنچىلىك كۆپۈپ كەتتىكى ، ئەگەر تەڭرى قاراخان تۈكۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىلمىغان بولسىدى ، ئۇ نەپەس ئالالماستىن بوغۇلۇپ قالغان بولار ئىدى .

قاراخان ياراتقان دۇنيا تۈپتۈز بىر ساھىلدىن ئىبارەت ئىدى . لېكىن ، «كىشى»نىڭ ئاغزىدىن چىققان توپا ھەر تەرەپكە چاچراپ ، پۈتۈن يەر يۈزىنى پاتقاقلىق ۋە دۆڭلۈكلەر قاپلاپ كەتتى . بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەنگەن قاراخان بۇ ئىتائەتسىز «كىشى»گە «ئارلىق» (يارامسىز) دېگەن لەقەمنى بەردى ۋە ئۇنى «نۇر ۋە يورۇقلۇق» دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىدە يەرلىشە-لەيدىغان باشقا ئادەملەرنى ياراتتى . توققۇز شاخلىق بىر دەرەخنى

يەردىن ئۇندۇرۇپ ، ھەر شاخنىڭ ئاستىغا بىر ئادەمنى ياراتتى . بۇ ئادەملەر دۇنيادىكى توققۇز خىل ئىنسان تائىپىسىنىڭ ئەجدادلىرى- دۇر . «ئارلىق» يەر يۈزىنىڭ بۇ يېڭى ئاھالىسىنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە شۇنچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنى ئۆزىگە بېرىشنى تەڭرى قاراخاندىن تەلەپ قىلدى . قاراخان رازى بولمىدى . لېكىن ، «ئارلىق» ئۇلارنى يامانلىققا دەۋەت قىلىپ ، مەجبۇرىي ئۆزى- گە تارتىشنى بىلەتتى . قاراخان «ئارلىق»نىڭ بۇ خىل ئالداشلىرىغا ئوڭايلىقچە ئىشىنىپ قالغان بۇ ئەخمەقلەرگە قاتتىق خاپا بولغانلىقى ئۈچۈن ، شۇنداق ئادەم بالىسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى . «ئارلىق»قا باشقىدىن لەنەت ئوقۇپ ، يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ ئالەمنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە قوغلىۋەتتى ، ئاسماننىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتىنى بارلىق ئاھالىسى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ياراتتى ۋە شۇنداق قىلىپ ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتىنى تۇرار جاي قىلىپ تاللىدى . ئۆز ئالدىغا ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا ھامىي قىلىپ ئۇلۇغ «ماي تەرە» نى ئەۋەتتى .

چىرايلىق ئاسماننى كۆرۈپ قالغان «ئارلىق» شۇ زامان ئۆزى ئۈچۈن بىر ئاسمان يارىتىشنى قارار قىلدى ۋە شۇ مەقسەتتە قاراخان- نىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۆز تەۋەسىدىكىلەرنى يەنى ئۆزى ئالىدىغان يامان روھلارنى ئۇ يەرگە يەرلەشتۇردى . لېكىن ، بۇ يامان روھلار قاراخان ياراتقان يەر يۈزىدىكى ئىنسانلاردىن ئىنتايىن ياخشى ياشاۋاتاتتى . بۇ ئەھۋال قاراخاننىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى ، «ئار- لىق»نىڭ ئاسمىنىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن قەھرىمان «ماندى شىر» نى ئەۋەتتى . ئۇنىڭ قۇدرەتلىك نەيزىسىنىڭ زەربىلىرى بىلەن ئاسمان ئېگراپ ، شۇ چاغقىچە تۈپتۈز تۇرغان يەر يۈزى ئاسماندىن چۈشكەن پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىلەن بۇزۇلۇپ ، ئېگىز تاغلار ، چوڭقۇر بوغۇزلار ، زىچ ئورمانلار پەيدا بولدى . قاراخان «ئارلىق»نى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بىر قەۋىتىگە سۈرگۈن قىلىۋەتتى . ئۇ يەردە كۈنىنىڭمۇ ، ئاينىڭمۇ ۋە يۇلتۇزنىڭمۇ يورۇقى يوق ئىدى . قاراخان ئۇنىڭغا ئاخىرغىچە شۇ يەردە تۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى .

## ئادەمئاتىنىڭ پانىي دۇنياغا پالانغانلىقى

ئىنسانلار تېخى ئاپىرىدە بولمىغان چاغلاردا ئادەمئاتا ئۆزى تەنھا باقىي جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ئۆتىدىكەنمىش . جەننەتنىڭ سۈپسۈزۈك كەۋسەر سۇلىرى ناۋاتتىنمۇ تاتلىق بولۇپ ، ئىچكەن ئادەمنى ياشارتىدىكەنمىش . جەننەت باغلىرىدىكى يىل بويى مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان شەربەت مېۋىلەر ، ئېتىز- داللاردىكى پىشىپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭ بولۇق ئاشلىقلار پۇراپ قويسىلا ئادەمگە لەززەت ۋە قۇۋۋەت بەخش ئېتىدىكەنمىش . شۇڭا ، ئاشلىق ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيىش مەنئى قىلىنغانىكەنمىش .

ئادەمئاتا جەننەت باغلىرىدا ئۆزى خان ، ئۆزى بەگ بولۇپ ، ھۇزۇر- ھالاۋەت سۈرۈپ ئۆتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىبلىس پەيدا بولۇپ ، ئادەمئاتىنى شېرىن - شەربەت مېۋىلەردىن ۋە ئالتۇن رەڭ ئاشلىقلاردىن تېتىپ بېقىشقا دەۋەت قىپتۇ . ئادەمئاتا دەسلىپىدە ئىبلىسنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي ، باقىي جەننەتنىڭ شەرت ، يوسۇنلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئۆتۈپتۇ . بىراق ، ئىبلىس ئادەمئاتىنى يەنە ئالداپ : «جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى ئېغىزغا ئېلىپ يەپ لەززىتىنى سۈرۈش پۇراپ ھۇزۇرىنى سۈرگەندىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇق . ئەگەر چىنپۈتمىسەڭ ، مۇنۇ بۇغداينىڭ بىر دانىسىنى تىلىپ ئېلىپ تېتىپ باق» دەپ ، بۇدرۇقىنا ئالتۇن رەڭ بۇغداي دانىسىنى ئادەمئاتىغا تەڭلەپتۇ .

ئادەمئاتا نەچچە رەت تەمشىلىپ ، يەنە نەچچە رەت دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ . ئىبلىس شېرىن- شېكەر ياغلىما گەپلەر بىلەن قىزىقتۇرۇۋەرگەندىن كېيىن ، ئادەمئاتا «يا تەۋەككۇل» دەپ يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ بۇغداي دانىسىدىن بىر تىلىم تىلىپتۇ- دە ، «بىسمىللا» بىلەن ئاغزىغا ساپتۇ . بۇ بىر تىلىم بۇغداي ئادەمئاتىغا شۇنداق تېتىپ كېتىپتۇكى ، نەچچە زامانلاردىن بۇيان پەقەت پۇراش بىلەنلا قانائەتلىنىپ ، بالدۇرراق تېتىپ لەززەت ئالمىغىنىغا بەك پۇشايمان قىپتۇ . بىراق ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئادەمئاتىنى نەس بېسىپ ، چوڭ تەرىتى قىس-

تاپ ئاۋارە قىپتۇ .
جەننەتنىڭ ھەممىلا يېرى ئەينەكتەك تازا ، چىننىدەك پاكىز ، گۈل- گىياھلار ۋە مېۋە- چىۋىلەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى گۇپۇلدەپ تۇرغان ، گۈل- گۈلىستان ، كۆكلەمەيدان ئارامگاھ بولغاچقا ، ئەخ- لەت- چاۋار ، بەتبۇي پۇراق ، پاسكىنا- مەينەتچىلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن . جەننەتتە تەم تېتىش ، تائام يېيىش مەنئى قىلىنغاچقا ، سۈي- دۈك ، نىجاسەت چىقىرىش مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن .
ئادەمئاتا ئۆزىنىڭ بالا- قازا تېرىپ قويغىنىنى سېزىپ ، شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ سادىر قىلىپ قويغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىپتۇ . لېكىن ، قورسىقى تولغاپ ، چوڭ تەرىتى قىستاپ بىئارام قىلىۋەرگەنلىكتىن ، ئۇيان چېپىپ ، بۇيان دوقۇ- رۇپ ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپتۇ . ئاخىر پايلىماي ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرغانىكەن ، ئانار دەرىخى يۈز- خاتىر قىلماي ، قوش مۈشتتەك مېۋىلىرى بىلەن ئادەمئاتىنى دۈمبالاپ قوغلىۋېتىپتۇ . ئا- دەمئاتا ئەلەم بىلەن ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن پاناھ ئىزدىگەنىكەن ، ئالما دەرىخىمۇ قىلچە يول قويماي ، ئادەمئاتىنى دۈمبالاپ ھەيدىۋېتىپ- تۇ . ئادەمئاتا چىدىيالماي ئەينۇلا دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپتىكەن ، ئەينۇلا دەرىخى ئادەمئاتىنى شوپۇڭدا ساۋاپ يېنىغا يولاتماپتۇ . چىلان دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپتىكەن ، چىلان دەرىخى تىكەنلىرىنى سانجىپ يەتكۈدەك ئازاب ساپتۇ . ئادەمئاتا ھېچقايسى دەرەخنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ، تەرەتنىڭ قىستىشىغا تاقەت قىلالماي تۇمەن- قىغا چىقىرىپ بېشىغا كىيىۋاپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئەركەك زاتىنىڭ بېشىدىكى چاچتىن تارتىپ يۈز ۋە ئىڭەكلىرىنى بويلاپ چىقىقان تۈك- ساقاللار دەل شۇ ۋەقەنىڭ تەۋەررۇكى ئىمىش . «چاچ- ساقاللار چىلىشىپ قالغان تائام مەكرۇھ» دەيدىغان پەتىۋامۇ شۇ تۇپەيلىدىن چىققانمىش .
تۇماقىقا چىقىرىش بىلەن ئادەمئاتىنىڭ قورسىقى بوشىماپتۇ ، بەل- كى تەرىتى بارغانسېرى قىستاپ ، ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك بىئارام قىپ- تۇ . ئادەمئاتا پەقەت سەۋر- تاقەت قىلالماي ، نالە- پەرياد سېلىپ ،

ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بارغانىكەن، ئەنجۈر دەرىخى ئادەمئاتىنىڭ نالە- زارىغا چىداپ تۇرالماي، ئۆز ئاستىدىن پاناھلىق بېرىپتۇ. ئادەمئاتا كەڭ يوپۇرماقلىق، بۆك ئۆسكەن ئەنجۈر دەرىخى دالدىسىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ ئىچ- قارنىنى بوشىتىۋاپتۇ ۋە نىجاسىتىنى بىر تال ئەنجۈر يوپۇرمىقى بىلەن يېپىپ قويۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. شۇ ھامان نىجاسەت پۇرىقى جەننەت ئىچىنى قاپلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن رەزگى چىۋىنلەر پەيدا بوپتۇ، چىۋىنلەردىن قۇرتلار پەيدا بوپتۇ، قۇرتلار ئەخلەت پەيدا قىپتۇ…… شۇ تەرىقىدە ئۇنىڭدىن بۇ پەيدا بولۇۋېرىپ، ئەتراپنى مەينەتچىلىك بېسىپ، پاك، گۈزەل جەننەتنى بۇلغاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا ئىنسابسىز ئادەمئاتىنى باقىي جەننەتتىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقىرىپ، جىنايەتلىك پانىي دۇنياغا سۈرگۈن قىلىۋېتىپتۇ. يامانغا يانتاياق بولغان ئەنجۈر دەرىخىنى بولسا گۈل- چېچەك ئېچىشتىن مەھرۇم قىلىپ، ھەر كۈز كۈنلىرى دەسسەپ قايرىپ، يانتاق، تىكەنلەر بىلەن باستۇرۇپ كۆمۈشكە، مېۋىسىنى ئۈزۈپ - كاچاتلاپ يېيىشكە ھۆكۈم قىپتۇ. جەننەتتە پەيدا بولغان سېسىقچىلىق، ئەخلەت - چاۋار، چىۋىن، قۇرتلارنى ئادەمئاتىنىڭ ئارقىسىدىنلا پانىي دۇنياغا ھەيدەپ چىقىرىپ، جەننەتنى ئىنساندىن خالىي، پاك، گۈزەل، راھەتبەخش سەيلىگاھ قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ- تۇ. بۇغداي دېنىنىڭ قورسىقىدىكى بىر تىلىم سىزىق ئەينى چاغدا ئادەمئاتا بىر تىلىم يېگەندە قېپقالغان تاتۇق ئىمىش.

## ئەفرات ۋە توققۇز قىز

چىن دىيارىدا سەلتەنەتلىرى كاتتا، ئالەمدە تەڭدىشى يوق دانىش- مەن، ئۇرۇش ئىشلىرىغا ئاجايىپ كامىل بىر خاقان ئۆتكەن بولۇپ، ئۆزىنى كۈنتۇغاردىن كۈنپاتارغىچە بولغان كەڭ ئىقلىمنىڭ خاقانى دەپ ئاتايدىكەن، ئۇرۇشقا چىقسا دۈشمەن ئالدىدا شىردەك ھۆركىرەي- دىكەن. ئۇنىڭ ئىككى جەڭ ئېتى بولۇپ، بۇ ئاتلار ئۈچ يۈز ئاتمىش يىللىق يولنى بىر كۈندە باسىدىكەن. خاقان چۈشكىچە قارا ئاتقا،

چۈشتىن كېيىن ئاق ئاتقا مىنىدىكەن ، ئەلنى قوغداش ، خەلقنى مەڭگۈ بەختلىك ، باياشات قىلىش ئۈچۈن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىكەن ، دوستلىرىغا رەھىمدىل ، دۈشمەنلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ ، قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك يىراقلىقتىكى دۈشمەنلىرىدىن يامان شەپىلەرنى ئاڭلاپ قالسا ، دەرھال ئاتلىنىپ ، ئەدەپلەپ قايتىدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خەلقى خۇشال - خۇرام ، باياشات ياشايدىكەن ، دۆلىتى كۈچلۈك ، يەتتە ئىقلىمدا نامى پۇر ئىكەن . تەڭرى كۆك ئاسمان بىلەن قارا يەرنىڭ ئارىلىقىدا سۇ بىلەن تۇپراقنى قوشۇپ خېمىرغا ئوخشاش يۇغۇرۇپ ، كۈنگە قاقلاپ قۇرۇتۇپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئايدەك گۈزەل ئىكەن . بىر كۈنى باتۇر چىن خاقانى چۈش كۆرۈپتۇ ، چۈشىدە رۇم ئېلىنىڭ خاقانىغا ۋەزىرى شۇنداق دېگەن ئىمىش : «بىزدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش كېچە- كۈندۈز يىراقلىقتا چوڭ بىر ئەل بولۇپ ، خەلقى كۆپ ، بايلىقى مول ، خاقانى باتۇر ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە توققۇز ئوغلى بولۇپ ، ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئات مىنىپ ، ئوقيا ئېتىپ ، قىلىچ ئوينىتىپ يۈرىدىكەن . يېقىن كەلگۈسىدە ھەر تەرەپكە لەشكەر تارتىپ چىققۇدەك . شۇڭا ، ئۇلار ئۇيقۇدىكى ۋاقتىدا دەرھال قوشۇن تارتىپ ، خاقانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ، خەلقىنى ئەل قىلىپ ، كۈچىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى .»

چىن خاقانى ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ، كۆپ ئۇخلاپ كەتكىنىگە ئۆكۈنۈپتۇ ، لېكىن «ئۇخلىمىغان بولسام دۈشمەنلەرنىڭ مەسلىھەتىدىن خەۋەرسىز قالغان بولاتتىم» دەپ ئۆز- ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ . ياي شەكلىدىكى زۇلپىقارىنى يېنىغا ئېسىپ ، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ، ئاق ئېتىغا مىنىپتۇ ، قارا ئېتىنى يېتىلەپتۇ . دەرھال ئوغلىنى ئويغىتىپ ، قوشۇنلىرىنى سەپراس قىپتۇ . يەتتە مىڭ ئاق ئاتلىق قوشۇننى ئالدىغا ساپتۇ ، چۈنكى ، قاراڭغۇدا ئاق ئاتقا ئەگىشىپ ماڭسا يولدىن ئېزىپ قالمايدىكەن . چىلان تورۇق ئاتلىق قوشۇندىن يەتتە مىڭنى قارا ئاتلىق قوشۇننىڭ ئارقىسىغا ، يەتتە مىڭ قوڭۇر ئاتلىق قوشۇننى ئۇنىڭ ئارقىسىغا ، ئەڭ ئاخىرىغا يەتتە مىڭ قارا ئاتلىق قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . چىن خاقانى ئاسماندىكى ئايغا

قاراپ : «سەن يۈلتۈز بىلەن قوشۇلۇپ بىزگە مەدەت قىلغىن» ، ئورمانلارغا قاراپ : «بىزنى شامالدىن ساقلىغايسەن» ، تاغقا قاراپ : «ئەي قۇتلۇق تاغ ! ، سېنى بىز تەڭرى دەپ بىلىمىز ، سەن بىزگە هايات ئاتا قىلغايسەن ، دائىملىق مەدەتكار بولغايسەن» دەپ دۇئا قىپتۇ . ئاخىر توققۇز قىزىنى چاقىرىپتۇ ، باشتا ئەڭ كەنجى قىزى ئايخاننى چاقىرىپ : «بىز بارلىق ئەركەكلەر سەپەرگە ئاتلاندۇق ، يول يىراق ، پات ئارىدا قايتىپ كېلەلمەيمىز . سەن بارلىق قىزلارغا باشچىلىق قىلىپ ، ئەلنى ئوبدان ساقلىغىن . خەلقنى خارلىما ، بايلىقنى بۇزۇپ - چاچما» دەپ تاپىلاپتۇ . ئەڭ چوڭ قىزى قانقىزنى چاقىرىپ : «سەن قاندەك قىزىل بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئېتىڭنى قانقىز قويدۇم . سەن بۇ ئەلگە خان بولۇپ تۇرغىن . ئۇرۇش ئىشلىرىدا سىڭلىڭدەك ئىقتىدارىڭ يوق ، شۇڭا ئۇرۇشقا سىڭلىڭ قوماندانلىق قىلسۇن ، سەن ئوردىدا ئولتۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن بولغىن» دەپتۇ . يەتتىنچى قىزى قازنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا ۋەزىرلىكنى تاپشۇرۇپتۇ ، قالغان تۆت قىزىنى تەرەپنى ساقلاشقا ، ئىككى قىزىنى ئوردىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، خان قەشقەر ئىقلىمىدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلۈك سەپەرگە راۋان بوپتۇ . يەتتە كېچە-كۈندۈزدە باغداد شەھىرىگە يېقىن كەپتۇ . باغدادنىڭ بىر خاقانى بولۇپ ، كۈچ جەھەتتە تەڭدىشى يوق ، ئالەمگە داڭقى كەتكەنىكەن . ئۇمۇ چۈش كۆرۈپ ، چۈشىدە چىن خاقانىنىڭ توققۇز تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىن هازىرلىق قىلىپ قويغانىكەن . چىن خاقانىنىڭ خەۋەرچىلىرى خانغا ئۇلارنىڭ ئالدىنى باغداد ئېلىنىڭ خاقانى قاسىرانىنىڭ توسۇپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ . چىن خاقانى دەرغەزەپكە كېلىپ : «بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىمىغاندۇق . ئەپسۇسكى ، ئىچىدىن زەهەر قايناپدىغان بۇ ئەبلەخ بىزنى توسماقچى بولغان بولسا ، ئۇنىڭمۇ بىر جاجىسىنى بېرىپ قويايلى» دەپتۇ . ئىككى تەرەپ قوشۇنى نەرە تارتىپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ . يەتتە كېچە - كۈندۈزلۈك قاتتىق جەڭدىن كېيىن قاسىران قوشۇنلىرى قېچىپتۇ . چىن قوشۇنلىرى قوغلاپتۇ . ئۇرۇش شۇن-

داق دەھشەتلىك بوپتۇكى، توپا - چاڭنىڭ دەستىدىن كۈن كۆرۈن-
مەي، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ، قان دەريا بولۇپ ئېقىپ،
كىشىلەر كېمە بىلەن ئۆتۈپتۇ، ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، شوتا
بىلەن ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپتۇ. چىن قوشۇنلىرى غەزەپ بىلەن دۈشمەن-
لەرنى قوغلاپ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كەپتۇ، قارىسا قاسىران قو-
شۇنلىرى كۆرۈنمىگۈدەك. شۇئاندا چىن خاقانى ئەفرات لەشكەرلىرىگە
قايتىشنى بۇيرۇغانىكەن، بىردەمدە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا توپان
سۈيى تولۇپ كېتىپ، نۇرغۇن لەشكەر تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
ئەفرات دوملاپ چۈشكەن يوغان قىيا تاشنىڭ ئاستىدا قېلىپ قازا
قىپتۇ. سۇدىن ئامان قالغانلىرى قېچىپتۇ. تاغنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇ-
نۇۋالغان قاسىران لەشكەرلىرى ئوقيا، تاش بىلەن يەنە بىر قىسىملى-
رىنى يوقىتىپتۇ، بۇ شۇم خەۋەر چىن ئىقلىمىغا يېتىپ كەلگەندە
ئەفراتنىڭ توققۇز قىزى قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئوتتۇرانچى قىزى ئالقان
«قوشۇن باشلاپ دادىمىز ۋە ئاكىلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىپ كې-
لەيلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. يەنە بىر قىزى «مەخپىي بېرىپ
قاسىراننىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن» دەپ ئەھدە قىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، كەنجى قىزى ئايخان ئاچىلىرىغا: «بىزنىڭ ھازىرقى
ئىشىمىز ئەل - يۇرتنى قوغداش. دادىمىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ھالاك بولدى. بىز بۇ ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە
تۇتۇپ، يۇرتىمىزنى قوغدايلى» دەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يات ئەلنىڭ
خاقانى بۇ قىزلارغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
قوشۇن تارتىشقا تەييارلىنىپتۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە توققۇز
قىزنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار كۆپ مەسلىھەتلەر قىلغاندىن كې-
يىن، «بۇ ياۋۇز خاقاننىڭ لەشكەرلىرى كۆپ، بىزنىڭ ئەر لەشكەر-
لىرىمىزنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى. ئۇلار بىلەن يەكمۇيەك جەڭ
قىلساق، ئېھتىمال يېڭىلىپ قالىمىز، شۇڭا ھىيلە بىلەن بۇ ئەبلەخ-
لەرنى يوقىتايلى» دەپ پىلان تۈزۈپتۇ. ئۇلار بىر جادۇگەر كەمپىر-
دىن مەسلىھەت سورىغانىكەن. ئۇ: «سېپىل ياسىساڭلار دۈشمەن
بەربىر بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئالتۇن - كۈمۈش، دەپنە - دۇنيا كۆمۈپ

قويساڭلار ئەۋلادلىرىڭلار تاپالماي پايدىلىنالمايدۇ ، كۆلنىڭ ئاستىدا ساقلىساڭلار چىرىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، چوڭ قۇملۇققا يوشۇرۇپ قويۇساڭلار ئوبدان ساقلىنىدۇ » دەپتۇ . قىزلار يىراق- يىراق جايلاردىن قۇم ئىزدەپتۇ . ئۇلار قۇم ئېلىگە بېرىپ ، ئۇ يەردىن قۇم يۆتكەشكە بەل باغلاپتۇ . پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئات- تۆگىلەرگە ئارتىپ قۇم يۆتكەپتۇ . ئۆزلىرى قېرىپ دوك بولۇپ كەتكۈچە قۇم يۈدۈپتۇ . بۇ مەسلىھەتنى بەرگەن جادۇگەر كەمپىر ئەسلىدە شۇ قۇم ئېلىنىڭ پادىشاھى بولۇپ ، قىزلارنىڭ بۇ روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ . ئۇ شۇنداق ئەمر قىلغانىكەن ، قۇم ئېلىدىن لەكمىڭ - لەكمىڭ قۇم بارخانلىرى ئۆزلۈكىدىن يۆتكىلىپ ، چىن دىيارىدىكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ ئۈستىنى خۇددى قالپاق كىيگەندەك ئوراپتۇ . ئايخان ياشىنىپ قالغان ئاچىلىرى بىلەن بارلىق قېرى - چۆرىلەر ۋە كىچىك بالىلارنى قۇم ئاستىدا ياشاشقا قالدۇرۇپ ، ئۆزى توققۇز مىڭ قىز ئەسكىرىنى ئېلىپ دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئاتلىنىپتۇ . ئىككى تەرەپ يەتمىش ئىككى كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپتۇ . يات ئەلنىڭ خاقانى ئەسلىدە دۆپىرىلەر ئېلىدىن بولۇپ ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغانىدىكەن . ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى جىمىكى مەخلۇقاتنى ، ئادەم ۋە گىياھ - تۈپراقلارنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيدىكەن ، بوران چىقىرىپ تاغلارنى تۈزلىۋېتەلەيدىكەن ، توپان سۈيى ھاسىل قىلىپ ھەممىنى غەرق قىلىۋېتەلەيدىكەن . ئايخان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى كۈن ھارارىتىدە پىشىپ ، سۇ بىلەن توپىدا خېمىردەك يۇغۇرۇلۇپ ئۇيۇشقان بولغاچقا ، تۆت تاغ ۋە ئورمانلار مەدەت بەرگەچكە ئوتتا كۆيمەيدىكەن ، سۇدا ئاقمايدىكەن ، شامالدا ئۇچمايدىكەن . شۇڭا ئۇلار شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ قىپتۇكى ، ئايخان ھەربىر قىلىچ ئۇرسا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يەتتە قات ئاسمان زىلزىلىگە كېلىپ ، يەتتە قات يەر تەۋرەپ كېتىدىكەن . يات ئەلنىڭ خاقانى مۇرغات ئۆز ئۆمرىدە قىرىق بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىپ ، قىرىق بىر پالۋاننى يەڭگەن بولسىمۇ ، بۇنداق باھادىرغا يولۇقمىغانىكەن . ئايخاننى يېڭىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن مۇرغات بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ . ۋەزىرلىرىگە : «چىن ئىقلى-

مىنى ئوتتا كۆيدۈرەيلى دېسەك ، قىرىق يىللىق يولغا يېتىپ بارال-
ماي ، ئوت ئۆچۈپ قالىدۇ ، شامالدا ئۇچۇرۇپ تۈگىتەيلى دېسەك ،
ئېگىز تاغلار توسۇۋالىدۇ . شۇڭا ، ئۇلۇغ دېڭىزنىڭ سۈيىنى قويۇۋەت-
سەك ، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ » دەپ ، دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىن
ئىقلىمىغا قارىتىپ ئېچىۋېتىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئايخان قوم ئۈستىنى
سۇ باسسا ئاچىلىرىمىز ، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمىز تۈگىشىدۇ ، سۇنى
ئوردا ئەتراپىدا توسۇپ قالايلى ، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ . ئۇلار يەتمىش
ئىككى كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلىشىپ ، ئاخىر بۇ سۇنى توسۇپ
قاپتۇ ، ئوردا سۇ ئاستىدا قاپتۇ- يۇ ، قوم ئاستىدا قالغان ئاچىلىرىغا
زىيان - زەخمەت يەتمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لەشكەر ، پۇقرالىرىنى
يىغىپ ، كەڭ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا ماكان تۇتۇپ ئاچىلىرىنى مۇھاپى-
زەت قىلىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ ، قېرىنداشلىرىنىڭ پىراقىدا زار-
زار يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا
نۇرغۇن شەھەرلەر قۇرۇلۇپ ، ھايات قالغان كىشىلەر جان بېقىپ
كەلگەنمىش . يىراق - يىراق قوم بارخانلىرىدىن دائىم مۇڭلۇق ناخشى-
لار ، ھەسرەت - نادامەتلەر ئاڭلىنىپ تۇرار ئىمىش . كىشىلەر قوم
ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئىس- تۈتەكلەرنى كۆرەر ئىمىش . ئۇلار ئاتا-
بوۋىلىرىنى ئەسلىگەندە ، بۇ كەڭ قۇملۇققا بېرىپ كۆمۈلۈپ ، ئۆزلى-
رىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك ھېس قىلار ئىمىش ،
كىشىلەر ئايخاننىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن . ئۇلار-
نىڭ نەزىرىدە ئايخان مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان خىسلەتكە ئىگە بولغاچقا ،
چىن ئىقلىمىدا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خاتىرجەم ياشاۋېتىپتۇ .

## توغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ

رىۋايەتچىلەر شۇنداق ئېيتىدۇلەركى ، ھەزرىتى ئىسكەندەر پادى-
شاھلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا «دۇنيانىڭ
مەلۇم بىر يېرىدە بىر زۇلمەت بار ئىمىش . زۇلمەتكە كىرىپ
چىققانلار ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان ئىچىدە قالۇر ئىمىش» دېگەن بىر
گەپ يېتىپتۇ . ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ زۇلمەتنى كۆرگۈسى ، «پۇ-

شايمان»نىڭ بار يېرىنى بىلگۈسى كەپتۇ- دە ، زۇلمەتنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ . ئۇ بىر جايغا بارغاندا ھەسرەتكە چۆكۈپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە يولۇقۇپتۇ . ئىسكەندەر ئۇ كىشىدىن ھەسرەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ . ئۇ كىشى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ :

— مەن بۇ دۇنيادا بىر زۇلمەت بارلىقىغا ئىشىنىپ ، ئاخىر زۇلمەتنى تېپىپ كىردىم . ئۇنىڭ ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ ئىكەنكى ، بىر قەدەم نېرىدىكى جاينى ئەمەس ، ئۆزى تۇرغان جاينىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن . شۇنداق بولسىمۇ مەن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، بىرچاغدا ئايىغىم سۇغا چىلانغاندەك بولدى . شۇ يەردە توختاپ سۇغا قول تىقتىم ، سۇ تېيىز ئىكەن ، قولۇمغا ئاجايىپ سىلىق تاشلار ئۇرۇندى . مەن قولۇمغا چىققان تاشلارنى ئېلىپ يورۇقتا كۆرۈش ئۈچۈن زۇلمەتتىن قايتىپ چىقتىم . قارىسام ئۇ شۇنداق ئېسىل گۆھەر تاشلار ئىكەن ، ئۇنداق تاشلارنى يەر يۈزىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس . مەن بۇ تاشلارنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىمدا يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى . ئۇ كىشىمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىققانىكەن ، ئەمما ھېچنېمە ئاچىقماپتۇ . ئۇ كىشى مەن ئاچىققان تاشلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى . ئىككىمىز دەرھال زۇلمەتكە قايتا كىرمەكچى بولدۇق ، بىراق زۇلمەت غايىب بولۇپ كېتىپتۇ . بىز خۇداغا نالە قىلىپ ، زۇلمەتكە كىرىش ئۈچۈن يول بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق . شۇ پەيتتە غايىبتىن : «ھەي ئىنسانلار ، ئادەم ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىرىش بىر نۆۋەت نېسىپ بولىدۇ» دېگەن سادا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ھېچ نەرسە ئاچىقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى . مەن بولسام كۆپرەك ئاچىقمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرىمەن .

ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يولغا راۋان بوپتۇ . ئۇ بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ . ئىسكەندەر «زۇلمەت مۇشۇ بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ ، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ، ئۆزى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ . ئېيتقاندەك ، بۇ زۇلمەت ئىكەن . ئۇ بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن سۇغا دۈچ كەپتۇ . قولىنى سۇغا سالغىنىكەن ، ھېلىقى كىشى ئېيتقاندەك سىلىق

تاشلار ئۆرۈنۈپتۇ. ئىسكەندەر: «ماڭا دەپنە - دۇنيا كېرەك ئەمەس، مەن مۇشۇ سۇدىن ئىچىۋالاي» دەپ، يېنىدىكى كوزىغا زۇلمەتنىڭ سۈيىنى تولدۇرۇپ ئاچىقىپتۇ. شۇ ھامان دەرەختىن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئى شاھى ئىسكەندەر» دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ئىسكەندەر: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ-دە، دەرھال ئېتىنى ئۇ دەرەختىن يېشىپ باشقا دەرەخكە باغلاپ، ھېلىقى ئاۋاز چىققان دەرەخكە قايتا نەزەر سېپتۇ. بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر كىشى ياتقانىكەن.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئىسكەندەر ئۇ كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

— ئەپۇ قىلىڭ، شاھى ئالەم، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئىلاجىسىزمەن. مەن دەرەخ ئادەم بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بۇ قانداق گەپ، دەرەخ ئادەممۇ بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىسكەندەر. ئۇ كىشى:

— مەن ئەسلىدە ئادەم ئىدىم. زۇلمەتكە كىرىپ زۇلمەتنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ چىققانىدىم. ھازىر بۇ ۋەقەگە مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتتى. ئۆلمىدىم. كېيىن بىلسەم، زۇلمەتنىڭ سۈيى ئابىھايات دېگەن سۇ ئىكەن. ماڭا قاراڭ، بەدىنىمدىن دەرەخ ئۆسۈپ چىقتى، لېكىن تېنىمدىن جېنىم چىقمىدى. دەرەخ ئادەم بولۇپ قالدىم. ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسام، بۇنداق كۈنگە قالماس ئىدىم، — دەپتۇ، ئاندىن ئىسكەندەردىن:

— سىزمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ ئىسكەندەر ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاچا سۇ ئاچىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسىڭىز، تۆكۈۋېتىڭ، ئىچسىڭىز، ماڭا ئوخشاش باقىي ئالەمگە سەپەر قىلالماي، مەڭگۈ ئازابئۇقۇبەت ئىچىدە قالىسىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر كوزىدىكى سۇنى نېرىراقتا تۇرغان بىر دە-

رەخنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋېتىپتۇ . دەرەخكە بىر قاغا قونۇپ ئولتۇرغانكەن ، ئۇ قاغا سۇ تۆكۈلگىنىنى كۆرگەن هامان ئۇقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ ، سىڭىپ بولمىغان سۇنى ئىچىۋاپتۇ . ئىسكەندەر سۇ چاچقان دەرەخ توغراق ئىكەن . شۇڭا ، توغراق بىلەن قاغا ئابىھايات سۇيىنى ئىچكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەر ئىمىش .

## بۇغداي دېنى نېمىشقا سوقچاق

هازازۇل خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ شەيتانغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، دوزاختا يالغۇز ئازابلىنىشتىن قورقۇپ ، بەندىلەرنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەيتان بەندىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقى بولغان بىر تال يۇمىلاق بۇغداي دېنىنى ئېلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا :

— سىز خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ، شۇڭلاشقا سىزنى خۇدا پەيغەمبەر دەرىجىسىگە كۆتۈردى ، سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىز يېگەن ئوزۇقنىڭ تەمىنى بىلگەن بولسىڭىز ، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ۋە رەھمىتىگە تېخىمۇ قايىل بولغان بولاتتىڭىز . شۇڭا ، بەندىلەرنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى تېتىپ كۆرۈپ ، ئۇلار ئۈچۈن خۇداغا رەھمەت ئوقۇپ قويارمىكىن دەپ ، بىر تال بۇغداي دېنى ئەكەلدىم ، — دەپتۇ ۋە بىر تال بۇغداي دېنىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بېرىپتۇ . بۇنىڭغا هەۋەسلەنگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇغداينى ئاغزىغا ساپتۇ-دە ، يۇتماقچى بوپتۇ . بۇ هالنى كۆرۈپ تۇرغان خۇدا شۇئان جىبىرئىل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇق قىلىپ :

— هەي جىبىرئىل ، سەن دەرهال ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى سىق ، كانىيىدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئۆتۈپ كەتمىسۇن هەمدە ئۇ شەيتانغا ئالدانغانلىقى ئۈچۈن توۋا قىلسۇن ، — دەپتۇ .

جىبىرئىل ئەلەيھىسسالام دەرهال خۇدانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ . ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى بىر سىققانىكەن ، هېلىقى يۇمىلاق بۇغداي ئېزىلىپ سوقچاق بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر تەرىپىگە جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باش بارماق تىرنىقىنىڭ ئىزى

چۈشۈپ قاپتۇ . شۇنىڭدىن بۇيان بۇغداي دېنى سوقىچاق بولۇپ قالغا-
نىكەن .

## چىمەنگۈل ۋە چىمەن دوپپا

قەدىمكى زاماندا قەشقەردە قاراخان دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنى-
كەن . ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ ، ئاي دېسە ئايدىن چىرايلىق ، كۈن
دېسە كۈندىن چىرايلىق ، ئەقىل- پاراسەتلىك ، قولى ئەپچىل ، ئىشچان
قىز ئىكەن . يىللار ئۆتۈپ قىز بالاغەتكە يېتىپتۇ . هال - ئەھۋالى
يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىنىڭ شاھزادىلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشقا
باشلاپتۇ . قىز دەل توققۇز ياشقا كىرگەن كۈنى يەتتە پادىشاھلىقنىڭ
شاھزادىسىدىن ئەلچى كەپتۇ . تەڭقىسلىقتا قالغان پادىشاھ قىزىنىڭ
ئىختىيارىغا قويۇپتۇ . قىز دادىسىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ ،
ئەلچىلەرنىڭ قىرىق كۈن كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ .

مەلىكە قىرىق كۈن ئىچىدە يەتتە دانە دوپپا تىكىپ ، يەتتە دۆلەت-
نىڭ ئەلچىسىگە بىردىن بېرىپ : «سىلەر بۇنى شاھزادىلىرىڭلارغا
بېرىڭلار ، كىمدەكىم بۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ، ئىسمىنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بى-
رىنچى بولۇپ دەپ بېرەلىسە ، شۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن» دەپتۇ .

ئەلچىلەر دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ ، دوپپىنى بەلباغلىرىغا چې-
گىپ ، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىپتۇ . دوپپىنى ۋە مەلىكىنىڭ شەرتلىرى-
نى شاھ ۋە شاھزادىلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ . شاھزادىلەرنىڭ بېشى قېتىپ-
تۇ ، ئەقلى چېچىلىپ ، تىللىرى كالۋالىشىپتۇ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە
يەكەن پادىشاھىنىڭ ئوغلى پاقلانباي چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ ، دەرھال
«نامە» تەييارلاپ ، ئەلچىدىن قەشقەرگە يوللاپتۇ .

شەرتنى ئېغىر قويۇپ تاقىتى تاق بولغان مەلىكە دەل يەتتىنچى
كۈنى يەكەن شاھزادىسىنىڭ مۇبارەك مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ . خەت-
تە : «دوپپىنىڭ ئىسمى ‹چىمەن› ، بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى بىلەن
ئوخشاش ؛ دوپپىنىڭ رەڭگى مەلىكە تۇرىدىغان چارباغدىكى چىمەنلىك-
نىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش ، ئۇنىڭغا مەلىكە ياخشى كۆرىدىغان

بۇغداي باشقىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن؛ دوپپىنى يىگىتلەر بېشىغا كىيىدۇ. بۇ، مۇبادا مەلىكە ياتلىق بولۇپ كەتسە، ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ، دېگەنلىك» دەپ يېزىلغانىكەن.

مەلىكە پاقلانبايىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ، ئەمما باشقا يۇرت شاھزادىلىرىنىڭ جاۋابلىرىنىمۇ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن يەكەن ئەلچىسىنى قىرىق كۈنگىچە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. قىرىق كۈنگىچە ھېچقانداق يەردىن جاۋاب كەلمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەلىكە چىمەنگۈل پاقلانبايغا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ھۈنىرىنى قىز-چوكانلار ئۆگىنىپ، چىمەن دوپپا ئەل ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلاپتۇ.

## ھاراق قانداق پەيدا بولغان

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى توپان بالاسى بولغانىكەن. شۇ مەزگىلدە نوھ ئالتە ئاي سۇ يۈزىدە يۈرگەنىكەن. ئوزۇقلۇق ئۈچۈن باشقا نەرسىلەر قاتارىدا يەنە ناھايىتى كۆپ قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىۋالغانىكەن. سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈش جەريانىدا كېمىلەرگە نۇرغۇن قېتىم سۇ كىرىپ كېتىپ، ئۈزۈمنىڭ ئاستى سېسىشقا باشلاپتۇ. ئوزۇق تۈگىگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئىلاجسىز سېسىغان ئۈزۈملەرنى سىقىپ سۈيىنى ئوزۇق قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بېشى سەل قايغاندەك بوپتۇ، ئەمما روھلىرى بىردىن كۆتۈرۈلۈپ، كېمە ئىچىنى خۇشخۇي چاقچاق، جاراڭلىق ناخشىلار قاپلاپتۇ. ھەممە كىشى بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن ھەيران قېلىشىپتۇ. كېيىن يەنە سېسىغان ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيىنى ئىچكەنىكەن، يۇقىرىقى ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر سېسىغان ئۈزۈم سۈيى روھنى كۆتۈرۈپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرىدىكەن، دېگەن تونۇشقا كەپتۇ.

توپان بالاسى ئاخىرلىشىپتۇ، تىنچ تۇرمۇش باشلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر كېمىدىكى ئەھۋالنى ئەسلىشىپ، ئۈزۈملەرنى سېسىتىپ سۈيىنى چىقىرىپ، بىرخىل ئىچىملىك تەييارلاشنى ئادەتكە

ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى «شاراب» دەپ ئاتاپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپتۇ، تۈرلۈك بەزمە، زىياپەتلەردە شاراب ئىچىش ئومۇملىشىپتۇ.

شۇ زامانلاردىكى پادىشاھلارنىڭ بىرىدە شارابنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، ئەمما شارابنىڭ ئىچىلىش مىقدارىنى كېمەيتىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە: «كىمدەكىم شارابنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئىچىلىش مىقدارىنى ئازايتىپ، ئاز شاراب بىلەن كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرالايدىغان بولسا، ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك مال-دۇنيا مۇكاپات بېرىلىدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ.

شۇ زاماندا ياخشىلىقنى ھارام بىلىپ، ئەسكىلىكتە داڭقى چىققان، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، كۈنى تەسكە قالغان بىر ئادەم بولۇپ، ئىسمى مەلئۇن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ جاكارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچ كۆزلۈكى غەليان كۆتۈرۈپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە پادىشاھقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئۈچ ئايلىق مۆھلەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمىسا، كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىپتۇ. مەلئۇن ئۆيىگە كېلىپلا ئىش باشلاپتۇ، ئۇنداق قىپتۇ، بۇنداق قىپتۇ، قىلمىغان ئىشلىرى قالماپتۇ، ئەمما بىرەر ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي، ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە گېلىدىن تاماق ئۆتمەي يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆزى چېقىر، بۇرنى پاناق، يۈزى گۆشلۈك، بويى پاكارغىنا كەلگەن 50 ياشلار چامىسىدىكى سودىگەر قىياپەتلىك بىر كوسا ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە:

— ھەي مەلئۇن، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ يىغلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— يىغلىما، بۇنىڭ چارىسى ئاسان. سەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا بىر يولۋاس، بىر تۈلكە، بىر قىزىل خوراز تەلەپ قىلغىن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ

خېمىرتۇرۇچ ياسىغىن، شۇ چاغدا ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دەپ يول كۆرسىتىپ، شۇئان كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ ئادەم ئەسلىدە پۈتۈن دۇنيادىكى شۇملۇقلارنىڭ پىر- ئۇستازى لەنىتى شەيتان ئىكەن.

مەلئۇن شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شاراب ياساپ ئىچىپ بېقىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئەقلى لال بولۇپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ- دە، بىر تۇڭ شاراب تەييارلاپ پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ۋەزىر، ئەمىر، ئەكابىر- ئەشرەپلىرى قاتناشقان بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بىرنەچچە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن شۇنداق بىر ئەھۋال سادىر بوپتۇكى، ھەممە كىشى ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. مۆرىمەسلەر ناخشىغا، سۆرەلمىلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ، قورقۇنچاقلار باتۇرغا ئايلىنىپتۇ، تاماق قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشىپ، پادىشاھقا قول شىلتىپ، چۇۋۇتقىلىرىنى چۇۋۇغىلى تۇرۇپتۇ. بەزىلەر مۇلايىملىشىپ، يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ شېرىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئادەتتە ياۋاش، مۆمىن دېگەنلەر يەڭ شىمايلاپ ئاداۋىتى بارلار بىلەن جېدەللەشكىلى باشلاپتۇ. بەزىلەر بولسا ھايا- نومۇس دېگەنلەرنى تاشلىۋېتىپ، ئاياللارغا ئېسىلىۋېلىشقا، بەزى ئاياللار بولسا ئوچۇق- ئاشكارا ھالدا ئەرلەرگە چاپلىشىۋېلىشقا باشلاپتۇ. زىياپەت خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان بولسىمۇ، كىشىلەر قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىشمەپتۇ ۋە ئادەتتە تۈگەپ كېتىدىغان زىياپەت تاماقلىرى ئېشىپ قاپتۇ.

ئۇلار قورقۇنچاقلارنىڭ باتۇرغا ئايلىنىشى يولۋاس قېنىنىڭ ئارىلاشقانلىقىدىن، بەزىلەرنىڭ بەك مۇلايىم ياكى ھارامزادىلىشىپ كېتىشى تۈلكە قېنى قوشۇلغانلىقىدىن، ھايا-نومۇسنىڭ يوقىغانلىقى قىزىل خورازنىڭ قېنىدىن، قورساقنىڭ ئاچماسلىقى ئۈزۈم سۈيىنىڭ قۇۋۋىتىدىن دەپ خۇلاسە قىلىشىپتۇ.

شۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن شاراب ئىشلەش تېخىمۇ تەرەققىي قىپتۇ، ئەمما ئەل ئىچىدە جېدەل- ماجىرا، بۇزۇقچىلىق، قاتىللىق

قاتارلىق ھەر خىل جىنايى قىلمىشلار ئەۋج ئاپتۇ. دانىشمەنلەر: «بۇ شاراب ئەمەس، ھەلەق ئىكەن» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام ئومۇملىشىپتۇ. لېكىن، خېلى يىللاردىن كېيىن «ھەلەق» سۆزى «هاراق» قا ئۆزگىرىپتۇ.

## مەھمۇد كاشغەرىيگە ئات قويۇش رىۋايىتى

زور پالاكەت ۋە دىشۋارچىلىقتىن ئامان قالغان شاھ تۇنجى نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى شەرىپىگە شىكارغا چىققان 40 يىگىت مىنگەن 40 ئاتنى نەزىر قىلىپ، شۈكرانىسىغا دۇئا-تەكبىر ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ يۇرتتىكى پۈتكۈل ئۆلىما-پۇزۇلا، يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ، نەۋرىسىگە ئىسىم قويۇش تويى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئەكابىرلارغا خەۋەر بېرىپتۇ. ھەممە يىغىلىپ «ئات تويى»نى كاتتا زىياپەت، تەنتەنە بىلەن «قىزىل مەسچىت ئاتام»دىكى ئوردىدا ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئايى خەيردىن كېيىن، يېڭى نەۋرىسىنى تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ، بىر توققۇز سىپاھ كۆتۈرۈپ، ئوردا مېھمانخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ، يەردە قويماي كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تەڭ: «شاھىمىزغا قۇتلۇق بولسۇن» دەپ مۇبارەكلەپتۇ، ئاندىن يۇرت قازىسى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ پېشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ: «شاھزادە يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي» دەپتىكەن، شاھى ئېھرام مېيىقىدا كۈلۈپتۇ. ئىككىنچىسى قولىغا ئېلىپ: «كاتتا باھادىر ۋە ئەقىللىك بولۇشى قۇلىقىنىڭ چوڭلۇقى، پېشانىسىنىڭ كەڭلىكىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر» دەپتىكەن، شاھقا بۇ گەپمۇ بىر نەۋئى تۇيۇلۇپتۇ. ئۈچىنچىسى، تۆتىنچىسى، بەشىنچىسى، ئالتىنچىلىرىمۇ شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ۋە خۇشامەتتىن ياغلىما سۆزلەرنى قىپتۇ. يەتتىنچى نۆۋەتتە قۇدىسى سەيپىدىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ: «تەڭرىم بىزگە بۇ يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا شۈكرىلەر بەجا كەلتۈرىمەن. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ياخشىلىقى — مىراسى ئىلىم

ۋە ئەدەپ ئۆگىنىشتىن ئەۋزەل ئەمەس . تەڭرىم نېسىپ قىلسا ، تەربىيەمىز بىلەن نەۋرىمىز ئالىم بولغۇسىدۇر » دەپتىكەن ، پۈتكۈل مېھمانلار باركاللا توۋلىشىپ كېتىپتۇ ،ئارقىدىنلا «ئاللاھۇ ئەكبەر...... » دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ . شاھنىڭ خۇشاللىق يېشى كۆز چانقىدىن نورۇز بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ . يۈگۈرۈپ كېلىپ سەيپىدىننى قۇچاقلاپ ، نەۋرىسى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ، چۆرگىلىتىپ ، ئاندىن يەرگە دەسسىتىپتۇ . شاھ نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ باش- كۆزىدىن سۆيۈپ ، خالايىققا قاراپ :

«ئىلىم ئىلەدۇر نىزامى ئالەم ،
ئاداپ ئىلەدۇر كامالى ئادەم» .

دەپتۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن : «مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن ئەۋلادىمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ دەرىجە دەپ بىلىمەن ، ئالىملىق ئىككىلا دۇنيانىڭ نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر . مېنىڭ دىلىمدىكى ئارزۇيۇمنى ۋەلىي (ئالدىن بىلگۈچى ، كارامەت قىلغۇچى )گە ئوخشاش قۇدىمىز سەيپىدىن ئاكا تاپتى . مەن ھەقىقىي رىزا بولدۇم . بۈگۈندىن باشلاپ بۇ كىشىنىڭ نامىنى پۈتكۈل ئەل 〈 سەيپىدىن ۋەلىيۇللا〉 دەپ ئاتىغاي » دەپ پەرمان قىپتۇ . ھەممەيلەن تەزىم بىلەن «خوش » دەپ رىزالىق بىلدۈرۈپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ ئىسمىنى نېمە قويۇش ھەققىدە مەسلىھەت - مەشپىرەتلەر باشلىنىپتۇ .

ئۆلىمالاردىن بىرى : «شاھىمىز ، بۈگۈن جانابلىرى ئىلىمپەرۋەرلىكلىرىنى ئايان قىلىپ ، ئارزۇلىرىنى شاھلىقتىن يۇقىرى دەپ تونۇپ ، بىزگە سائادىتىمىزنى كۆرسەتتىلە ، بىز ئىلىم ئەھلىلىرى تولىمۇ مەمنۇن بولدۇق . شۇڭا ، بىز سىلىدەك شاھىمىزنىڭ دەۋرى بىلەن ماختىنىمىز . ھەممىمىز مۇشۇ ماختىنىش ۋە مەمنۇنىيىتىمىزگە شۈكۈر بەجا كەلتۈرۈپ ، بۇ ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز . بىزنىڭ مۇشۇ نىيەت-مۇددىئايىمىزنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ، قۇتلۇق قەدەملىك پەرزەنتلىرىگە بەش ھەرپتىن ئىبارەت بولغان 〈 مخمۇد〉 (ماختانغۇچى )

ئىسمىنى قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمىز . چۈنكى ، بۇ ئىسمىنىڭ ھەربىر ھەرپىدە بىر مەنە يوشۇرۇنغان . بىرىنچى ھەرپ بولغان 〈 م 〉 (مىم ) مەمنۇنىيەتنى بىلدۈرىدۇ ، 〈 خ 〉 (ھى ) ھەمدۇ ئېيتقۇچى دېگەن مەنە-نى ، 〈 م 〉 (مىم ) مۇددىئا - مۇرادىغا ئېرىشكەن دېگەن مەنىنى ، 〈 ۋ 〉 (ۋاۋ ) ۋاپادارلىق دېگەن مەنىنى ، 〈 د 〉 (دال ) دىيانەتكارلىق دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ » دەپتۇ .

شاھى ئېھرام خالايىق مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا : «نۇرە دىدەمىزنىڭ ئىسمى مەھمۇد بىننى ھۇسەيىن بولسۇن ، ئوغلىمىز ھۇسەيىن بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۆرمىتىدىن بۇگۈندىن باشلاپ 〈 ئەمىر سۇلتان ھۇسەيىن 〉 دەپ ئاتالسۇن . خالايىق ئىچىدە ئىلىم-ھۇنەر شۇنداق روناق تاپسۇنكى ، ئىلىم- ھۇنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنىتىمىز تەۋە-سىدە كۆرۈلمىگەي ، ھەرقانداق كىشى پەزىلىتىنى ئارتتۇرۇپ ، ئۆزى-نىڭ بىباھالىقىنى كۆرسەتكەي ، ئىلىم - ئېرپانغا قىيا باققۇچىلارغا ھاشارغا ھەيدەپ ، ئۇلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاتقاي » دەپ پەرمانى ئالىي قىپتۇ .

شاھزادە مەھمۇد تەلپۈنگەندە ، شاھى ئېھرام توققۇز قوي ئۆلتۈ-رۈپ ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «ھەقىق تويى » قىپتۇ . ئۆلتۈرۈلگەن قوي سۆڭەكلىرىگە تىغ تەگكۈزمەي ، ئۇستىخانلارنى تارتۇقلاپ ، ئۇ-نىڭدىن كېيىن ئۇستىخاننىڭ ھەممىسىنى يىغىپ «كېپەنلەپ » بالى-نىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن ئۈچۈن ، «قىزىلجاي ئاتام »دىكى زاراتى-گاھلىققا دەپنە قىپتۇ .

## نۇرئەلانۇرخاننىڭ سەئىد ئەلى ئارسلانخانغا ھامىلدار بولۇشى

نۇرئەلانۇرخان كىچىكىدىنلا ھەزرىتى ئەلى ھەققىدىكى جەڭنامى-لەرنى ئوقۇشقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن . ئۇ ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدىكى جەڭنامىلەرنى كۆپ ئوقۇپ ، ئۇنىڭ ۋەسپى تەرىپلىرىنى جىق ئاڭلاپ ، ھەزرىتى ئەلىگە بولغان ئىخلاسى كۈندىن- كۈنگە ئېشىپتۇ . كۈنلەر-نىڭ بىر كۈنى ئۇ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ھەزرىتى ئەلىنى يادىغا

كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە «ئى خۇدايا، مېنىڭ ۋاقتىمدا شۇنداق بىر زات
ئۆتكەن بولسا، مەن شۇ زاتنىڭ جۈپتى بولغان بولسام قانداق ياخشى
بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، خىيال ئىلكىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە
ھەزرىتى ئەلىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ چۈشتىن بەكلا سۆيۈنگەن بولسىمۇ،
ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس
قىپتۇ. بۇ ئىش ئۆز ئائىلىسىگە ئۆچمەس داغ چۈشۈرىدىغان نومۇس-
لۇق ئىش بولغاچقا، ئاتا- ئانىسىغا نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەپ-
تۇ، ئويلا- ئويلا، ئويلىغانسېرى قورقۇنچ بېسىپتۇ، ھامىلىنى يوقى-
تىشقا ھېچبىر ئامال قىلالماپتۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ قېشىدا تۇرغاندا،
قورساقتىكى ھامىلە خۇددى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بۇۋى مەريەمنىڭ
قارنىدا يېتىپ تۇرۇپ قانداق سۆزلىگەن بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش
سۆزلەيدىكەن. بۇ ئەھۋال ئوردىدا پىتنە- پاساتنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب
بوپتۇ ۋە كۈنسېرى ئۇلغىيىپ، نۇرئەلانۇرخاننىڭ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا
يېتىپتۇ. ئانا ئۆز قىزىنىڭ قىلمىشىدىن باشتا غەزەپلەنگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئارتۇقچە بىرنېمە دېيىشكە جۈر-
ئەت قىلالماپتۇ. نۇرئەلانۇرخاننىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى توغ-
رىسىدىكى خەۋەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلىنىپ-
تۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەرغەزەپكە كېلىپ، قىزىنى ئۆلتۈر-
مەكچى بوپتۇ، بىراق ئانىسى قىزىنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ھىجرىيە
كالېندارى بويىچە ھوشۇر ئېيىنىڭ ئونى (جۈمە) كۈنى ئىكەن.
نۇرئەلانۇرخان بېشىغا كونا بىر لېچەكنى سېلىپ، تىلەمچى ئايال
سۈرىتىدە ياسىنىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇ شۇ يۇرگىنىچە ئاتۇش تەۋە-
سىدىكى بىر يولغا كىرىپتۇ. يول يېرىملاشقاندا نۇرئەلانۇرخان تەۋەل-
لۇت قىپتۇ. بېشىدىكى لېچەكنىڭ يېرىمىنى يىرتىپ بالىنى يۆگەپتۇ-
دە، يول قىرغىقىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ-
تۇ. بىر يەرگە بارغاندا يول توسۇلۇپتۇ. ئۇ ئالدىدىكى تاغدىن ئۆتەل-
مەي، خۇداغا تېۋىنىپ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغرا-
خان بىر قولىدا قىلىچ، يەنە بىر قولىدا بوۋاقنى كۆتۈرگەن ھالدا
يېتىپ كەپتۇ. ئۇ نۇرئەلانۇرخاندىن سوراپتۇ:

— بۇ بالا سېنىڭمۇ؟

نۇرئەلانۇرخان سۇلتان يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال غايىبتىن ئاڭلانغان ئاۋازغا ئاساسەن:

— ھەئە، مېنىڭ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— دادىسى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

— ھەئە، بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نۇرئەلانۇرخان.

— كىم؟

— ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇ.

— گۇۋاھ بارمۇ؟

— بار، ئەبۇ نەسىر سامانىي بىلەن ئەبۇلپەتتاھ گۇۋاھ بولالايدۇ.

سۇلتان قىزنى ئېلىپ شەھەرگە يېنىپتۇ، خالايىق يىغىلىپتۇ، بۇ مەيدانغا ئەبۇ نەسىر سامانىي بىلەن ئەبۇلپەتتاھمۇ ھازىر بوپتۇ. سۇلتان خالايىق ئالدىدا ئەبۇ نەسىر سامانىيدىن سوراپتۇ.

— سىز ھەزرىتى ئەلىنى كۆرگەنمۇ؟

ئەبۇ نەسىر سامانىي:

— ھەئە، ئۇرۇش مەيدانىدا بىللە بولغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلتان بالىنى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ قولىغا بېرىپتۇ. ئۇ بالىنى كۆرۈپ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەلىنىڭ پەرزەنتى، مەندىكى ئامانەتنى ئالغىلى كەلدىڭىزمۇ؟» دەپتۇ ۋە كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئاگاھ ھەم دانا بولۇڭلاركى، ھەزرىتى رەسۇلۇللا بىر تال خورمىنى ماڭا ئامانەت بەرگەن. بۇ ئوغۇل دۇنياغا كەلگەندە ئەنە شۇ خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشۇمنى ۋە ئىسىم- شەرىپىنى ئۆزىنىڭ، ئاتىسىنىڭ، بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قويۇشۇمنى ئېيتقان. مەن بۇ خورمىنى ئاغزىمدا ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل ساقلىدىم. ئەمدى ئامانەتنى تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ، - دە، خورمىنى ئېلىپ بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ. نامىشەرىپىنى «ھەزرىتى مۇھەممەد سەئىد ئەلى ئارسلانخان» دەپ قويۇپتۇ، ئاندىن ھەرزىتى رەسۇلۇللانىڭ بۇ ئوغۇلنىڭ نام ئەھۋالى ھەققىدىكى مەكتۇپىنى سۇلتانغا تاپشۇرۇپتۇ. سۇلتان مەكتۇپتىكى بېشارەتكە بىنائەن ئوغۇلنىڭ

دۆمبىسىنى سىلاپتۇ . ئىككى تاغاق ئارىسىدىن نۇر بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى خەت كۆرۈنۈپتۇ :

ئانىسى نۇرئەلانۇرخان ،
ئاتىسى شاھى مەرداندۇر .
خۇدا يولىدا جان بەرگەن ،
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر .

بوۋىسى ئۇۋەيس ئەۋلىيا ،
كەرەملىك شاھى سۇلتاندۇر .
بىلەي دېسەڭ ئاتى ئۇنىڭ ،
ساتۇق بۇغرائى خاقاندۇر .

بۇنى ئاڭلاپ جامائەت ھەيران قاپتۇ . سۇلتان خۇرسەن بولۇپ ، نەچچە يۈز قوي ، كالا ، تۆگە سويدۇرۇپ ، يۇرتقا كاتتا نەزىر بېرىپتۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇرت خەلقىنىڭ بۇ بالىغا بولغان ئىخلاسى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ ، ئېتىقادى كۈچىيىپتۇ .

## خانئۆي

بۇتپەرەسلەر زامانىسىدا بۇ يەردە قوش سېپىللىق ھەيۋەتلىك بىر شەھەر بولغانىكەن . شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى نۇرغۇن ھەشەمەتلىك بۇتخانىلار ۋە بۇددا مۇنارلىرى بولۇپ ، غەربتە لايلىقتىن شەرقتە تاكى پەيزاۋاتقىچە بولغان چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان باغباراڭلىق كەڭرى يۇرت بۇ شەھەرگە تەۋە ئىكەن . بۇتپەرەسلەرنىڭ خانى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىكەن . ئىچكىرىدىكى سېپىلنىڭ ئىچى خانىنىڭ ئوردىسى ئىكەن .

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇتپەرەسلەرنىڭ خانزادىسى 40 نەپەر سەرۋاز بىلەن تاغ ياقىلاپ كۈنپېتىش تامان ئوۋغا چىقىپتۇ . ئۇلار يول يۈرۈپ ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ بىر شېغىللىق سايغا كەلگەندە ، مال

ئارتىلىپ چۆكتۈرۈپ قويۇلغان ئون نەچچە تۆگىنى ۋە كۈنپېتىش تامان قاراپ قاتار تىزىلىپ تۇرغان ، باشلىرىغا ئاق يۆگىگەن يەتتە- سەككىز ئادەمنى كۆرۈپتۇ .

ئۇلار بۇ غىلاڭ سايدا كېلىۋاتقان شۇنچە كۆپ قوراللىق ئادەملەر- دىن چۆچۈمەي ، تۆگىلىرى ۋە ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ماللىرىدىنمۇ ئەنسى- رىمەي ، خاتىرجەم هالدا رۇكۇ ، سەجدە ، تەكبىر ، دۇئا بىلەن بولىۋې- رىپتۇ . ئەجەبلەنگەن خانزادە سەرۋازلىرىغا توختاشنى بۇيرۇپ ، ئات دېۋىتىپ ئۇلارغا يېقىنلاپ كەپتۇ . ئاڭغىچە بۇ نامەلۇم ئادەملەر ئۆز ئىبادەتلىرىنى تۈگىتىپ ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خانزادىگە سالام بې- رىپتۇ . خانزادە ئۇلاردىن :

— سىلەر نېمە ئادەملەر ؟ قەيەردىن كەلدىڭلار ؟ نەگە بارىسىلەر ؟ نېمە ئىش قىلىسىلەر ؟ نېمىشقا بۇ چۆلدە بىزدەك قوراللىق ئادەملەرگە ئۇچراپ قالساڭلارمۇ قورقمايسىلەر ، ماللىرىڭلاردىن ئەنسىرىمەيسى- لەر ؟ بايا كۈنپېتىشقا قاراپ نېمە ئىش قىلدىڭلار ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يۈزلىرىدىن نۇر ، كۆزلىرىدىن ئەقىل- پارا- سەت جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مويسىپىتراق بىرى ئالدىغىراق چىقىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، جاۋاب بېرىپتۇ :

— بىز مۇسۇلمان ، بۇخارادىن بولىمىز ، سىلەرنىڭ ئېلىڭلارغا تىجارەت بىلەن كەلدۇق . بايا بىز ناماز پېشىن ئوقۇپ ئاللاغا ئىبادەت قىلدۇق . بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئا- سى بولمىغاندىن كېيىن ، ئاللاتائالامۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە بىزگە زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئاسى سالمايدۇ . سىلەر ئۇۋغا چىقىپسىلەر . مۇشۇنداق بىر چۆلدە ئېسىل ماللار يۈكلەنگەن ئون نەچچە تۆگە ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرى بولمىش يەتتە - سەككىز ئادەمنىڭ جېنىدىن ، تەييار ئولجىلاردىن ۋاز كەچكىنىڭلارنىڭ ئۆزى ئاللاتائالانىڭ قۇدرەت- كارا- مىتى ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ- دە ، خانزادە ۋە ئۇنىڭ سەرۋازلىرىنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىپتۇ .

تاماق شۇنچىلىك مول بوپتۇكى ، ياغلىق قاتلىمىلار ، سۈتتە يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلغان سەپەر توقاچلىرى ، كۈنجۈت سېپىلگەن گىردە-

شىرمەنىنانلار ، سىيادان بىلەن پىياز چېكىلگەن ھەمەكلەر ، جىگدىلىك تالقان ، سېرىق ماي ، قۇرۇت ، ئىرىمچىكلەر ، گۆلە- قاق ، مېغىز ، پىستە- بادامىلار ، ياغاچ جام ۋە چۆچەكلەرگە ئۇسۇلغان قىمىز ، ئىر- كىت ، قېتىقلار داستىخانغا تولۇپتۇ . تاماقتىن كېيىن ساھىبخانلار ئالالاتائالانىڭ بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر- سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىشىپ- تۇ ، مېھمانلار بولسا رەھمەت- تەشەككۈر ئىزھار قىلىشىپتۇ . ئاخى- رىدا سودىگەرلەر خانزادە ۋە سەرۋازلارغا يىپەك ، شايى ، يۇڭ چەك- مەن ، ئىپار ، ئەنبەر ، ئالماس كۆزلۈك تىللا ئۇزۇكلەرنى سوۋغات قىلىشىپتۇ . خانزادە ۋە سەرۋازلارمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتىپتۇ ۋە ئۇۋ رايىدىن كېچىپ ، سودىگەرلەرنى باشلاپ ئوردىغا قايتىپتۇ .

خان سودىگەرلەرنى شاھانە زىياپەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ ، ئۇلارنىڭ تارتۇق قىلغان قىممەت باھالىق سوۋغاتلىرىدىن مەمنۇن بولغان بول- سىمۇ ، خانزادىنىڭ قول بىلەن ياسىغان لاي بۇتنى ياراتقۇچى ئىگەم دەپ سەجدە قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ، مۇسۇلمان بولۇش توغرىسىدىكى دەۋەتلىرىنى قەتئىي رەت قىپتۇ .

خاندىن كۆڭلى قالغان خانزادە سودىگەرلەرنى باشلاپ مەشھەدتىكى خانزادە ئوردىسىغا كېتىپتۇ . خانزادىنىڭ تەشەببۇسى ۋە سودىگەرلەر- نىڭ ئەقىل ئىشلىتىشى بىلەن ، دەسلەپتە خانزادە ئوردىسىدىكىلەر ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سەرۋازلىرى ، يېقىن- يىراق يارۇبۇرادەرلىر- رى مۇسۇلمان بوپتۇ . قايتا- قايتا قىلىنغان دەۋەتلەر ئاقمىغاندا ، خانزادە خانغا قارشى غازات باشلاپ خانئۆيگە باستۇرۇپ بېرىپتۇ ، لېكىن بۇتپەرەسلەرنىڭ قەتئىيلىكى ۋە قەيسەرلىكى غالىب كەپتۇ .

ئامال قىلالمىغان خانزادە ئادەملىرىنى چاقماق دەرياسىغا ئەۋەتىپ ئېقىننى توسۇپ شەھەرگە سۇ قويۇپ بېرىپتۇ ، يەنە ئايغاقچى ئەۋەتىپ شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ . سۇ ۋە ئوتنىڭ ئىچىدە قالغان شەھەر ئاسانلا يەر بىلەن يەكسان قىلىنىپتۇ . ھايات قالغان كىشىلەر مۇسۇل- مان بولۇپ كۆچۈپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن خانئۆي شەھىرى خاراب بوپتۇ .

**توققۇزاق**

ئۇۋچىلار تەرىپىدىن ئىلى ۋادىسىدىن قوغلانغان ساكلارنىڭ پادى-
شاھى سەككىز قەبىلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى يا-
شايدىغان سۇلۇق (سۇلى — قەشقەر) رايونىغا كېلىپ، كۆكئارت
(پامىر) نىڭ شەرق تەرىپىگە ماكانلىشىپتۇ. ئەمىنلىك، مۇنبەت
زېمىن ۋە يايلاقتا ئېرىشىپ ھاللىنىۋاتقان ساكلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز
شەھەرلىرى ۋە قورغانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. يەرلىك ۋە ئىراندىن
لىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن ئۆزدىنىڭ قەدىمى-
كى دىنى — شامان دىنىدىن چىقىپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
بوپتۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئەنقاز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ،
دىنىي ۋە مىللىي مۇراسىملىرى مانىكەنت (مەنگەن) دەپ ئاتىلىدىغان
بەش دەرۋازىلىق شەھەردە بولىدىكەن.

ساكلار ئۆز تەۋەسىنى ئىلىك خانلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ
بېرىش ئارقىلىق باشقۇرىدىكەن، بۇنداق سۇيۇرغال زېمىنلار ئىلىك
خانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. ساكلارنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تار-
تىپ ئاددىي پۇقرالىرىغىچە يەرلىك خەلقتىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈ-
رۈش ئۈچۈن ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ساك» دېگەن نامنى قو-
شۇپ چاقىرىشىدىكەن. ئىكىساق (ئىلىك ساق)، بەيساق (بەگساق)،
تۆگىساق (تۆگە ساق)، ئوغۇساق (ئوغۇزساق)، ئىنساق (ئاناساق)،
قۇنساق (قۇن ساق) دەپ ئاتالغان بۇ يۇرتلارنىڭ نامى ئۇنىڭغا ساك
پادىشاھى تەرىپىدىن قويۇلغان كىچىك ئىلىك خانلارنىڭ نامى ئىكەن.

كۈزدە مول ھوسۇل توپى ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بو-
لۇپ، بۇ ھەممىدىن چوڭ توي ھېسابلىنىدىكەن. بۇ خىل توينىڭ
مۇراسىمى توققۇز كۈن داۋاملىشىدىكەن. ئەڭ ئۇچقۇر ئات، ئەڭ
كۆچتۈڭگۈر نار، ئەڭ سېمىز كالا- قويلار، ئەڭ سوقۇشقاق بۇقا-
قوچقارلار، يوغان سەركىلەر، توقماقتا چىقىدىغان ئۆچكىلەر، تالاش-
تۇرىدىغان ئىت، سوقۇشتۇرىدىغان خوراز، ئاجايىپ يوغان قوغۇن-
تاۋۇز، كاۋا- قاپاقلار، ئوخشىغان بۇغداي- قوناق باشقىدىن ياسالغان

دەستىلەر ، غوژمەك- غوژمەك بولۇپ يېتىلگەن ئالما ، ئانار ، شاپ-
تۇل ، بېھى ، ئامۇت ، ئۈزۈم شاخلىرىنى ئالغاچ كەلگەن ساكلار مانى
كەنتىگە يىغىلىپ ، مول ھوسۇل خۇشاللىقىنى نامايان قىلىپ ، چېلىد-
شىش ، ئات بەيگىسىدىن تارتىپ خوراز سوقۇشتۇرۇشقۇچە بولغان
تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشىدىكەن ، بوزا ، قىمىز ، شاراب ئى-
چىشىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، ساما سېلىشىدىكەن . شۇ سەۋەبتىن ،
ساكلار بۇ ئورۇننى «توققۇز ساك» (بارلىق ساكلار يىغىلىدىغان
جاي ) دەپ ئاتىغانىكەن . كېيىنچە ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
«توققۇز ساك» «توققۇزاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بوپتۇ .

## دەقيانۇس شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت

ئۆتمۈش ۋەقەلىرىنى يادلاپ بىلگۈچىلەر ، تەسىرلىك ئىشلارنى
ئەستە ساقلىغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى ، قەدىمكى زاماندا
دەقيانۇس دېگەن بىر پادشاھ ئۆتكەنىكەن .

دەقيانۇس ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ،
ھېسابسىز مال- دۇنيا توپلىغان ، قىرىق مىڭ كېنىزەككە ئۆيلەنگەن ،
ھۆر- غىلمانلاردىن قېلىشمىغۇدەك قىرىق ئوغلى ۋە قىرىق قىزى
بولغان تەڭداشسىز بىر پادشاھ بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ دائىم كۆڭلى
پەرىشان ئىكەن .

ئۇنىڭ بۇنداق يۈرىدىغانلىقىنى ۋەزىر- ۋۇزرالار ، سەرۋاز- نۆ-
كەرلەر ، خانىش- ئاغىچىلار ، شاھزادە-مەلىكىلەر بارا- بارا سېزىپ
قاپتۇ ۋە بۇنىڭ تەكتىگە يەتمەك بولۇپ كۆپ ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈپ-
تۇ . دەقيانۇس ئىچ سىرىنى ئۆزىدىن باشقا ئادەمگە تىنمايدىغان بول-
غاچقا ، ئۇنىڭ بۇ كۆڭۈل غەشلىكىنىڭ سىرىنى خېلى ئۇزاققىچە
ھېچكىم بىلەلمەپتۇ .

ۋەزىر- ۋۇزرالار نۇرغۇن چارە ئويلاپ ، ئاخىر چوڭ خانىش
ئەختەرنىسادىن پادشاھنىڭ كۆڭۈل سىرىنى بىلىپ بېقىشنى ئۆتۈنۈپ-
تۇ . چوڭ خانىش ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشنى بىلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقاد-
لىقىنى ، ئەمما ئۇزاق يىللىق ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى

دەپ ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئۆزرە ئېيتىپ رەت قىپتۇ ۋە كىچىك خانىشتىن ئۇقۇپ كۆرۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ .

ۋەزىرلەر كىچىك خانىشنى ئىزدەپ ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئېيتىپ-تۇ . كىچىك خانىشمۇ بۇ ئىشنى بىلىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ھەم ئازراق يىپ ئۇچىغىمۇ ئىگە بولغانلىقىنى ، بۇ سىرنى چوقۇم تېپىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

كىچىك خانىش شۇنىڭدىن كېيىن كېچە - كۈندۈز دەقيانۇسقا ھەمراھ بولۇپ يۈرۈپتۇ . شۇ كۈنلەردە پادىشاھ دائىم «ئوردا» ، «ئوردا» دەپ پىچىرلايدىغان بولۇپ قاپتۇ .

كىچىك خانىش «ئوردا» دېگەن سۆزدە بىر گەپ بار دەپ ئويلاپ-تۇ- دە ، پادىشاھقا گۈزەل ئوردا ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ . كىچىك خانىش ئەسلىدە رۇم پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى بولۇپ ، كىچىكىدىن چىرايلىق ئوردا ، گۈزەل چارباغلاردا ئويناپ چوڭ بولغانىكەن .

پادىشاھ كىچىك خانىشنىڭ ھېكايىسىنىڭ تەكتىگە يېتىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپتۇ- دە ، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ :

— مەنمۇ كۆركەم ئوردا ، ئېسىل چارباغ سېلىپ ئولتۇرۇشنى ، شۇ يەردە ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ئارمان قىلىمەن . مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ نىشانىم ئۆزىمىزگە خاس ئوردا- قەسىر سالدۇرۇپ ، ئاچقۇچىنى ئۆز قولۇمدا تۇتۇپ ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئەقىللىك ۋە باھادىر ۋەلىئەھدىمگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئىدى . شۇ چاغدىلا مۇراد-مەقسىتىم ھاسىل بولۇپ ، كۆڭلۈم ئېچىلغان بولاتتى ، — دەپتۇ .

كىچىك خانىش زۇلقەمەر ئەمدى پادىشاھنىڭ ئىچ سىرىنى ئېلىد-ۋالدىم دەپ ئويلاپتۇ- دە ، ئۇنىڭدىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ :

— ئاتىڭىزنىڭ شۇنداق كاتتا شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىپ-سىز ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئوردا- قەسرىگە ۋارىسلىق قىلالمىدىڭىز ؟ يېڭى ئوردا سالدۇرۇشقا بالدۇرراق تۇتۇش قىلمىدىڭىز ؟ — دەپ سورىغاند-كەن ، پادىشاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ :

— زۇلقەمەر ، ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى سورىمىساڭ بولاتتى ، ئەمدى كۆڭلۈمدە تۈگۈچ قالمىسۇن ، بۇ سىرنى ساڭا تولۇق ئاشكارا قىلىۋې-

تەي ، — دەپتۇ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ، — مېنىڭ ئاتام نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ، ئىسمى تۇر بولۇپ ، ئۇنىڭغا پۈتۈن مەشرىق ئېلىگە شاھلىق قىلىش نېسىپ بولغانىكەن . ئۇنىڭ دۆلىتى يەتتە ئىقلىمغا بۆلۈنىدىكەن ، مەركىزى قەشقەر ئىكەن . دادامنىڭ كاتتا ئوردا- ساراي ، چارباغلىرى ، ھەددى- ھېسابسىز مال- دۇنياسى ، لەكمىڭ لەشكىرى ، تۈمەنمىڭلىغان پۇقراسى بار ئىدى . دادام كاتتا دەۋران سۈرۈپ ، چەكسىز شۆھرەت تاپقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابقا قالغانىكەن . دادامنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ۋەزىر- سەردارلار دادامنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغاندەك بولۇۋېلىپ ، ئارقىسىدىن ئۇرغۇن ھىيلە- مىكىرلەرنى ئويلاپ ، سۇيىقەستلىك پىلانلارنى تۈزۈشكەنىكەن . بىر قېتىم قارا نىيەت ۋەزىرلەردىن بىرقانچىسى خۇپىيانە ھالدا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ : «شاھەنشاھ تۇر ھەزرەتلىرى ، ئۆزلىرى يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھى ، قوشۇنلىرىنىڭ سانى يوق ، بايلىق- دۇنيالىرى ھەددى- ھېسابسىز ، شۇڭا مۇقىم ئوردا قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . مۇبادا مۇقىم ئوردا - قەسىر بىنا قىلىنىدىغان بولسا ، بىرلا شەھەرگە قاپسىلىپ قېلىپ ، دۆلەتنى ئەركىن- ئازادە ئىدارە قىلغىلى بولمايدۇ . پادىشاھ يەتتە ئىقلىمنى دېگەن قەرەلىدە ئارىلاپ كۆزدىن كەچۈرەلمەيدۇ . 〈 ئوردا 〉 بىغەملىك ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدىغان ، غەپلەت باسىدىغان جاي دېمەكلىكتۇر . مۇبادا ئوردا ئازادە ، چارباغلار كۆڭۈلگە ياقار بولسا ، پادىشاھ ۋە ئوردا ئەھلى نەغمە - ناۋاغا بېرىلىدۇ ، ھاۋايى- ھەۋەس كۆپىيىدۇ ، ھۇزۇر- ھالاۋەت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ . پادىشاھتا سەزگۈرلۈك ، ۋەزىرلەردە تەدبىر ، لەشكەرلەردە جەڭگىۋارلىق ئاجىزلىشىدۇ . شۇڭا ، مۇقىم ئوردا- شەھەر قۇرماي ، قەيەر ھاۋالىق ، جانغا ھۇزۇر بېغىشلىسا ، دۈشمەننىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرسا ، شۇ يەرگە بېرىپ شاھلىق تەختىنى تىكلىگىنىمىز تۈزۈكتۇر» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ .

دادام ۋەزىرلەرنىڭ ھەر خىل تەكلىپ - پىكىرلىرىدىن كۆپ يىل ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ . بۇنداق تەكلىپ بەرگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ ، دادامنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ . بۇ

تەكلىپ ئاخىر ئوردا كېڭەشىدە قارارلاشتۇرۇلۇپتۇ . دادام شۇنىڭدىن باشلاپ مۇقىم پايتەخت ، ئوردا- قەسىر قۇرۇشقا كۆچمەپتۇ ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسى ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جايلارنى تاشلاپ يىراق- يىراق يەرلەرگە كېتىپ قاپتۇ ۋە كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۇ يەرلەرنى تاپالماپتۇ . بۇنداق ئىشلار دادامنى بىر ئۆمۈر ئازابلاپ ، ئۆمرىنى ئۆكۈنۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىپتۇ . قارا نىيەت ۋەزىرلەرمۇ يەنىلا ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ، شەھەر- ئوردا قۇرۇشقا ئىزچىل توسقۇنلۇق قىلىپ كەپتۇ . دادام ۋەزىرلەردىن مەسلىھەت ئالمايلا ، تالاي قېتىم ئوردا قۇرۇش پىلانىنى تۈزگەن ۋە ئىش باشلىغان بولسىمۇ ، لېكىن بەتنىيەت ۋەزىرلەر تىل بىرىكتۈ- رۈپ ، ئوردا قۇرۇش پىلانىنى توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىپتۇ . گاھىدا قىيان سۇلارنىڭ بېشىنى ئېچىۋېتىپ ئوردىنىڭ ئۇلىنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىپتۇ . مۇشۇنداق خىلمۇخىل پىشكەللىكلەر دادامنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىغا دائىم دېگۈدەك دەخلى قىپتۇ .

دادام ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مېنى يېنىغا چاقىرتىپ ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ، ئوردا قۇرۇش يولىدىكى كەچۈرمىشلى- رىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئۇ يەنە شاھلىق مۆھۈرىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ، شاھلىق تاجىنى بېشىمغا كىيدۈرۈپ ، تەختكە ئۆز قولى بىلەن ئولتۇرغۇزغان ھەمدە مۇنداق دېگەنىدى :

«ئوغلۇم ، 4000 يىل شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت سۈرۈپ ، يەتتە ئىقلىمنى بەھۇزۇر ئىدارە قىلىپ ، پۈتۈن ئالەمگە شۆھرىتىم يېيىلدى . ھالا بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى . دۇنياغا مەڭگۈ شاھ بولارمەن دېگەنىدىم . لېكىن ، سەل- تەنەت سۈرۈشۈم مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدىغان ئوخشايدۇ . مەندىن كېيىن سېنىڭ بۇ دۇنياغا شاھ بولۇشۇڭ ئاللانىڭ ئىرادىسى . ساڭا شاھلىق تەختىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر ۋەسىيە- تىم بار ، شۇنى ئورۇنلىمىساڭ ، تەختتە ئولتۇرۇشۇڭغا ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا رازى بولمايمەن . مەن ۋە ھازىر سەن ئولتۇرۇۋاتقان بۇ تەخت دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا تەخت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ

كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، جەسىتى كۆمۈلگەن ئۆز تۇپرىقىمىزنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس. مانا بۇ مېنى باقىي ئالەمگە ئارمان بىلەن كەتكۈزۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. 〈ئاتىنىڭ مۇرادى ئوغۇلدا〉 دېگەن گەپ بار، سەن سەلتەنەتلىك ۋە مەڭگۈ خاتىرجەم، نامى ئۆچمەس شاھ بولاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە خاس شەھەر- ئوردا قۇرغىن، ئەتراپىنى يارلىق، چاپارمەنلەر بىلەن باشقۇرغىن، چەت جايلارغا ئىشەنچلىك سەردارلارنى ئەۋەتىپ، ئۇ يەرلەرنى شۇلار ئارقىلىق ئىدارە قىلغىن، مۇقىم ئوردىسى يوق شاھ خۇددى سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئورۇن بېسىپ تۇرالمايدۇ، ھەقىقىي ئۇلۇغ شاھقا ئايلىنالمايدۇ.»

دەقيانۇس پادىشاھ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ئىچىدە ھەسرەتلىك تىنىپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپتۇ. زۇلقەمەر ئېرىنىڭ دېگەنلىرىدىن تەسىرلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— كەرەملىك شاھىم! دېگەنلىرىڭىز بەرھەق. ئاتام رۇم ئېلىدە كاتتا شاھ، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى يەتتە قەۋەتلىك سېپىل بىلەن قورشالغان ئوردا- قەسىر ئارقىلىق تېخىمۇ نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. تالاي كۈچلۈك دۈشمەن تاغنى تالقان، يەرنى ۋەيران قىلغۇدەك ھەيۋە بىلەن رۇم ئېلىگە باستۇرۇپ كىرگەن، لېكىن تارىختا رۇم پايتەختىنى كىممۇ ئالالىغان، رۇم شاھلىرىدىن كىممۇ چۆل - جەزىرىلەردە بوران - چاپقۇندا قېلىپ باققان؟ بىز ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ يۇرتىغا بېرىپ مۇقىم ئوردا- قەسىر قۇرايلى. بۇ مېنىڭ ھەقىقىي، چىن يۈرەك سۆزۈمدۇر.

پادىشاھ خانىش زۇلقەمەرنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز پىلانىنى كىچىك خانىشتىن باشقا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يۇرتىنى ئىزدەپ تاپتۇرۇپ، ئوردا- قەسىر قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىپتۇ. زۇلقەمەر سىر بىلمەكچى بولغان ۋەزىرلەرنى باشقا بىر گەپكە ئەمەك قىلىپ قويۇپ، پادىشاھقا ۋاكالەتەن ئۆزى بۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىپتۇ. دۇنيادىكى قىرىق شەھەردىن كەلگەن يەتتە مىڭ قۇرۇلۇش ئۇستىسى

ۋە نەققاش ئوردا- قەسىرلەرنى قىرىق ئايدا قۇرۇپ بوپتۇ . بىناكارلار ئۇنى «دۇنيادا بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئوردا- قەسىر ، شەھەر يوق» دەپ تەرىپلەپتۇ .

ئاۋام بۇ شەھەرنى «دەقيانۇسنىڭ شەھىرى» ، ئوردىنى «خان- ئۆي» دەپ ئاتاپتۇ . شەھەرگە تۆت قوۋۇق بېكىتىلىپ ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ بىر دەريا قېزىلىپتۇ ، ئاندىن يەتتە قەۋەت سېپىل بىلەن قورشىلىپتۇ .

«دەقيانۇس شەھىرى» پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈ- زۈپتۇ . ئۇ چاغدا شاھ ئالتايدىكى بىر تاغدا ئولتۇرۇۋاتقانىكەن . پادى- شاھ بۇ خەۋەردىن چەكسىز سۆيۈنۈپ ، پۈتكۈل ئوردا ئەھلىگە دەرھال خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ . شەھەر ۋە خان ئوردىسىنىڭ پۈتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر پۈتۈن مەشرىق ئېلىنى شادلىققا چۆمدۈرۈپتۇ . پادىشاھ قىرىق كېچە- كۈندۈز بەزمە مەشرەپ قىلىپ ، ئۆز جايىدىن داغدۇغا بىلەن يولغا چىقىپ ، ئالتە ئاي سەپەر قىلىپ ، قەشقەردىكى «دەقيانۇس شەھىرى»گە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ، ئاتا مىراس تەخت پايىسىنى خانئۆي ئوردىسىغا جايلاشتۇرۇپ ، شاھلىق تەختىگە يېڭى- باشتىن ئولتۇرۇپتۇ . مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە شادلىق ناۋاسى كۆكنى لەرزىگە ساپتۇ . پادىشاھمۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىيا- لىغانلىقىدىن چەكسىز مەمنۇن بوپتۇ .

پادىشاھ شەھەر-ئوردا قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىدا كىچىك خانىش زۇلقەمەرنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجرىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئۇنى باش خانىشلىققا ئۆستۈرگەنلىكىنى ئوردا ئەھلىگە جاكارلاپتۇ . چوڭ خانىش ئەختەرنىسا شاھنىڭ بىر تەرەپلىمە چىقارغان بۇ قارارىغا قات- تىق نارازى بولۇپ ئازابلىنىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ شاھقا زىيانكەش- لىك قىلىش ئۈچۈن سۈيىقەست پىلانلاشقا كىرىشىپتۇ .

چوڭ خانىش ئەسلىدە پادىشاھ دەقيانۇسنىڭ دادىسىنىڭ باش ۋەزىرى پىرىۋاننىڭ قىزى بولۇپ ، ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش بىر ئەلگە شاھ بولغانلارنىڭ ئوردا قۇرۇشىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرغۇ- چىلاردىن ئىكەن . ئۇ دەقيانۇسنىڭ ئوردىسىدىكى رەقىبلىرى ، دادى-

سىنىڭ دوستلىرىنى تېپىپ ، شاھىنىڭ شەھەر قورۇپ ، ئوردىغا ئورۇنلاشقانلىقى ھەققىدە قاتتىق شىكايەت قىپتۇ . بۇلار ئۆز ئۆيىنىڭ بىر يەردىن چىقىپ قالغانلىقىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ، قۇۋلۇق- شۇملۇق بىلەن پادىشاھنى تەختتىن چۈشۈ- رۈشنى پىلانلاپتۇ .

پادىشاھ چوڭ خانىشنىڭ ئۆزىگە رەقىب ئىكەنلىكىنى بىلىدى- كەن ، ئۇنى دادىسى ھايات چېغىدا ئوردا كېڭەشنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئەمىرگە ئالغان بولۇپ ، دادىسى ئۆلۈپ خېلى ئۇزاققىچە پىرىۋان يەنىلا دەقيانۇسقا باش ۋەزىر بولۇپ ئىشلەپ ، كۆپ چاغلاردا پادىشاھنى كولدۇرلىتىپ ، ئىچىنى خۇن قىلىۋەتكەنىكەن . پىرىۋان كېيىن شى- كارغا چىققاندا ئاتتىن دومىلاپ كېتىپ ئۆلگەنىكەن . شاھ ئۇنىڭ قىزىنى چوڭ خانىشلىق مەرتىۋىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇزاققىچە بىرەر باھانە-سەۋەب تاپال- مىغانىكەن ، بۇ قېتىمقى تەخت كۆچۈرۈش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ خۇيلى- نىۋالغانلىقىنى باھانە قىلىپ مەرتىۋىسىنى بىراقلا چۈشۈرۈۋەتكەن ھەمدە مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۇنىڭ ئۆزىگە چوقۇم بىرەر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ تۇرغانىكەن . شۇڭا ، پادىشاھ مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ كېچە - كۈندۈز كۆزىتىپتۇ .

چوڭ خانىش نېمىلا ئىش قىلمىسۇن شاھنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈۋې- رىپتۇ . ئۇ شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىردىنلا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ، يېڭىباشتىن ناز- كەرەشمىلىرىنى كۆرسى- تىپ ، شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى ياغدۇرۇپ ، شاھنى ئۆزىگە رام قىلىشقا كىرىشىپتۇ .

پادىشاھ يېڭى ئوردىدا قىرىق يىل سەلتەنەت سۈرۈپ ئىنتايىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ . ئۆز ئېلىدە قىرىق شەھەر بىنا قى- لىپ ، قىرىق ئوغلىنى ئۇنىڭغا خان قىلىپ تەيىنلەپتۇ . قىرىق دۆلەت بىلەن قۇدا- باجا بولۇپ ، قىرىق ئوغلىنى ئۇلارنىڭ مەلىكىلىرىگە ئۆيلەپتۇ ؛ قىرىق قىزىنى قوشنا ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرىگە ياتلىق قىپتۇ .

چوڭ خانىش ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە دادىسى پىرىۋاننىڭ ۋەسىيە-
تىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ، پادىشاھ دەقيانۇسنى ئوردىسىدىن ئايرىۋې-
تىش نىيىتىدىن زادىلا يانماپتۇ . ئۇ بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن كۆپ چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپ ، بىر ئۆمۈر پىلان تۈزۈپتۇ .
ئوردىدىكى باشقا ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن دائىم دېگۈدەك مەخپىي ئالا-
قىلىشىپ ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ .
پادىشاھ چوڭ خانىش ۋە ئۆزىگە رەقىب باشقا ۋەزىر- سەردارلار-
نىڭ شاھلىق تەختىگە كۆشەندىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، لېكىن
ئۇلارنى ئورۇن ، مەرتىۋىلىرىدىن ئالدىراپ بوشىتىۋېتەلمەيدىكەن .
چۈنكى ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەۋلادتىن- ئەۋلاد خانلىقنىڭ خىزمىتىنى
قىلىپ كەلگەن ئاتا مىراس ۋەزىرلەر ، بەزىلىرى دادىسى ، ئانىسى
تەرىپىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغانلار ، يەنە بەزىلىرى ئېلىگە ئۆز ئىختىيار-
لىقى بىلەن ئەل بولۇپ قوشۇلغان باشقا ئەل شاھلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى
ئىكەن .
ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىچىك خانىش نېمە سەۋەبتىندۇر
تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىپتۇ . پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ .
توققۇز كۈنگىچە گېلىدىن سۇ ، غىزا ئۆتمەي ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ،
ھەسرەت چېكىپ ئازابلىنىپتۇ . بۇ ئىش چوڭ خانىش ئۈچۈن ئوبدان
پۇرسەت بوپتۇ .
پادىشاھ دەقيانۇسقا بارغانسېرى قېرىلىق يېتىشكە باشلاپتۇ . ۋە-
زىرلەر ئۆز ئورنىغا پايدىلىق بولۇش مەقسىتىدە قوشنا ئەللەردىكى
ئۆزىگە يېقىن تۇرىدىغان شاھ ، بەگلەرنىڭ گۈزەل مەلىكىلىرىنى بىر-
بىرلەپ قىزغىنىشىپ پادىشاھقا بەس - بەستە سايە قىلىپ ، ئەمرىگە
ئالدۇرۇپتۇ . شاھزادىلەر دادىسىنىڭ تەختىنى تالىشىپ ئۆزئارا ئۇ-
رەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ، قېيداپ ، باتنىشىپ ، شاھنىڭ كۆڭلىنى زېدە
قىلىپ تۇرۇپتۇ . خانىشلارمۇ بىر- بىرىدىن قېلىشماي ئۆزلىرىنىڭ
نام- ئاتاقلىرىنى كۆز- كۆز قىلىپ ئويۇن- تاماشىغا بېرىلىپ ، ياسى-
نىپ- جابدۇنۇشنى ئەلا بىلىشىپتۇ . مۇشۇنداق بىر تالاي ئىشلار چوڭ
خانىشقا ھەر قەدەمدە بىر پۇرسەت شارابىنى تولدۇرۇپ ئىچىشكە

ئىمكانىيەت بېرىۋېرىپتۇ. چوڭ خانىش كېچە - كۈندۈز يالغاندىن پايپېتەك بولۇپ پادىشاھنى كۈتۈپتۇ. ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىشىپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈشۈپتۇ. ياشلىق دەۋرىدىكى يالقۇنلۇق ۋە تەسىرلىك مىنۇتلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قايتىدىن بىر- بىرلەپ ئۆتۈپ، كۆڭۈل ئارمانلىرىنى يېڭىباشتىن نۇرلاندۇرۇپتۇ.

دەقيانۇس شاھ چوڭ خانىشقا يېڭىباشتىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئوردىدىكى ئۆزىگە ئەڭ سادىق كىشى ئىكەن دېگەن تۇيغۇغا قايتىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ باش خانىشلىققا ئۆستۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ خانىش ئۆزىنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تۇنجى قەدەمنى ئۇتۇقلۇق بېسىپتۇ.

دەقيانۇس پادىشاھ قېرىغانسېرى ئۆتمۈشنى ئەسلەيدىغان، سەرگۈزەشتىلىرىنى توختىماي بايان قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. چوڭ خانىش پادىشاھنىڭ قىلغان ھەربىر سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ، مەزمۇنىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا پايدىلىق گەپلەرنى قوللاپ، پايدىسىز گەپلەر چىقىپ قالسا تەسەللى ئېيتىپ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ، نۇرغۇن ياغلىما گەپلەر بىلەن خېلى كۆپ ئىچ سىرىنى ئۇقۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئوردىنىڭ چوڭ قوۋۇقىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى قويىدىغان يەر توغرۇلۇق قىلچىلىك ئۇچۇرغا ئىگە بولالماپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىش ئۇچۇن چوڭ خانىش پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا 40 يىل ئارتۇقچە پايپېتەك بولغان ئىمىش. پادىشاھمۇ نېمىشقىدۇر چوڭ خوتۇنىغا 99 سىرىنى بېرىپ، ئاچقۇچقا مۇناسىۋەتلىك بىر سىرىنى ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاققىچە خۇپىيانە تۇتۇپ كەلگەنىكەن.

پادىشاھ ئاچقۇچ بىلەن مەخپىيەتلىكنى كىچىك خوتۇنى زۇلقەمەرگە تاپشۇرغانىكەن. ئوردىنىڭ خاسىيەتلىك ئاچقۇچىنى ئۇزاق يىل زۇلقەمەر ئۆزى تۇتۇپ، ئوردىنى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ، شەھەرنى ساقلاپ قالغانىكەن. زۇلقەمەر ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن

ھىلىقى خاسىيەتلىك ئاچقۇچنى يىگىندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ ، پادى-
شاھنىڭ زۇلپىقارىنىڭ غىلىپىغا ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويغانىكەن .

پادىشاھ چوڭ خانىشقا مەخپىيەتلىكلەرنى تۈگەل ئاشكارىلاپ ،
ئوردىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ياكى گۇمران بولۇشى كىچىك بىر
تال ئاچقۇچقا باغلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بولغانىكەن . چوڭ خا-
نىش پۈتۈن ئەقىل- ئىدرىكىنى ، بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ ، ئاشۇ
ئاچقۇچنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتۇ . ئۇ
ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى پۈتۈن ئوردا- قەسىر ، پايتەخت ۋە مەشرىق
ئېلىنىڭ ھەممە يېرىنى قويماي ئىزدەپتۇ . قوشنا دۆلەتلەرگە ئادەم
ئەۋەتكۈزۈپتۇ . ئادەم تۈگۈل ، جىن- شەيتانلار بىلەنمۇ تىل بىرىكتۇ-
رۇپ ، تىلسىم دۇنياسىنىمۇ ئىزدەپتۇ . شاھنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تۇ-
تۇپ قويۇش باھانىسى بىلەن سىلاپ چىقىپتۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن 70 يىل
سەرپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ . چوڭ خانىش
ئاچقۇچنى تېپىش ئۈچۈن 40 مىڭ خىل ھۈنەر ئىشلىتىپ بىرەر يىپ
ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ، ھېچ ئىلاج قىلالماي ، 40 ئاي
ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، پادىشاھنىڭ ھەرىكىتى ، خۇي- پەيلىنى كۆزى-
تىپ ، مىگىبىر مۇشەققەتتە يىپ ئۇچىغا ئىگە بوپتۇ .

بىر قېتىم چوڭ خانىش پادىشاھ بىلەن بىللە بولغاندا ئۇستاتلىق
قىلىپ ھىيلە ئىشلىتىپ ، پادىشاھقا تۇيدۇرماي ئۇنىڭ بېلىنى كەمەر
بىلەن ئۆزىگە چېتىپ ، پادىشاھنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆيگەن
بولۇپ ، غىلاپتىكى ئاچقۇچنى پەم بىلەن ئېلىۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن
ئالتۇن ئاچقۇچ چوڭ خانىشنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ .

پادىشاھ بىردىنلا چۆچۈپ قاتتىق بىئارام بولۇپتۇ . ئۇ :

— ئەي خانىش ، سەن ئۆمۈر بويى مېنى لەت قىلىدىغان يولدىلا
مېڭىپ كەلدىڭ ، مانا بۈگۈن سەن ۋە داداڭ تىلىگەن كۈن كەلدى .
ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ . يېشىم چوڭىيىپ ، ئۆمرۈم
راھەتنى خالايدىغان چاغلاردا مېنى قايتىدىن ئازاب دېڭىزىغا تاشلايدى-
غان بولدۇڭ . بوپتۇ ، ئايال كىشىگە يالۋۇرۇپ راھەت كۆرگۈچە ،

ئالىيىپ جاپا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي ، مېنى ئاتا - ئانام ئەسلىدىنلا جاپا - مۇشەققەت ئۈستىگە ئاپىرىدە قىلغاندى . ئۆمرۈمدە قىسقىغىنا راھەت كۆرۈۋىدىم ، لېكىن ھاۋايى- ھەۋەسكە بېرىلىدىغان بولۇپ كەتتىم . مۇشۇنىڭ بىلەن پۈتۈن سىرىم سەندەك بىر خوتۇن كىشىگە ئاشكارىلىنىپلا قالماستىن ، يەنە بۇ مۇبارەك ئوردا- قەسرىمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان خاسىيەتلىك ئالتۇن ئاچقۇچمۇ ساڭا ئۆتۈپ كەتتى . خوتۇن كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالغان دۆلەت باشقا مىننەت بولىدۇ . باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن . قولۇڭدىن كەلگەننى قىلغىن ، — دەپتۇدە ، زۇلپىقارىنى ئېلىپ ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويماستىن ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ .

چوڭ خانىش ئالتۇن ئاچقۇچقا ھەۋەسلىنىپ شۇنداق قاراپ كېتىپتۇكى ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق ، سىياھلار ئازلىق قىلىدۇ ، سۆزلەشكە سۆزلەر يېتىشمەيدۇ .

چوڭ خانىش ئاچقۇچنى قولىدا تۇتقان پېتى يەتمىش ۋاخىنلىق شوتىدىن ئوردا راۋىقىغا چىقىپ مەشرىق تامان قارىغانىكەن ، پادىشاھ دەقيانۇس كەينىگە نەزەر سالماي كېتىپ بارغۇدەك . ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ پادىشاھنى چاقىرىپتۇ . پادىشاھ قاراپ قويماپتۇ . ئىككىنچى قېتىم چاقىرىپتۇ ، يەنە قارىماپتۇ ، ئۈچىنچى قېتىم چاقىرىپتىكەن ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىرنى قاراپ قويۇپ يەنە ئۇدۇل يولىغا راۋان بولۇپتۇ .

چوڭ خانىش ئالتۇن ئاچقۇچنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى تاماشا قىلىشقا تۇتۇنۇپتۇ . ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىپ بىر تولغىغانىكەن ، ئوردا - قەسىر پىنھان ھالەتكە كەپتۇ . ئۇ سىرتقا چىقىپ قارىغانىكەن ، شەھەرنىڭ ئۈستى ئوڭغۇل - دوڭغۇل گىياھ ئۈنمەس قاقاسلىق تۇرغان . بۇنى كۆرۈپ قىلغان ئىشىدىن بىر ئاز قورقۇپتۇدە ، دەرھال قايتىپ كىرىپ ئاچقۇچنى ئارقىسىغا ياندۇرغانىكەن ، شەھەر ئۆز ئەسلىگە كەپتۇ . بۇنىڭ بىلەن خانىشنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپتۇ .

بۇ ۋەقەدىن كېيىن خانىش قاتتىق كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ . ئۇ ئۆز

تەرەپدارلىرىنى يىغىپ ، خاسىيەتلىك ئاچقۇچنى قولىغا چۇشۇرۇپ ، دەقيانۇس شەھىرىنىڭ تىزگىنىنى رەسمىي ئىلكىگە ئالغانلىقىنى كۆز- كۆز قىلىپ راسا ماختىنىپتۇ ھەمدە جامائەتچىلىككە ئەمەلىي ئەھۋالنى بىر قېتىم كۆرسەتمەك بولۇپتۇ .

خانىش تەرەپدارلىرى بەلگىلەنگەن ئوچۇقچىلىق بىلەن ئېگىز يەرگە چىقىپ كۆزىتىپ تۇرغان مىنۇتتا خانىش ئاچقۇچنى سولغا بىر بۇرىغانىكەن ، پايتەخت بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولۇپ ، ئاۋات شەھەر- دىن ئىنس- جىنىنىڭ تىۋىشى ئاڭلانماپتۇ . ئاسىيلار ئارىسىدا بىردىنلا ۋەھىمە كۆتۈرۈلۈپ ، مەيداننى سۈكۈناتلىق كەيپىيات ئۆز ئىلكىگە ئاپتۇ . ھەممىسى بىردەك : «ئەمدى تۇگەشتۇق . ئەجدادلىرىمىز قە- دىمدىن بېرى ئۇلۇغ دەقيانۇس شاھلىقىنىڭ تۇزىنى يەپ كەلگەن ، ئەمدى بۇ تۇزلۇقنى چېقىپ تاشلايدىغان بولدۇق» دېيىشىپ ھەسرەت- لىك تىنىپتۇ . كىشىلەر شۇ تەرىقىدە بىر ئاش پىشىم دەككە- دۈككىدە ۋەھىمە يەپ ، ئازابلىنىپ تۇرغان بىر پۇرسەتتە چوڭ خانىش كۆرەڭلەن- گەن قىياپەتتە كۆپچىلىككە قاراپ :

— ئەمدى پۈتۈن دەقيانۇس مەملىكىتىنىڭ تەقدىر- تىزگىنى مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى ، ئۇ رەھمەتلىك ئاتام پىرىۋاننىڭ روھىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئەقىل ئىش- لەتكەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى . ئاتام پادىشاھ دەقيانۇس جەمەتىنى مەڭگۈ مۇقىم يەر- زېمىن ، شەھەر- ئوردىغا ئىگە قىلماسلىق توغرۇلۇق ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى . ئۇنىڭ ۋەسىيىتى ئاخىر ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى . ئاتامنىڭ تەرەپدارلىرى نەسەب - نەسەبتىن بېرى دەقيانۇس پادىشاھلىقىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ ، خارلىنىپ كەلگەن . ئەمدى بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ ، بىز شاھلىق ئورنىغا چىقىپ ، دەقيانۇس جەمەتىنى ۋەزىرلىك ئورنىغا چۈشۈرەيلى ، ئۇلار مۇبادا بۇنىڭغا كۆنمى- سە ، مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرايلى ، — دەپتۇ .

ۋەزىر- سەرۋازلار چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا :

— ھەي خان ئايىم ، بىز ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىمىز ؟ ئالدى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ئوڭشاپ ، ئاندىن بىرنەرسە دېيىشىمىز

كېرەك . بىزگە يەر ، نان بەرگەن ئۇلۇغىمىزنى ئالدىراپ چەتكە قاقساق ، بىزنى يەر يۇتۇپ كەتمىسۇن ، — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ . چوڭ خانىش قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— سىلەر نازۇنېمەتلىك داستىخاندا قورسىقىڭلار تويۇپ شىركەيىپ بولغان چاغدا گەپنى چوڭ قىلغىنىڭلار بىلەن ، بۇگۈنكىدەك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ چىقالمايدىكەنسىلەر ، سىلەرنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن ، پۈتۈن ئىشنى تەۋرىتىۋاتقان مانا مەن ، ھەر ئىش كەلسە ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىمەن ، — دەپ كېردىلىپتۇ . ۋەزىرلەر :

— ھۆرمەتلىك خان ئايىم ، ئالدى بىلەن ئوردا- قەسىرلىرىمىزنى تېپىۋالايلى ، پادىشاھ جەمەتىدىن كېيىنرەك سانالساقمۇ ، ئەلدە بىر كىشىلىك ئورنىمىز بار ئىدى ، شاھنىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولاتتۇق . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەر ھازىر تۇرۇۋاتقان يېرىمىزدىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل ئىدى ، بۇرۇنراق ماكانىمىزنى تېپىۋالايلى ، — دەپتۇ .

چوڭ خانىش ئۆزىنى راسا بىر كۆرسىتىپ ، ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپ دالالەت قىلىپ ، ۋەزىرلەرنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىچە ئىشلەشكە كۆندۈرۈپتۇ - دە ، ئاچقۇچنى ئوڭغا بىر بۇرىغانىكەن ، شەھەر- ئوردا ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ ، ۋەزىرلەرنىڭ يۈزىگە كۈلكە- تەبەسسۇم يۈگۈرۈپتۇ .

چوڭ خانىش بىلەن ۋەزىرلەر دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي ، كېچە- كۈندۈز يەپ- ئىچىپ ، ئويۇن- تاماشا بىلەن كۈنلىرىنى ئايلارغا ئۇلاپتۇ . كىشىلەر بىخۇدلىشىپ ، خەزىنىلەر قۇرۇقدىلىشقا باشلاپتۇ . رەقىب قوشنا دۆلەتلەر دەقيانۇس پادىشاھلىقىنىڭ ھەيۋىسىنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈشۈپ ، ئۇنى يۇتۇۋېلىشقا ئاستىرتتىن تەييارلىق كۆرۈپتۇ .

دەقيانۇس پادىشاھ 10 مىڭ غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى بىر تاغقا چىقىپ ، ئۆز شەھىرىدىكى بولۇۋاتقان غەلىتىلىكلەرگە قاراپ ، ئۇنى كېچە- كۈندۈز كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ . پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى مەملىكەت-

تىكى 40 شەھەردە ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش يولىدا جان كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. پۇقرالار ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا بولۇپتۇ، ئۇلار ئۆز ھاياتىدىن قايغۇرۇشۇپ، ئەتىگەنلىكىنى تاپسا، كەچلىكىدىن غەم قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگىلى تۇرۇپتۇ.

چوڭ خانىش بىلەن ۋەزىرلەر 40 كۈن بەزمە قۇرغاندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ: «دەقيانۇس پادىشاھنىڭ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماستىن ئوردىدىن چىقىپ كېتىشىدە بىر گەپ بار، ئۇ چوقۇم چوڭ تەييارلىق بىلەن قايتىپ كېلىپ، بىزنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىشى ياكى ئۇنىڭ 40 ئوغلى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بىرلىشىپ پايتەختكە ھۇجۇم قىلىپ، رىزقىمىزنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلار قول سېلىشتىن بۇرۇن بىز ھەرىكەتكە كېلىپ، دەقيانۇس جەمەتىنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يەر يۈزىدىن پاك- پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلايلى» دېيىشىپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئويلارنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، دەقيانۇس جەمەتى ۋە پۇقرالارنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بىرەر ھىيلىنى تاپالماپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ئىچىدە مەككار ۋەزىردىن بىرى بار ئىكەن. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئويلاپ كەلگەن ئويىنى كۆپچىلىككە ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا نىيەتلەر مەككار ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش باشلاپتۇ.

چوڭ خانىش ۋە تۈزكور ۋەزىرلەر پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ قول ئىلكىدىكى يېمەك- ئىچمەك ۋە كىيىم- كېچەكلەرنى يىغىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن 40 يىللىق ئوزۇقلۇق ۋە كىيىملىك تەييارلاپ، شەھەردىن يىراق خىلۋەت بىر توقايلىقتا چېدىر- بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، خاسىيەتلىك ئاچقۇچنى ئۈچ قېتىم تولغاپ، دەقيانۇس شەھىرىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

چوڭ خانىش تەرەپدارلىرى: «40 يىل ئىچىدە دەقيانۇس جەمەتى ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى خەلق ئاچلىق ۋە ئىسسىق- سوغۇق دەستىدىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، شۇ چاغقا بارغاندا ئاچقۇچنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ، ھەشەمەتلىك شەھەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئازادە شەھەر- ئوردىدا ئۆزىمىز خان، ئۆزىمىز بەگ بولۇپ خالىغانچە يەپ- ئىچىپ، ئەركىن

ئويناپ ، تاماشا قىلىپ ياشاپ ئۆتىمىز » دەپ نىيەت قىلىشقانىكەن . ئەپسۇسكى ، 40 كۈنگە بارماي تۇرۇپ چوڭ خانىشلار توپلىغان ئاش-لىقنىڭ بىر قىسمى ئىسسىقتا سېسىپ ، بىر قىسمىنى چاشقان ، قۇرت- قوڭغۇزلار يەپ خوراشقا باشلاپتۇ . كىيىم- كېچەكلەرنى شامال ئۇچۇرۇپ ، يىرتىپ ، ئاسماندىن توپا يېغىپ يەرگە چاپلىشىۋېتىپتۇ . چوڭ خانىش تەرەپدارلىرى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ . ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق جاننى قىيناپتۇ . سەرەتان تومۇز كۈنلىرىدە چاڭقاپ ، تىللىرى بىر غېرىچ ساڭگىلاشقا باشلاپتۇ . مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ، بېشىنى زادىلا كۆتۈرەلمەپتۇ . بارلىق ۋەزىر- سەردارلار 40 كۈنگە بارا-بارماي كەينى - كەينىدىن يۇرتكى يېرىلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . چوڭ خانىش خاسىيەتلىك ئاچقۇچنى 40 يىلدىن كېيىن تاپماقچى بولۇپ ، بىر يەرگە تىقىپ قويغانىكەن ، ئۇنى تاپالماي دەرغەزەپ بو-لۇپ ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ، قىلغان ئىشلىرىغا مىڭبىر پۇشايمان يەپ ، ھەسرەت- نادامەتلەر چېكىپ ، نالە- پەرياد قىلىپ ، چېچى بىلەن بوينىنى بوغقانىكەن ، ھايال ئۆتمەي جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ . ئۆلۈ-كىنى ئىتلار تالاپ ، قالغىنىنى قاغا- قۇزغۇنلار پاك- پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ بىر توپ قارا نىيەتلەر دەقيانۇس شەھىرىدىن ئۆزلۈكىدىن تازىلىنىپتۇ .

دەقيانۇس پادىشاھ تاغدىن چۈشۈپ ، پۈتۈن پۇقرالىرىنى يىغىپ ، قول ئاستىدىكى 40 شەھەرنىڭ خانلىق سەلتەنىتىنى سورۇۋاتقان ئوغۇللىرىنى ھازىر قىلىپ ، يات مەملىكەتلەرگە ياتلىق قىلىۋەتكەن قىزلىرىنىمۇ ئالدۇرۇپ كېلىپ ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى سەرگۈ-زەشتىلىرىنى ، بولۇپمۇ دەقيانۇس شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋەيران بولۇش جەريانىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، ئوغۇللىرىدىن سىر ساقلىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ ، خوتۇنىنىڭ شېرىن-شېكەر سۆزلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بايان ئەيلەپ ، پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىلەردىن ئىبرەت ئېلىشى لازىملىقىنى قايتا - قايتا تەۋسىيە قىپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئوچۇق- ئاشكارا ئىش قىلىپ ، دەقيا-

نۇس شەھىرىنىڭ مەغرىب تەرىپىگە 40 مىڭ قەدەم يول يۈرۈپ، تۇمەن دەرياسىنىڭ بويىغا يەنە بىر گۈزەل شەھەر قۇرۇپ، ئۇنى نەپىس ۋە كۆركەم خىش - كاھىشلىق ئۆي - خانا، ئوردا - قەسىرلەر بىلەن بېزەپ، «كاھىشلىك شەھەر» مەنىسىدە «كاھشغەر» دەپ ئاتاپتۇ. پادىشاھ چوڭ ئوغلى بەگچىنىغا شاھلىقىنى ئۆتۈنۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئوردىدا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

بەزىلەر دەقيانۇس پادىشاھنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئافراسياپ دېيىشىدىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قەشقەركونا شەھەر ناھىيەسىدىن ئەيسا مامۇت، ئوسمان قاسىم، زەينەپخان قاسىم، روزىۋانىخان مامۇت.
توپلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان

## بادام ھەققىدە

قەدىم زاماندا تەكلىماكان بويىدا بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇنى كىشىلەر دەقيانۇس شەھىرى دەپ ئاتايدىكەن. دەقيانۇس پادىشاھى ئادىل ھۆكۈم يۈرگۈزگەچكە، پۇقرالىرى ئاسايىشلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلار ئۆز ئىش - ئوقەتلىرىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، پات - پات ئويۇن - تاماشا قىلىشىدىغان بوپتۇ. «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ۋەزىرلىرى بۇ ئەھۋالدىن پادىشاھنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «خۇشاللىق چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، بىرەر پېشكەللىك يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئاۋام پۇقرا بىرەر ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇلسا» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

بۇ تەكلىپ پادىشاھنىڭ رايىغا خوپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىر- ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۇقرالارنى ئىشقا سېلىپ شەھەرنى كېڭەيتىشنى قارار قىپتۇ ھەم پۈتۈن پۇقرالارنىڭ شەھەرنى كېڭەيتىش ئەمگىكىگە قاتنىشىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا بەزىلەر يارلىققا بويسۇنماي، ئەمگەككە چىققىلى ئۇنىماپتۇ.

ئوردا ئەهلى ئۇلارنى شەھەرنىڭ بىر چېتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، باشقىلارنى باشلاپ شەھەرنى كېڭەيتىش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ئەمگەك قىرىق يىلدا تاماملىنىپتۇ. پادىشاھ شۇ چاغدا ئەمگەك قىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قارىسا، ئۇ يەردە نەچچىلا ئادەم تۇرغۇدەك. پادىشاھ باشقىلارنى سۈرۈشتۈرسە، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارنىڭ ۋابا كېسەللى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ساق قالدىڭلار؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇلار: «بىز ۋابادىن قورقۇپ جاڭگالغا قېچىپ كەتكەنىدۇق. ئۇ يەردە بىر خىل مېۋىنىڭ مېغىزىنى يەپ بىر مەزگىل جان ساقلىدۇق، بىزگە ۋابا تېگىش قىلالمىدى. كېيىن بىز ئۇ مېۋىنىڭ ئۇرۇقىنى ئەكېلىپ بېغىمىزغا تېرىپ ئۆستۈرۈپ، شۇنى يەپ جان ساقلاپ كەلدۇق» دەپ پادىشاھقا شۇ مېۋىنى كۆرسىتىپتۇ.

پادىشاھ ھەمراھلىرىغا: «بۇ مېۋىنى يەپ بېقىڭلار» دەپ ئەمر قىپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مېۋىنى تېتىپ كۆرۈپ: «بۇ بادام دەيدىغان مېۋە ئىكەن» دېيىشىپتۇ. پادىشاھ: «ھۇرۇنلار ئۆلۈپ ئاز قاپتۇ، ئىشچانلار بولسا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھۇرۇنلارنىڭ بوش قالغان تۇرار جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. يەنە ۋابا كېسىلىنىڭ باشقىلارغا يۇقۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز زۆرۈر» دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ھەمراھلىرى بادامنىڭ مېغىزىنى يەپ ۋابادىن ئامان قالغانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «يۇقىرىلارغا بادام يەپ تۇرۇشنى ھەم دوپپىغا بادامنىڭ گۈلىنى كەشتىلەشنى ئېيتايلى. شۇنىڭدا كىشىلەر ھەر قېتىم دوپپا كىيگەندە بادام مېغىزى يېيىشنى ئېسىگە ئېلىپ، بادام مېغىزى يېيىشكە ئادەتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ۋابا تەگمەيدۇ» دېيىشىپتۇ.

بۇ تەكلىپ پادىشاھقا بەك يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق يۇقىرىلارنىڭ بادام گۈللۈك دوپپا كىيىپ يۈرۈشى، پات-پات بادام مېغىزى يەپ تۇرۇشى توغرىسىدا پەرمان جاكارلاپتۇ. شۇنىڭدىن

باشلاپ بۇ ئادەت تەكلىماكان بويىدا زامان ـ زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەپتۇ .

## توغراق ھەققىدە

قەدىمكى زاماندا خانئۆي شەھىرىدە تۇرغۇن ئاتلىق بىر يىگىت بار ئىكەن . ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۆكۈز ، ئېشەك ، قوي ، توخۇلاردىن بىر جۈپتىن ؛ بۇغداي ، تېرىق ، ئارپىلار ـ دىن بىر تاۋاقتىن ؛ چامغۇر ، سەۋزە ، پىياز ، سامساق ، ئاشكۆكى قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىدىن بىر چاڭگالدىن ۋە بىر قىسىم مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقىدىن بىر تالدىن ئېلىپ دەريا ياقىلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ . كىم بىلسۇن ، ئۇ يەردە باشقا ئۆسۈملۈك ـ لەر بولسىمۇ ، سايىدىغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخ يوق ئىكەن . شۇنداق بولسىمۇ ، «يىگىت سۆزىدىن ، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن ئاتىلار سۆزىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈككەن تۇرغۇن ئۇ يەردە پىژغىرىم ئىسسىققا ۋە قاتتىق سوغۇققا چىداپ ، جان پىدالىق بىلەن قىرىق يىل سەرپ قىلىپ كاتتا بىر مېۋىلىك باغ بىنا قىپتۇ . ئۇ باغدىن يەر يۈزىدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش خىل مېۋىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىكەن . باغنىڭ مېۋىلىرى پىشىپ مەي باغلىغان مەزگىلدە تۇرغۇن ئاتا ـ ئانىـ ـسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى مېھمانغا چىللاپتۇ . دادىسى توقسۇن ئاخۇن ئوغلى بىنا قىلغان باغنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ . مېھمانلار داستىخانغا جەم بولۇپ ، ئەمدىلا مېۋىگە ئېغىز تېگەي دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ ، ئالەمنى ما ـ لەم ، باغنى ۋەيران ، مېۋىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىپتۇ . تۇرغۇن قىرىق يىللىق ئەجىر ـ مېھنىتىنىڭ بىراقلا يوققا چىققىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەيۈسلىنىپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، دادىسىغا : «مەن بۇ باغنى يەنە قىرىق يىل سەرپ قىلىپ يېڭىباشتىن بىنا قىلىپ ، سىلەرنى باغقا قايتىدىن مېھمانغا تەكلىپ قىلىمەن» دەپتۇ . توقسۇن بوۋاي ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قو ـ يۇپ ، باشقا گەپ قىلمايلا مېھمانلارنى باشلاپ كېتىپ قاپتۇ . ئارىدىن

قىرىق يىل ئۆتكەندە بوۋاي يەنە مېھمانلارنى ئوغلىنىڭ بېغىغا باشلاپ كەپتۇ . لېكىن ، بۇرۇنقى ئىش يەنە تەكرارلىنىپتۇ . تۇرغۇن يەنە بۇنىڭغا زارلانماي ، دادىسىغا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ۋەدە بېرىپ ، ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ . ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەندىن كېيىن توقسۇن بوۋاي مېھمانلارنى باشلاپ ئوغلىنىڭ بېغىغا يەنە كەپتۇ . بۇ قېتىممۇ باغدىكى مېۋىلەر تازا پىشقانىكەن . مېھمانلارغا ئۇلگۇرۇپ يەنە بولۇشىغا شامال چىقىپتۇ ، ئەمما زىيان بۇرۇنقىدەك كۆپ بولماپتۇ . بۇنىڭدىن ھەيران بولغان تۇرغۇن بېغىغا زوقلىنىپ قارىغانىكەن ، ئېكىنزار ۋە باغنىڭ ئەتراپىدا كۆك بىلەن بوي تالىشىپ رەت - رەت تۇرغان دەرەخلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ . ئۇ بۇ دەرەخلەرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەن . تۇرغۇن ھەيران بولغىنىچە دادىسىدىن : «ئۇلار نېمە دەرەختۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ . توقسۇن بوۋاي : «ئۇلار ئىلاھىي دەرەخ» دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ . كېيىن مېھمانلارنىڭ بالىلىرىمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ، تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىپتۇ . ئەسلىدە توقسۇن بوۋاي ناھايىتى خۇداگۇي ئادەم بولۇپ ، تەڭرىدىن ئوغلىنىڭ ھالال تىرىكچىلىك قىلىدىغان ، چىدامچان ، غەيرەتلىك ، سېخىي ، خەير - ساخاۋەتلىك ، ئەقىللىك ئادەم بولغانلىقىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باغ - ئېكىنزارىنى بوراننىڭ ئاپىتىدىن ساقلاشنى ئىلتىجا قىلغانىكەن . تەڭرى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى مەقبۇل قىلىپ ، تۇرغۇننىڭ ئېكىنزار - باغلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئاسماندىن توغراق چۈشۈرۈپ بەرگەنىكەن . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ توغراقلار ئېتىزلىقلارنى ئاتا - ئانا خۇددى ئۆز بالىسىنى قوغدىغاندەك مۇھاپىزەت قىلىدىغان بوپتۇ . كىشىلەرمۇ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولۇشۇپتۇ . توغراق دەرىخىنى قەدىرلەش ئادىتى ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن .

## ئافراسىياپ ۋە رۇستەم ھەققىدە

يىراق قەدىمكى زاماندا تۇران ئېلىدە ئافراسىياپ ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . ئۇ ناھايىتى باتۇر ، ئەقىل- پاراسەتلىك ۋە چارە-

تەدبىرلىك ئىكەن . ئۇ پۈتۈن ئەس- يادى بىلەن ئەل - يۇرتنى ئەمىن تاپتۇرۇشنى ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئويلايدىكەن . ئافراسىياپنىڭ باشچىلىقىدا تۇران ئېلى كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىپ ، نامى يەتتە ئىقلىمغا مەشھۇر بوپتۇ .

بىراق ، بۇنىڭدىن ئىران پادىشاھى جەمشىت بەكلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ ، ئافراسىياپنى يوقىتىش قەستىدە بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاپارمەنلىرىگە رۇستەم پالۋاننى تېپىپ كېلىشنى ئەمر قىپتۇ . چاپارمەنلەر رۇستەم پالۋاننى ئۇيان ئىزدەپ ، بۇيان ئىزدەپ ، ئاخىر بىر جاڭگالدىن تېپىپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، ئۇ ئوڭ بىگىز قولى بىلەن قورام تاشنى ئويۇپ كاۋاپدان ياساپ ، ئوتتۇز قوينىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغۇدەك . ئۇلار رۇستەمگە پادىشاھنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ . رۇستەم پالۋان دەرھال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ . جەمشىت ئۇنىڭغا ئافراسىياپنى يەر يۈزىدىن يوقىتىشنى ئەمر قىپتۇ ۋە مۇبادا شۇنداق قىلالمىسا قايتىپ كەلمەسلىكىنى ، شۇنىڭ بىللە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئامانلىقىنى ئويلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

رۇستەم پالۋان توققۇز سەردار ۋە توققۇز دانىشمەن بىلەن بىرلىكتە قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ . سەپەر جەريانىدا رۇستەم سەردار ۋە دانىشمەنلىرىنى كېڭەشكە چاقىرىپ ، ئۇلارغا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن چارە- تەدبىر كۆرسىتىشنى ئېيتىپتۇ . كېڭەش ئەھلى ئۇيان ئويلىشىپ ، بۇيان ئويلىشىپ ، ئاخىر ئافراسىياپتىن يۈز ئۆرۈگەن نۇرەك ئاتلىق بىر ئادەمنى كېڭەش سورۇنىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بىر چارە تۈزۈشۈپتۇ .

رۇستەم مەسلىھەت بويىچە لەشكەرلىرىگە ئىران مەملىكىتى بىلەن تۇران مەملىكىتىنىڭ پاسىلىدا ئۆسكەن غولىدىنلا ئىككىگە ئايرىلىدىغان بىر خىل يۇلغۇن دەرىخىنىڭ چىۋىقلىرىدىن يا ئوقى ياساشنى بۇيرۇپتۇ . يا ئوقلىرى ياسىلىپ تەخ بولغاندىن كېيىن ، ئىران قوشۇنلىرى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ .

ئۇلار ھەرقانچە پىداكارلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ تۇران قوشۇنلى-
رىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا زادىلا يېقىنلىشالماپتۇ . ئۇرۇش باشلىنىپ
دەل ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى ناماز دىگەر ۋاقتىدا نۇرەك ئافراسىياپ-
نىڭ يېنىدا گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ ، قەسەم قىلىپ
مۇنداق دەپتۇ :

— يېڭىش - يېڭىلىش ئەتىمۇ ئايرىلمىسا ، ئىران قوشۇنلىرىنىڭ
ھەممىسى ناماز دىگەر ۋاقتىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، قورال- ياراغلىرى-
نى يەرگە قويۇپ ، ئوپچە ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن ، قايتىدىن ئۇ-
رۇشقا ئاتلانماقچى بولدى . رۇستەم پالۋان قوشۇنىدىن تۆت يۈز قەدەم
يىراقلىقتىكى دۆڭگە چىقىپ ، ئۆزى يالغۇز ئىبادەت قىلىدىكەن . دەل
شۇ چاغدا قوشۇنىمىز ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتسە ، جەزمەن زەپەر
قۇچاتتۇق .

ئافراسىياپ ئۆز ھوزۇرىدا يىگىرمە يىلنى ئويناپ - كۈلۈپ
ئۆتكۈزۈپ ، ئۆز ئوغلىدەك بولۇپ كەتكەن ئاسراندى ئوغلى نۇرەكنىڭ
گەپلىرىگە ئىشىنىپ ، ئەتىسى ناماز دىگەر ۋاقتىدا لەشكەرلىرىنى
باشلاپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ . كىم بىلسۇن ، تۇران
قوشۇنلىرى ئىران قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا يېقىنلىشاي دې-
گەندە ، تاغنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز ئىككى تال يا ئوقى ئۇچۇپ
كېلىپ ئافراسىياپنىڭ ئىككى كۆزىگە تېگىپتۇ . بۇنىڭ بىلەن تۇران
قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى پاتپاراق بولۇپ دەرھال چېكى-
نىپتۇ . ئىران قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ . ئەمما ،
ئىككى ياننى قوغداپ تۇرغان تۇران قوشۇنلىرى ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ-
تۇ . شۇنداق قىلىپ ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئافراسىياپنىڭ كور بولۇپ
قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يېڭىش - يېڭىلىش بولماپتۇ .

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش نەتىجىسىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئافرا-
سىياپنىڭ بارگاھىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈلۈپ ، نۇرەكنى تۇتۇپ كېلىپ ،
ئۇنىڭدىن ئافراسىياپنىڭ كور بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتە
قىلىش ، مۇبادا نۇرەكنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقى دەلىللەنسە ، ئۇنى
ئۆلتۈرۈش قارا قىلىنىپتۇ . ئەسلىدە ئافراسىياپنىڭ كۆزى ناھايىتى

ئۆتكۈر بولۇپ ، قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدى-كەن ھەم ئادەتتە ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن ، ئەمما دەل ناماز دىگەر ۋاقتىدا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ئوخشاش ھالەتكە كېلىپ ، ئوق تۇگۇل ، قۇم دانچىسىمۇ تېشىپ ئۆتەلەيدىكەن . بۇنى پەقەت ئافراسى-ياپنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە خانىشى ئالتۇن بېكەلا بىلىدىكەن . نۇرەكمۇ ئىلگىرى بىر مەزگىل ئالتۇن بېكەنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچقا ، بۇ سىرنى ئالتۇن بېكە ئارقىلىق بىلىۋالغانىكەن . ۋاھالەنكى ، بەزىلەر پادىشاھنىڭ كۆزىگە ئوق تېگىشى بىلەن تەڭ نۇرەكنىڭمۇ ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئافراسىياپنىڭ ۋەزىر- ۋۇزرالىرى دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىش توغرىسىدا قايتىدىن مەسلىھەتكە كىرىشىپتۇ . ئارىدىن بىرى سۆز باشلاپ : «پادىشاھ ئالىيلىرى رۇستەمنىڭ بارگاھىغا بېرىپ ، ئۇنىڭغا يالغاندىن ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ ، دوستلۇق قولىنى سۇنسۇن . رۇستەم قول بەرسە ، ئالىيلىرى پۇرسەتتىن پايدى-لىنىپ ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق مىجىپ ناكار قىلىپ قويسۇن . شۇنداق قىلغاندىلا سەردارنىڭ ناكار بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئىران قوشۇن-لىرى ئىرادىسى سۇنۇپ ، ئوڭايلا مەغلۇپ بولىدۇ» دەپتۇ . بۇ تەكلىپ ھەممەيلەننىڭ رايىغا خوپ كېلىپ ، رۇستەمنىڭ بارگاھىغا ئەلچى ماڭدۇرۇلۇپتۇ . ئافراسىياپنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئى-راننىڭ سەردار- دانىشمەنلىرى نۇرەكنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن رۇس-تەمگە مۇنداق مەسلىھەت بېرىشىپتۇ : «ئافراسىياپنىڭ ئوڭ قولى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىمىش . شۇڭا ، بىز تۆمۈردىن بىر قول ياساتاي-لى . مۇبادا ئۇ كۆرۈنۈش ئۈچۈن قولىنى سۇنسا ، سىلى ئالدى بىلەن راست قوللىرىنى بەرمەي ، تۆمۈر قولنى ئۇزاتسىلا . شۇنداق قىلساق ، ئافراسىياپنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلەلەيمىز .» ھاكاۋۇر رۇستەم ئۆز ھەيۋىسى ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە تەمەننا قويۇپ ، ئافراسىياپنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلالىشىغا زادىلا ئىشەنمەپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئافراسىياپنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سەردار- دانىشمەنلىرىنىڭ مەسلى-ھەتىنى قوبۇل قىپتۇ . دېگەندەك ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ

ئافراسىياپ رۇستەمنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەپتۇ. كېچەش باشلىنىپتۇ. ئافراسىياپ رۇستەم پالۋانغا ئىككى ئەل خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن دوستلۇق ئورنىتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. رۇستەم يالغاندىن ئافراسىياپنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول تەڭلەپتۇ. ئافراسىياپ كۆزى كور بولغاچقا، رۇستەمنىڭ تۆمۈر قول بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنى شۇنداق قاتتىق قىسقانىكەن، خۇددى خېمىردەك مىجىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن رۇستەم چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە پالۋانلىرىغا ئافراسىياپنى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ، ئاندىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىدىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئىران قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ تۇران قوشۇنلىرى تاغ جىلغىسى تەرەپكە قاراپ چېكىنىپتۇ. سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان رۇستەم پالۋان بۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، تۇران قوشۇنلىرىنى شىددەت بىلەن قوغلاپتۇ ھەم ئۆز قوشۇنىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە تۇران قوشۇنلىرى جىلغىغا چوڭ بىر ئورەك كولاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە چىنار شاخلىرىدىن ياسالغان قوزۇقلارنى زەھەر بىلەن سۇغىرىپ كۆمۈپ، تۇزاق قۇرۇپ چىققانىكەن. رۇستەم ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئورەككە يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە ئالدى تەرەپتە ئورەك بارلىقىنى سېزىپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئورەكتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئېتىنى ناھايىتى تېز چاپتۇرۇپ كېلىپ ئورەكتىن ئاتلىتىپتۇ. لېكىن، ئورەك بەك چوڭ بولغاچقا، ئاتنىڭ ئالدى پۇتى ئورەكنىڭ تېشىغا، كەينى پۇتى ئىچىگە چۈشۈپ، ئات ئورەك ئىچىگە ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ. ئات ئۇستىدىكى رۇستەمنىڭ دۈمبىسىدىن كىرگەن قوزۇق ئاتنىڭ قورسىقىدىن چىقىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ رۇستەم ئورەكتىن چىقىپ، ئوقياسىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى قاتار ئۆسكەن ئوتتۇز تۈپ چىنارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان ئورەك قازغۇچىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزگەنىكەن، ئۇ ئوق ھەر تۈپىنىڭ ئايلانمىسى توققۇز غۇلاچ كېلىدىغان ئۇ چىنارلارنى خۇددى پاختىدىن يىڭنە ئۆتكۈزگەندەك تېشىپ ئۆتۈپ، ئورەك قازغۇچىنىڭ كۆكسىگە تېگىپتۇ. بىراق، ئۇمۇ

زەھەرلىك قوزۇق بىلەن زەخىملەنگەنلىكى ۋە ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىشتا بەك كۈچەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تۇرغان جايىغا يىقىلىپ جان تەسلىم قىپتۇ .

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ سەردارلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ، يېڭىدىن سەردار سايلىشىپتۇ ۋە ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشىپ دوستلۇق ئورنىتىپتۇ .

## تۇرۇپ ئاخۇن ۋە ئۈجمە دەرىخى

ئافراسىياپ زامانىسىدا بىر قېتىملىق قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ ، نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كېتىپتۇ . تىرىك قالغانلار يەيدىغان باشقا نەرسە بولمىغاچقا ، ئامالسىز قۇرت- قوڭغۇز ۋە ياۋا ئوت- چۆپلەرنى يەپ جان ساقلاشقا باشلاپتۇ . ئەمما ، ئۇزاققا بارماي بۇ نەرسىلەر تۈگەپ ، يۇرتتا قاتتىق ئاچارچىلىق باشلىنىپتۇ . دەل مۇشۇ كۈنلەردە گەرەمبالىق شەھىرىدىكى تۇرۇپ ئاخۇننىڭ بېغىدىكى ئۈجمە راسا پىشىپتىكەن ، ئېچىرقاپ كەتكەن قوشنا- قولۇملار تۇرۇپ ئاخۇننىڭ توسقىنىغا قارىماي ، بېغىغا بېسىپ كىرىپ ئۈجمە يېيىشىپتۇ . كىم بىلسۇن ، يېگەنسېرى ئۈجمە مېۋىلىرى شۇنچە كۆپىيىپ ، شاخلىرى ئۆزلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ . ئەمما ، تۇرۇپ ئاخۇن بېغىغا ئادەم كىرگۈزمىگەن كۈنى ئۈجمە مېۋىسى ئازلاپ كېتىپتۇ ، ھەتتا پىشقانلىرى كۆزگە كۆرۈنمەپتۇ . بۇ خەۋەر پادىشاھ ئافراسىياپقا يەتكەندىن كېيىن ، ئۇ ئوردا ئەھلى بىلەن بىرلىكتە بۇ باغقا كېلىپ ئۈجمىگە ئېغىز تېگىپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، شۇ كۈنى ئۈجمىلەر ھەقىقەتەن كۆپ ھەم مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنىكەن . تۇرۇپ ئاخۇن پادىشاھنىڭ ئۆز ئۈجمىسىگە ئېغىز تەگكۈزگەنلىكىنى ۋە ئۈجمىلەرنىڭ كۆپىيىپ پىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېخىللىق قىلغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . پادىشاھ ئۇنى ئۈجمە بىلەن يۇرتداشلارنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كاتتا ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلاپ ۋە زىرلىككە تەيىنلەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن ئەلگە قىرىق تۈپتىن

ئۆجمە دەرىخى تىكىپ ، ياخشى پەرۋىش قىلىش ، مېۋىسىنى ساتماس-لىق ، يەيمەن دەپ كەلگەنلەرنى توسىماسلىق ، ئۇنىڭدىن كۆپ ئۆس-تۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش ، بۇ دەرەخنى قەستەن نابۇت قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆجمە دەرىخى بۇ يۇرتتا ئەتىۋارلىق دەرەخكە ئايلانغانىكەن .

رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بەرگۈچىلەر : قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە قوغان يېزا يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدىن ئوسمان قاسىم ، روزىۋانىخان مامۇت .

رەتلىگۈچى : غەيرەتجان ئوسمان

## قورامشاھ ۋە دارۋازلىق

قەدىمكى زاماندا قورامشاھ دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ زامانىدا دۆلەت قۇدرەت تاپقان بولۇپ ، خەلق ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشايدىكەن ، پادىشاھ ۋە پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق ئىشتىن غەم-ئەندىشىسى يوق ئىكەن . كۆنلەر ، ئايلار ، يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋې-رىپتۇ . پادىشاھ ئويۇن- تاماشىغا بېرىلىپتۇ ، پۇقرالار ھۇرۇنلىشىپ-تۇ ، ھۈنەرۋەنلەر كەسىپىنى ئالماشتۇرۇپتۇ ، تىجارەتچىلەر قىمارۋاز ، لەشكەرلەر خوتۇنباز بولۇپ كېتىپتۇ . بۇ ئەلنىڭ ئەتراپىدىكى خانلىق-لار قورامشاھتىن بەكمۇ قورققاچقا ، بۇ ئەلگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىكەن . شۇنداق بولغاچقا ، پادىشاھ ۋە پۇقرالار بەخىرامان يۇرۇشىدىكەن .

بۇ ئەلنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر قاراڭغۇ تاغ بولۇپ ، ئۇ يەردە جىن-شاياتۇنلار ياشايدىكەن . قورامشاھنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ زامانىدا ئۇلار بۇ ئەلگە دائىم تەھلىكە پەيدا قىلىپ ئارام بەرمەيدىكەن . قورامشاھنىڭ چوڭ دادىسى ئۇزاق يىل قانلىق جەڭ قىلىپ ، ئاخىر بۇ ئالۋاستىلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ ، قايتا تەھدىت سالالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ ، تۇۋا قىلدۇرۇپ ، قايتا پاراكەندىچىلىك سالماسلىققا تىلخەت ئالغانىكەن . لېكىن ، ئالۋاستىلار يېنىلا كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى تۇرانشاھ ئەۋلادلىرى-

دىن ئۆچىنى ئېلىشنى ئويلايدىكەن . قورامشاھنىڭ زامانىغا كەلگەندە
ئۇلار ئۆز ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ ، بۇ ئەلگە كېچىسى بېسىپ
كىرىپتۇ ۋە كىشىلەرنىڭ يېمەك- ئىچمەك ، كىيىم- كېچەك ، ئالتۇن-
كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلاپتۇ . قورامشاھ دەسلەپتە بۇ ئىشقا
ئانچە ئېرەن قىلماپتۇ . كېيىنچە ئىش چوڭىيىپ ، ئوردا لەشكەرلىرى-
مۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ .

بىر كۈنى قورامشاھ بىرەر چارە- تەدبىر تېپىلىپ قالار دېگەن
ئويدا ئورددىكى دانىشمەنلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ . شاھنىڭ
ئوڭ قول ۋەزىرى شۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ :

— جىن- ئالۋاستىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە كۈچى يوق ، بىزنىڭ سەر-
ۋاز- لەشكەرلىرىمىز بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشالمايدۇ . ئەمما ، ئۇلار
تولىمۇ ھىيلىگەر . ئۇلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ، كېچىسى ھەرىكەت
قىلىدۇ ، ئۆزىگە قارشى ئادەملەرنى كۆرگەندىن كېيىن 40 غۇلاچ
ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنى ئەخمەق قى-
لىپ ، مال- دۇنيانى ئېلىپ قاچىدۇ . بۇنىڭ مۇنداق بىر چارىسى بار :
ئاتا- بوۋىلىرىمىز زامانىدا بۇ ئالۋاستىلارنى كەمەك ھەيىيار دېگەن بىر
ئادەم قوغلاپ چىقارغان بولۇپ ، كېيىن ئورددىكى پىتنىخورلاردىن
ئازار يەپ ، جاڭگالغا كەتكەنىكەن . چوڭ دادام «مۇبادا دۆلەتنىڭ
بېشىغا ئېغىر كۈن كەلسە ، ئاشۇ كەمەك ھەيىيارنى ئىزدەڭلار» دەپ
تاپىلىغان . بىزنىڭ ئۆيدە كەمەك ھەيىياردىن قالغان قىرىق غۇلاچلىق
بىر ئارقان ، ئىككى بىسلىق ، قىرىق غېرىچلىق بىر قىلىچ بار . مەن
بۇلارنى ئېلىپ ، جاڭگالغا بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ باقاي ، ئۇ ئۆزىنىڭ
نەرسىلىرىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا ھەم ئەل-
يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەتنى يېڭىشنى ماقۇل كۆرسە ،
باشلاپ كېلەي ، — دەپتۇ .

كېڭەش ئەھلى ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ ، ئۇنى
ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن قىرىق يىگىتكە قوشۇپ كۈنتۇغار تامان يولغا
ساپتۇ . بۇلار 40 كېچە- كۈندۈز سەپەر قىلىپ مىڭبىر مۇشەققەتتە
كەمەك ھەيىيارنى تېپىپتۇ . كەمەك ھەيىيار بۇ چاغدا 400 ياشقا كىر-

گەن بولۇپ ، چاچ- ساقاللىرى ئاقارغان ، بەللىرى مۈكچەيگەن ، غې-
رىبلىق ، مىسكىنلىك روھى ۋە جىسمىنى ئېغىر خورلاتقانىكەن . ئۇ
ۋەزىرنىڭ قەدىناس دوستىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، سۆيۈنۈپ
كەتكەنلىكتىن كۆزىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈپتۇ ، ئەل- يۇرتىنىڭ
بېشىغا بالا- قازا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قايغۇرۇپتۇ ، ئۆمرىنىڭ ئاخى-
رىدا يۇرتداشلىرى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئىستىكى
ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋاپتۇ . ئۇ 300 يىل ياشىغان غېرىبانە كۆلبىسىدىن
ئايرىلىپ ، ۋەزىر ۋە يىگىتلەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ . پادىشاھ كەمەك
ھەييارنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋاپتۇ . ئۇلار ئوردىدا بىرقانچە كۈن ئارام
ئالغاندىن كېيىن ، ئالۋاستىلارنى يوقىتىش تەدبىرىنى تۈزۈپتۇ . شە-
ھەرنى ئايلاندۇرۇپ تۇۋرۇكلەرنى قاداپتۇ . قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىككە
ئارغامچا تارتىپتۇ . كەمەك ھەييار 40 يىگىتنى ئارغامچا ئۈستىدە
قىلىچ ئوينىتالايدىغان قىلىپ مەشىق قىلدۇرۇپتۇ . يەر ئۈستىدە سەر-
ۋاز- لەشكەرلەر كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇپتۇ . ئەس-
لىدە جىنلار ھەر 40 كۈندە بىر قېتىم بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشقا كېلىدى-
كەن . كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كەپتۇ . يەر ئۈستىدى-
كى سەرۋازلار تەڭلا ھەرىكەتكە كېلىپ جىنلارنى يەرگە زادىلا دەسسەت-
مەپتۇ . جىنلار يەرگە دەسسەپ تۇرالمىسا ، 40 غۇلاچلىق ئاسمان
بوشلۇقىغا چىقىپ تۇرۇۋالىدىكەن . ئۇلار ئاسمانغا چىقىشى ھامان
كەمەك ھەييار باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر يوشۇرۇنغان جايىدىن ئارغامچا
بىلەن كېلىپ جىنلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئەدىپىنى راسا
بېرىپتۇ . كەمەك ھەييار جىنلار پادىشاھىنى تۇتۇۋېلىپ قورامشاھىنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ ھەمدە ئۇنى قاتتىق سوراققا تارتىپتۇ . جىنلارنىڭ
پادىشاھى قورقۇپ كېتىپ ، قىلغان شۇملۇقلىرىغا ئۆكۈنۈپ زار- زار
يىغلاپتۇ ، ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ قىلىشقان ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى-
نى ئېيتىپ تۆۋا قىپتۇ ، بۇلاپ كەتكەن مال- دۇنيانى قايتۇرۇپ
بېرىدىغانلىقىنى ، بۇ ئەلگە قايتا قەدەم باسمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بىر
قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئۆتۈنۈپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭ نالىسىگە چىدى-
ماي ، تىلخەت ئېلىپ ئۆز ئېلىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ . شۇنىڭدىن

باشلاپ بۇ ئەلدە يەرگە تۆۋرۈك قاداپ، بوشلۇقتا ئارغامچا تارتىپ مېڭىشنى مەشىق قىلىش ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ.

## بۆشۈك ئانام

قەدىمكى زاماندا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە زۇمرەت ئىسىملىك بىر قىز ياشايدىكەن، كىشىلەر ئۇنى پەرىزات دېيىشىدىكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەللەرنىڭ سۇلتانى بولۇپ، چىرايى ئايدەك، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك، چىشلىرى سەدەپتەك، چاچلىرى سۇمبۇل، قاشلىرى قىياقتەك ئىكەن.

يەر يۈزىدە قۇدرەت ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىمۇ ئەۋلىيا يىگىت دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ناھايىتى قامەتلىك، چەبدەس، باتۇر ۋە پەم - پاراسەتلىك ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى زۇمرەت بويىغا يېتىپ، باغ ئارىلىغۇسى، چەشمە بۇلاقلارنى كۆرگۈسى كېلىپ، سەھەر ۋاقتىدا دادىسىنىڭ دۇلدۇلىغا مىنىپ، يوشۇرۇن زېمىنغا چۈشۈپتۇ ۋە ئىنتايىن چىرايلىق ئارامبەخش بىر چىمەنزارلىققا كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەردىكى بۇلاقلاردا زۇمرەتتەك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغۇدەك، ئەتراپى مەخمەلدەك يايلاق بولۇپ، ئۇ يەردە تۈرلۈك ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ئەركىن يايراپ يۈرگۈدەك. جەننەتتىن قېلىشمىغۇدەك بۇ ئۆز ماكان زۇمرەتنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ.

زۇمرەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ يەتتىنچى كۈنى ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن قۇدرەت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. قۇدرەتمۇ بۇ پەرىزاتقا باغلىنىپ قاپتۇ.

بۇ بىر جۈپ ئاشىق- مەشۇقنىڭ ئىشق دەرياسىغا شۇڭغۇغانلىقىدىن ۋاقىپلانغان قىزنىڭ دادىسىنىڭ نارازىلىقى پەلەككە يېتىپ، زېمىننىڭ خوجىسىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۇرۇش 40 كۈنگىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن دادىسى زۇمرەتنى ئېلىپ كېتەلمەپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان دادا ئاخىر ئەپسۇن ئوقۇپ قىزىنى جادۇ

قىلىۋېتىپ ، ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىپتۇ . جادۇ تەسىر قىلىدىغان چاغدا زۇمرەت بۆشۈككە بۆلۈكلىك بالىسىنى ئېمىتكەچ ، تاۋۇز يەپ ئولتۇرغان بولۇپ ، ئۇ شۇ پېتى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن .

زۇمرەت تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن يەر ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدىكى جايىپاچچىم دېگەن يەردە بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنى بۆشۈك ئانام دەپ ئاتىشىدۇ . بۇ يەردە ئەلياتقۇ ۋە سەھەر پەيتىدە بۆشۈك ئانامنىڭ «ئەللەي ناخشىسى» ئاڭلىنىپ تۇرارمىش . كۇندۇزلىرى تاشقا ئايلانغان بۆشۈك ئانام ، بالا بۆلۈنگەن بۆشۈك ، كەسلەنگەن تاۋۇز ، نان قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرارمىش . تۇغمىغان ، بالىسى تۇرمىغان ، كېسەلچان ۋە دەردمەن ئاياللار بۆشۈك ئانامنىڭ روھىغا ياغ يۇراتسا ، قېشىغا بېرىپ دۇئا- تىلاۋەت قىلسا ، تەلىپى ئىجابەت بولۇپ مۇشكۇلى ئاسانلىشارمىش .

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئاتۇش ئازاق يېزا بۇيامەت كەنتىدىن ئابدۇكېرىم ئاخۇن .

## رۇستەم پالۋان

بۇرۇنقى زاماندا رۇستەم ئىسىملىك بىر پالۋان ئۆتكەنىكەن . ئۇ ناھايىتى باتۇر بولۇپ ، بىر قېتىمدا 40 مىڭ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلالايدىكەن . ئۇنىڭ بىر قىلىچى بار بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 40 گەز كېلىدىكەن . بۇ قىلىچنى دۇنيادا رۇستەمدىن باشقا ئادەم كۆتۈرەلمەيدىكەن . رۇستەمنىڭ بىر دۇلدۇلى بولۇپ ، ئۇ 40 يىللىق مۇساپىنى بىر كۈندە باسىدىكەن ، ئۇستىگە رۇستەمدىن باشقا ئادەمنى مىندۈرمەيدىكەن . رۇستەمنىڭ يەنە بىر تايغىنى بار بولۇپ ، بۇ تايغان 40 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى شەپىنى سېزەلەيدىكەن . رۇستەم پالۋان مۇشۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ھېسابلايدىكەن .

رۇستەم پالۋاننىڭ كۈچ- قۇدرىتى بىلەن ئىران ۋە تۇران ئەللىرى ئۇزاق يىلغىچە سىرتقى دۈشمەننىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچرىماي ،

تىنچ، خاتىرجەم ئۆتۈپتۇ. خەلق ئەمىنلىك ئىچىدە ياشىغاچقا، رۇس-
تەمدىن تولىمۇ رازى ئىكەن. لېكىن، يىللار ئۆتكەنسېرى رۇستەم
پالۋان بەك كۆرەڭلەپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، باشقىلارنى
ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرىدىغان بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار ئۇنىڭ
بۇ قىلىقىدىن بىزار بولۇشقا باشلاپتۇ. نەتىجىدە رۇستەمنىڭ ئات
باقارى ئۇنىڭ دۇلدۇلىنى كۆڭۈل قويۇپ باقماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
دۇلدۇل ئورۇقلاشقا باشلاپتۇ. تايغانغا قارىغۇچىلارمۇ ئۇنى ئوبدان
باقماي پىت باستۇرۇۋېتىپتۇ. قىلىچىنى بىلىگۈچىلەرمۇ ئوبدان بىلە-
مەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇستانىيە ئېلى-
نىڭ پادىشاھى قوشۇن باشلاپ رۇستەمگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ.
رۇستەم ئىلگىرىكى ھەيۋىسى بىلەن جەڭگە ئاتلانغانىكەن، ئۇرۇشتا
يېڭىلىپ قاپتۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتىمۇ مەغلۇپ بوپتۇ. ئۇ
ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى پادىشاھقا مەلۇم
قىپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ كېڭەشكە
پۇقرالارنىڭ بىر ۋەكىلىمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇ رۇستەمنىڭ پۇقرا-
لارنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى قېتىملىق
ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپتۇ. پادىشاھ بىلەن رۇستەم
پالۋان بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ، پۇقرالارغا ئۆزرە ئېيتىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بارلىق پۇقرالىرى بىر ياقىدىن باش،
بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئۈچىنچى قېتىم جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.
رۇستەم پالۋان بۇ ئۇرۇشتا خەلقنىڭ ھىمايىسى بىلەن غەلىبە قازى-
نىپ، دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئەل-يۇرت يېڭىباشتىن تىنچ-
لىنىپ، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. رۇستەم پالۋان شۇ-
نىڭدىن باشلاپ تولىمۇ كىچىك پېئىل بولۇپ، پۇقرالار بىلەن دوست-
لىشىپ ئۆتۈپتۇ. رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن كىچىك پېئىللىقى
قوشۇلۇپ، نامى يەتتە ئىقلىمغا تېخىمۇ كەڭ تاراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزا يۇقىرىقى
قازىرىق كەنتىدىن ئوسمان قاسىم.

## ئوغۇساق ، ئىگىساق ۋە تۆگەساق

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ تۆگىسى يىتىپ كېتىپتۇ . ئۇ تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ ئىزدەپ كۆرگەن بولسىمۇ ، تۆگىسىنى ھېچ-قانداق يەردىن تاپالماپتۇ . تۆگىسى چىقمىغانچە ، بۇ ئادەم قوشنىسى-دىن تۆگەمنى ئوغرىلىۋالدىمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ يۈرۈپتۇ . باشقى-لارمۇ شۇنداق گۇماندا بولغاچقا ، ھېلىقى كىشىنىڭ قوشنىسى بەك بىئارام بوپتۇ . ئارىدىن خېلى مەزگىللەر ئۆتۈپ ، مەلۇم بىر كۈنى يىتكەن تۆگە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قاپتۇ . قارىغۇدەك بولسا تۆگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغانىكەن . تۆگىنىڭ ئىگىسى ئەس- ھوشىنى يىغىپ ئويلاپ كۆرسە ، تۆگىسىنى ھېچبىر ئوغرى ئالغاندەك ئەمەس .

شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر «ئوغرىسىمۇ ساق ، تۆگىسىمۇ ساق ، ئىگىسىمۇ ساق ئىكەن» دەپ سۆز- چۆچەك قىلىشىپ يۈرۈشۈپتۇ . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق يەر قىسقارتىلىپ «ئو-غۇساق» ، «تۆگەساق» ، «ئىگىساق» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ .

بۇ يەر ھازىر قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوغۇساق ، زەمىن يېزى-سى تەۋەسىدە .

ئېيتىپ بەرگۇچى : ئىمىن ئاخۇن .

توپلىغۇچى : غەيرەتجان ئوسمان

## ئافراسىياپ ۋە كاۋاپىنىڭ پەيدا بولۇشى

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئافراسىياپ بىر قىسىم نۆكەرلىرىنى ئې-لىپ ئوۋغا چىقىپتۇ . ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەنلى-كىنى سەزمەي قاپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقىمۇ تۈگەپ قاپتۇ . ئۇلار ئوزۇقلۇق ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىتتا دەشت- باياۋاننىڭ ئىچكىرىسىدە ئىس- تۈتەكلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ-تۇ . ئافراسىياپ نۆكەرلىرىنى باشلاپ شۇ تەرەپكە يول ئاپتۇ . بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ، بۇ يەردە دەل - دەرەخلەر كۆيۈپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە

قاپسلىپ قالغان ھايۋانلارمۇ كۆيۈپ كېتىۋاتقۇدەك . ئافراسىياپ جان قايغۇسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن بەزى ھايۋانلارنى ئوت قورشاۋىدىن قۇ-تۇلدۇرۇپ قاپتۇ . چەت جايلىرىدا بولسا كۆيۈپ ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى بەك مەززىلىك پۇراپ ، دىماققا ئۇرۇلۇۋاتقۇدەك . قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن كىشىلەر بۇ گۆشلەرنى يەپ باقسا بەكلا تەملىك ئىكەن . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارغا ئوتتا پىشۇرۇلغان گۆش يېيىش ئادەت بولۇپ قاپتۇ ھەم ئۇنى «كاۋاپ» دەپ ئاتاپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئوسمان قاسىم

## ئابدۇللا ۋە تونۇر

قەشقەردە تۇرانشاھ دېگەن كىشى پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان يىللاردا پادىشاھقا كېيىك گۆشى لازىم بولۇپ قاپتۇ . ۋەزىرلەر مەسلە-ھەتلىشىپ ، ئابدۇللا دېگەن بىر ئوۋچىنى كېيىك ئوۋلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ . ئابدۇللا ئۆيىگە بېرىپ ، ئۆزىنىڭ جاڭگالغا بارىدىغانلىقىنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ . خوتۇنى ئېرىنى يولغا سالماق بولۇپ تېز تۇتۇش قىلىپ قازان ئېسىپتۇ .

ئەسلىدە ئابدۇللانىڭ ئوچىقى كونىراپ كەتكەچكە ئۇنى چېقىپ تاشلىغانىكەن . ئۇلار بىرئاز باش قاتۇرۇپ ، ھويلىسىدىكى بىر يەرگە ئورەك قېزىپ بىر ئوچاق ياساپتۇ . بۇ يەر يۇمشاقراق بولغاچقا ، توپىسى پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ ، قازان توختىماپتۇ . ئابدۇللا ئى-چىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان تۇزنى لايغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوچاقنىڭ ئىچىنى سۇۋاپتۇ . تاماقمۇ پىشىپتۇ ، قازاننى پەسكە چۈشۈرۈپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، يايغان خېمىرنىڭ بىر پارچىسى ئوچاقنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ، چاپلىشىپ قالغانىكەن . ئۇنى ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا يۈزى قىزىرىپ ، شۇنداق چىرايلىق تۇرغۇدەك ، ئۇنى يەپ بېقىپتۇ . تەمى تاتلىق ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك...... ئابدۇللانىڭ خوتۇنى بۇنى كۆ-رۈپ ، ئوچاققا خېمىر چاپلاپ پىشۇرۇپ ، ئابدۇللانىڭ سەپەرگە چىقى-شىغا تەييارلاپ بېرىشكە تۇتۇنۇپتۇ .

بۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپتۇ . پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئابدۇللانى يولغا سالماق بولۇپ ، يول دوقمۇشىدا كۆپ ساقلاپ تاقىتى تاق بولۇپ ، ئىزدەپ ئۆيىگە كەلسە ، ئۇلار ئوچاققا قاراپ ئولتۇرغان . شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار ئابدۇللانى كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . ۋەزىرلەر كېچىكىپ قې-لىش سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلسا ، ئۇ ئىشنىڭ جەريانىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىپتۇ .

بۇنىڭغىچە تېۋىپلار تۇرانشاھقا بېرىش ئۈچۈن كېيىك گۆشىگە بەك تەقەززا بولۇپ كەتكەنىكەن . ئارىدىكى بۇ ۋەقەلەرنى ئۇقۇپ ، ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە يېمەكلىككە نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ . ياساۋۇللار ئابدۇللانىڭ خوتۇنى ئوچاقتا پىشۇرغان يېمەك-لىكنى ئېلىپ كەپتۇ .

يېمەكلىكنى يەپ پادىشاھنىڭ بۇ كېسىلى ساقىيىپتۇ ھەم بۇ يېمەكلىك ئاغزىغا بەك تېتىپ كەتكەچكە ، ئۇنى قانداق پىشۇرغانلىقى-نى سوراپتۇ . ئابدۇللا ئىشنىڭ جەريانىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . پادىشاھ شۇ زامان ئاشۇنداق ئوچاقلارنى ھەممە ئائىلىلەردە سېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ . شۇندىن كېيىن بۇنداق ئوچاقلار بارغانسېرى چوڭايتىلىپ ، ھازىرقىدەك تونۇر شەكلىگە كەپتۇ . تونۇردا پىشۇرۇل-غان بۇ يېمەكلىكنى كىشىلەر ئەتمەك ، ھەمەك نان دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئوسمان قاسىم

## چامغۇر ۋە سەۋزىنىڭ داۋا بولۇشى

دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا ئادەملەر كۆپىيىپ ، كىشىلەرنىڭ ئۆي-لىرى تۇتاش- تۇتاش سېلىنىپ ، شەھەردىن شەھەرگە ئۆيلەرنىڭ ئۆگ-زىسى بىلەنمۇ بارغىلى بولىدىغان ھالەتكە كەپتۇ . ئادەملەر ھال- كۈنى ياخشىلانغاچقا ، باردى - كەلدىسى بەك قويۇق بولۇپ ، ئېجىل- ئىناق بولۇپ كېتىپتۇ . بىر خۇشاللىقنىڭ بىر خاپىلىقى بار دېگەندەك ، بۇ

شەھەردە ئۆپكە كېسىلى تارقىلىپ نۇرغۇن ئادەم جېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ . تۇمەن دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى بىر كۆجۇم مەھەللىدە كۆپ ئادەم كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ . ساق قالغانلىرى بولسا ياقا - يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ ، پەقەت 90 ياشلىق بىر بوۋاي بىلەن 80 ياشلىق بىر موماي ، يىراقلارغا كېتىشكە مادارى قالماي ياكى جېنى چىقماي ئامان قېلىپ ، ھاياتلىق ئۇچۇن تىركىشىپتۇ . ئۇلارمۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ۋە قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلالماي ، يېمەك- ئىچمەكتىن بەك قىينىلىپتۇ . جىگدە- قاقلارنى ، گىياھلارنى يەپ جان بېقىپتۇ . بۇلارمۇ تۈگەپتۇ . يۇرتنىڭ ئايىغىدا بىر ئېتىز كۆكچىلىك قالغان بولۇپ ، شۇ يەردە بىرقانچە خىل ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ تۇرغۇدەك ، ھېلىقى بوۋاي بىلەن موماي بۇ نەرسىلەرنى يەپ بىر مەزگىل جان ساقلاپتۇ ، ئاندىن بۇ كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ چىقىرىپ يەپتۇ . ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ بۇ چاللارنىڭ كېسەللىرى ساقىيىپ تېتىكلىشىپ قاپتۇ ھەم مومايىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقى بىلىنىپتۇ . ئاي - كۈنى توشۇپ موماي بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ . شۇ تەرىقىدە ئۇلار ئۈچ پەرزەنت كۆرۈپتۇ . دېھقانچىلىق قىلىپ ، يېڭىباشتىن ھاياتلىقنى داۋام ئەتكۈزۈپتۇ . بالىلار قوشنا يۇرتلاردىن ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بوپتۇ ھەم ئۇلار بىر جەمەت بولۇپ ئاۋۇپ ، يۇرتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپتۇ . بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ كېسىلىگە شىپا بولۇپ ، ئۆمرىنى ئۇزارتقان نەرسە چامغۇر ، پەرزەنتلىك بولۇپ ، نەسەبلىرىنى ساقلاپ قالغۇچى سەۋزە ئىكەن . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر چامغۇر بىلەن سەۋزىدىن ئايرىلمايدىغان بولۇپتۇ . بۇ خەۋەرنى دەقيانۇس ئاڭلاپ ، ھېلىقى بوۋاي بىلەن مومايىنى كۆپ ئىنئام بىلەن تارتۇقلاپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر چامغۇر بىلەن سەۋزە يەيدىغان بولغانىكەن .

ئېيتىپ بەرگۈچى : قەشقەر كوناشەھەر يېڭىئۆستەڭ يېزا دۆڭكۆل كەنتىدىن : رىزۋانخان مامۇت

## ئامانتۇر ۋە ياڭاق

قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) بەگلىكىدە ئامانتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەن بولۇپ. ئۇنىڭ ئانىسى جاھانغا مەشھۇر گىلەم ئۇستىسى ئىكەن. شاھ ئۇنىڭ ھۇنىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بىراق، ئامانتۇرنىڭ ئانىسى قېرىپ كېسەلچان بولۇپ قالغاچقا، تېۋىپلار تەكشۈرۈپ، قارا قۇرۇمدىكى خاسىيەتلىك مېۋىنى ئېلىپ كېلىپ يېگۈزسە ساقىيىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ، شاھ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، شۇ مېۋىنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە يۇقىرى ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. جەسۇر ئامانتۇر دەھشەتلىك خېيىم - خەتەرلەرنى يېڭىپ، قاراقۇرۇم تېغى باغرىدىن مېۋىنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسىغا يېگۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىسىنىڭ كېسىلى شىپا تېپىپ، يىراق - يېقىندىكىلەرگە ھۇنەر ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. بۇ خاسىيەتلىك مېۋە دەل ھازىرقى ياڭاق ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭاق قاغىلىقتا ماكانلاشقانىكەن.

# Ⅲ باب ھېكايە - چۆچەكلەر

## §1 . ھېكايە - چۆچەكلەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

ھېكايە - چۆچەكلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي بايان تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا يازما ئەدەبىياتتىكى ھېكايىلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بىردەك «چۆچەك» دەپ ئاتالغان. چۆچەكلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى مۇھىم ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان، تۇرمۇشنى خىيالىي فانتازىيە ئارقىلىق قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئاغزاكى ھېكايىلەردۇر.

خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى شۇ يەردىكى، ئۇ بىرىنچىدىن، ئوبراز يارىتىشتا ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قايسى خىلدىكى ھېكايە - چۆچەك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى خىيالىي بولسىمۇ، لېكىن رېئاللىققا زىچ تەتبىقلانغان بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭدا رېئال ۋەقە ۋە كونكرېت ئادەملەرنىڭ خاسلىق بەلگىسى بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە توقۇلمىلار بىلەن رېئال ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە لېنىن: «ھەربىر چۆچەكتە ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ ئېلېمېنتلىرى بار، ئەگەردە سىلەر بالىلارغا تەقدىم قىلغان چۆچەكلەردە خوراز بىلەن مۈشۈك ئادەمزات تىلىدا سۆزلىمەيدىغان بولسا، ئۇنداق چۆچەكنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە قىزىقى بولمىغان بولاتتى» دەيدۇ. ھەقىقەتەن چۆچەكلەردە مەيلى ھايۋاناتلار

ياكى ئۇچار قۇشلار ، مەيلى تاغ - دەريالار ياكى دەل - دەرەخلەر ، مەيلى قۇرت- قوڭغۇزلار ياكى ئورگانىك جىسىملار تەسۋىرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتلىرى ئادەملەرچە قىد- لىقلاندۇرۇلىدۇ ، تەبىئەت دۇنياسى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلىدۇ ؛ ئۇچىنچى- چىدىن ، قويۇق سىمۋولىستىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق رو- شەن ئىجتىمائىي مەزمۇن ئەكس ئېتىلىدۇ ؛ تۆتىنچىدىن ، بەدئىي قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ ، تىلى- نىڭ ئاددىي - ساددىلىقى ۋە ئىخچام ، ئاممىبابلىقى ، سۇژىتلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە قىزىقارلىقى ، ۋەقەلىرىنىڭ جانلىقلىقى ۋە يۇمۇ- رىستىكلىكى ، ئوبرازلىرىنىڭ مەنتىقىلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ روشەن بەدئىي ئالامەتلىرىدۇر ؛ بەشىنچىدىن ، خەلقنىڭ ھېكا- يە - چۆچەكلىرى مەزمۇن جەھەتتىن قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولىدۇ .

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، فانتازىيە چۆچەكلەرنىڭ مىزانى ۋە جېنىدۇر .

چۆچەكلەرمۇ ئۇستقۇرۇلمىغا تەئەللۇق بولغان بىر خىل ئىدېئو- لوگىيە فورمىسى بولغاچقا ، بۇ ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ، روھىي ھالىتى ، ئۆرپ - ئادىتى ، ئىجتىمائىي شارائىت ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە خاس فورمىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئۇنىڭدا يارد- تىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلار نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تارىخنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقاراشلىرىدىن پەيدا بولغان مەنىۋى بايلىقى- دىن ئىبارەت .

چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، ئۇ ئاساسەن قۇللۇق جەم- ئىيەت بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، ئۇنىڭدا سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن سىنىپىي زىددىيەتلەر بىرقە- دەر روشەن ئىپادىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ھەمىشە دېگۇدەك ھەققانىيەتنىڭ ۋە- كىللىرى ھامان غەلىبە قىلىدۇ . خۇددى رومانتىزمنىڭ ئاساسى رېئا- لىزم بولغىنىدەك ، خەلقىمىزنىڭ كېلەچەككە بولغان گۈزەل غايىسى

ۋاستىلىك ھالدا رېئال تۇرمۇش بىلەن باغلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۇمىدۋارلىق بېغىشلايدۇ ، داۋاملىق ئالغا قاراشقا يېتەك-لەيدۇ .

خەلق چۆچەكلىرى يەنە يازما ئەدەبىياتىمىزنى قىممەتلىك ماتېرى-ياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ . ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى-نىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ، بولۇپمۇ خەلق چۆچەكلىرى-نىڭ يازما ھېكايىچىلىق تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . ئۇلۇغ رۇس شائىرى ئا . س . پۇشكىننىڭ مۇتلەق كۆپ ئىجادىي ئەمگىكى خەلق چۆچەكلىرىنى ئۇنۇملۇك ئىجا-دىي ئۆزلەشتۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر ، شۇنداقلا دۇنيادا مەشھۇر ئاتالغان قىسسە ، داستانلارنىڭ سۇژىتىمۇ خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن خەلق چۆچەكلىرىدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن پاكىتلار بار .

بىز ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ دەسلەپكى ئۆلگىلىرىگە قارىساق ، ئۇ-نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەردىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ناھايىتى يېقىنلىقىنى ھېس قىلىمىز .

بۇ ئەمەلىي پاكىتلار ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئىي قۇ-رۇلما ئالاھىدىلىكلىرى ھامان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پىروزا ئىجادى-يىتىنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان ياردەمچى كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

خەلق چۆچەكلىرى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، ئۇ يالغۇز تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئېستېتىكىلىق ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە ، يەنى ئۇ كىشىلەردە روشەن بەدىئىي زوق پەيدا قىلىپ ، ھاياتقا خۇشخۇي مەزمۇن بېغىشلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خەلق چۆچەكلىرى بىر خىل تەبىئىي كۈچ بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . بۇ ھال ئۇنىڭ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان سەنئەت بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقار-غان . ئۇنىڭدىن باشقا ، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تارىخىي رولى ، پەلسە-

پىۋى قىممىتى ، ئىدىيە ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى قاتارلىق بىر تۇتاش ئەۋزەللىكلىرى ئۇگىنىشكە ۋە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

چۆچەكلەر ئوبراز ئالاھىدىلىكلىرى ، غايىۋى مەزمۇنى ۋە توقۇ- نۇش ئالاھىدىلىكى ، سۇژىتى ۋە كومپوزىتسىيەسى ، فانتاستىك توقۇل- مىلارنىڭ ئورنى ۋە خاراكتېرى ھەمدە تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا قاراپ ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ، سېھرىي (خىيالىي ) چۆچەكلەر ، تۇرمۇش - مەئىشەت چۆچەكلىرى ، مەسەل خاراكتېرلىك ھەجۋىي چۆچەكلەر دەپ تۆت تۇرگە بۆلۈنىدۇ . ھەرقايسى تۇردىكى چۆچەكلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ .

قىسقىسى ، خەلق چۆچەكلىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي ، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتى جەھەتلەردىن ئومۇمەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلار نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تارىخنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلىرى ۋە ئىجتىمائىي قاراشلىرىدىن پەيدا بولغان مەنىۋى بايلىقتىن ئىبارەت .

شۇنىسى ئېنىقكى ، چۆچەكلەر ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ تەرەققىيا- تىدىن كېلىپ چىققان قويۇق ئەدەبىي تۇسكە ئىگە بىر ژانىر بولۇپ ، ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان توقۇلما پېرسوناژ ، چەكسىز ماكان ۋە چەكسىز زامان ئارقىلىق فانتازىيەلىك سۇژىت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ - غايىلىرىنى قىزىقارلىق ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئاغزاكى نەسرىي ئەسەرلەردۇر .

چۆچەكلەر خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ ، خېلى كۆپ چۆچەكلەر رايون ۋە مىللەت چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن . شۇڭا ، چۆچەكلەرنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئايرىشمۇ بىرقەدەر قى- يىن . لېكىن ، چۆچەكلەرمۇ خۇددى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش جەريانىدا مۇئەييەن خەلق توپىنىڭ ياشاش مۇھىتى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ، ئۆرپ - ئادەت ۋە پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس ھالدا مىللىي ۋە يەرلىك

خاسلىققا ئىگە بولىدۇ.
قەشقەر رايونىغا تارقالغان چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا باشلانغان مەملىكەت كۆلەملىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە «ئۈچ توپلام» ئىشلەش خىزمىتى جەريانىدا قەشقەر رايونىدىن توپلانغان چۆچەكلەر 500 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، توپلاپ نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ 50% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ هال قەشقەر رايونىنىڭ چۆچەكلەرگە ناهايىتى باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۆۋەندە شىۋېتسىيەلىك مەشهۇر ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ ئەپەندى 1929-يىللىرى قەشقەردىن توپلىغان قەشقەر چۆچەكلىرىدىن بىرقانچىسى ئۆرنەك تەرىقىسىدە مىسال كەلتۈرۈلىدۇ.

## پادىشاھنىڭ ئۈچ سوئالى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى بۇ پادىشاھ ھەممە ۋەزىرلىرىنى قىچقىرىپ:
— مېنىڭ ئۈچ سوئالىم بار. كىم شۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلىسە، شۇ كىشى مېنىڭ بىرىنچى قول ۋەزىرىم بولىدۇ. ئەگەر جاۋاب تاپالمىسا، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن،— دەپتۇ.
— قېنى ئاڭلاپ باقساق،— دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر.
— سوئالىم شۇلدۇر، بىرىنچى، دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىر نەرسە نېمە؟ ئىككىنچى، دۇنيادا ھەممىدىن يېنىك نەرسە نېمە؟ ئۈچىنچى، دۇنيادا ھەممىدىن تاتلىق نەرسە نېمە؟
پادىشاھ سوئالنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن:
— چىقىڭلار! ئۈچ كۈن ئىچىدە سوئالىمغا جاۋاب تېپىپ كېلىڭلار!— دەپتۇ.
ۋەزىرلەر ئوردىدىن چىقىشىپ بىر-بىرىگە: «ئۇ ئاسان سوئاللار ئىكەن» دېيىشىپ، ئانچە غەم قىلىشماپتۇ.
ئىككىنچى كۈنى باش ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي پاشاھى ئالەم ! مەن سوئاللىرىڭغا جاۋاب تاپتىم ، دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىر نەرسە تاش ئىكەن . ھەممىدىن يېنىكى پاختا ئىكەن ، ھەممىدىن تاتلىقى ھەسەل ئىكەن ، — دەپتۇ .

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ :

— ئەخمەق ! كۆزۈمدىن يوقال !- دەپ ئۇنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ .

باشقا ۋەزىرلەر بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ غەمناك بوپتۇ . پادىشاھ بەلگىلىگەن ۋاقىتقا ئاز قالغاندا يەنە بىر ۋەزىر بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپتۇ :

— ئەي پادىشاھى ئالەم ! مەن سوئاللىرىڭغا جاۋاب تاپتىم .

— قېنى ، ئېيت !— دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ پادىشاھ .

— دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىرى چويۇن ، ھەممىدىن يېنىكى تۇپراق ، ھەممىدىن تاتلىقى ناۋات ،— دەپتۇ ئۇ .

پادىشاھ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ ، ئۇنىمۇ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ . شۇئاندا ۋەزىرلەر : «ئەمدى قانداق قىلىمىز ، ئىمام ، قازى ، ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى يىغايلى . ئۇلار بىر ئىلاج قىلارمىكىن ؟ » دېگەن مەسلىھەتنى قىلىشىپتۇ . لېكىن ، ئۇلارمۇ مۇۋاپىق جاۋاب تاپالماپتۇ .

تاڭ ئاتقاندا ۋەزىرلەردىن بىرى :

— بۈگۈن ئۈچىنچى كۈن . پادىشاھقا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز ؟- دەپتۇ .

ۋەزىرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئوردىغا جابدۇنۇۋاتسا ، بىر كەمبەغەل كىشى قىزى بىلەن كىرىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارغا :

— ئەي ۋەزىرلەر ! بۇ سوئالغا قىزىم جاۋاب بېرەلەيدۇ ، - دەپتۇ .

ۋەزىرلەردىن بىرى خۇشلۇق بىلەن قىزدىن سوراپتۇ :

— جاۋابى نېمىكىن ؟

— ئالدىرىمىسىلا ! مەن پادىشاھنىڭ ئۆزىگە دەي ، — دەپتۇ .

— سەن قانداق پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرەلەيسەن ؟ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قانداق گەپ قىلالايسەن ؟— دەپ دوق قىلىشىپتۇ ۋەزىرلەر .

— ئۇنداقتا ، ئۆزلىرى جاۋاب تېپىشسىلا ! — دەپ ئۇ قىز كەيىنىگە يېنىپتۇ . ۋاقىت ئاز قالغانچە ۋەزىرلەر قورقۇنچتىن تىترەپ ، ئۇ قىزغا ئامالسىز يالۋۇرغىلى باشلاپتۇ . قىز ئۇلار ھەرقانچە يالۋۇر-سىمۇ ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىماپتۇ .

ۋەزىرلەر سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى ئۇ قىزدىن سېتىۋېلىپ ، ئۆ-زىمىز تاپتۇق ، دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈز - ئابرۇي ، مەنسەپ تاپماق ئۈچۈن شۇنداق ھىيلىگەرلىك قىلسىمۇ ئاقماپتۇ .

شۇ چاغدا جاكارچى : «پادىشاھ تەختتە ئولتۇردى ، ۋەزىرلەر جەم بولغاي» دەپ توۋلاپتۇ . ۋەزىرلەر ئالاقزادە بولۇپ ئوردىغا كىرىشىپ ، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تىلەپتۇ . پادى-شاھ :

— سوئالىمغا كىم جاۋاب تاپتى ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ۋەزىرلەر يەرگە قارىشىپ شۈك ئولتۇرۇپتۇ . شۇ ۋاقىتتا ئارىدىن بىرى كەمبەغەلنىڭ قىزىنىڭ جاۋاب تاپقانلىقىنى ئېيتىپتۇ . پادىشاھ ئۇ قىزغا ئىجازەت بېرىپتۇ . قىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىپ :

— ئەي پادىشاھى ئالەم ! مەن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەي ، — دەپتۇ .

— دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىرى غەم قايغۇدۇر ، ھەممىدىن يېنىكى ئادەمنىڭ خىيالىدۇر ، ھەممىدىن تاتلىقى ئۇيقۇدۇر ! — دەپتۇ .

پادىشاھ ھەم ھەيران بولۇپ ، ھەم خۇش بولۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ قىزنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ ۋە :

— سىز مېنىڭ كېلىنىم بولۇڭ . ھەممە ۋەزىرلىرىمدىن ئەقىل-لىك كېلىنىم بولغىنىدىن خۇشالمەن ، — دەپ ئۇ قىزنى تەختىنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ . ۋەزىرلەر ئىزا تارتىپ ، پادىشاھ-نىڭ ئالدىدىن ئاستا چىقىپ كېتىپتۇ .

پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ، ئەل - خالايىققا ئاش بېرىپ ، شۇ قىزنى شاھزادىگە نىكاھلاپ قويۇپتۇ .

## باي ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى

بىر باينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن . بۇ ئۈچ ئوغۇل بالاغەتكە يېتىپ ئۆيلەنمەكچى بولۇشۇپتۇ . بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھاممائاچىسىنىڭ رەسىدە بولغان ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن .

بىر كۈنى باي چوڭ ئوغلىغا بىر ئادەمنى ئەۋەتىپ :

— بۇ بالام كىمنىڭ قىزىنى ئالىدۇ ، سوراپ بېقىڭ !— دەپتۇ . چوڭ ئوغۇل :

— ھاممامنىڭ قىزىنى ئالىمەن ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

باي ھېلىقى كىشىنى ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپمۇ ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشىپتۇ .

باي ھېلىقى كىشىگە :

— ئەمدى كىچىك ئوغۇلدىن سوراپ بېقىڭ ، كىمنىڭ قىزىنى ئالىدىكىن ، — دەپتۇ بېشىنى چايقاپ .

ئۇ ئادەم ئوغۇللارنىڭ كىچىكىدىن سورىسىمۇ ، ئۇ :

— ھاممامنىڭ قىزىنى ئالىمەن ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

باي بىر بۇرادىرىگە بۇ ئىشنى مەسلىھەت سالپتۇ . بۇ ئادەم بايغا :

— شۇ ئۈچ بالىنى بىر سەپەرگە چىقارسىلا ! قولىغا پۇل بېرىپ شەھەر كۆرۈشكە ماڭدۇرسىلا ! شۇ شەھەرلەردە خوتۇن ئېلىپ ئۆيلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئىش بولسا شۇ چاغدا كۆرمەمدۇق ،— دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ .

باي ئۈچ ئوغلىغا جىق پۇل بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ . ئۈچ ئوغۇل ماڭا - ماڭا سەھرا - يېزىلاردىن ، شەھەرلەردىن ئۆتۈپتۇ . بىر ۋاقىتتا يولدا چۆمۈچ كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ . ئۇلار ئۇ ئادەمدىن سوراپتۇ :

— چۆمۈچنى ساتامسەن ؟

— ساتىمەن .

— نەچچە پۇل ؟

— مىڭ تىللا .

— نېمىگە لازىم بولىدۇ ؟

— بۇ چۆمۈچ بىلەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ تۆپىسىگە سۇ قۇيسا ئۆلۈك تىرىلىدۇ .

ئۇلار مىڭ تىللا بېرىپ چۆمۈچنى سېتىۋاپتۇ ، ئاندىن يولغا راۋان بوپتۇ . يەنە بىر جايدا كېتىپ بارسا ، بىر ئادەم بىر زىلچا كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغۇدەك . ئۇلار ئۇ ئادەمگە يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— ساتامسەن ؟

— ساتىمەن .

— نەچچە پۇل ؟

— مىڭ تىللا .

— بۇ زىلچىنىڭ نېمە كارامىتى بار ؟

— بۇ زىلچىغا ئولتۇرسا ، قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر سائەتتە باسقىلى بولىدۇ .

ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ مىڭ تىللا بېرىپ زىلچىنى سېتىۋاپتۇ . ئۇچەيلەن يەنە بىر كوچىدا كېتىپ بارسا ، بىر ئادەم بىر ئەينەك كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغۇدەك ، ئۇلار ئۇ ئادەمنى توختىتىپ سودىلىشىپتۇ .

— ساتامسەن ؟

— ساتىمەن .

— نەچچە پۇل ؟

— مىڭ تىللا .

— بۇ ئەينەكنىڭ نېمە كارامىتى بار ؟

— قىرىق كۈنلۈك يىراق يەردىن قەيەرنى خالىسا شۇ يەرنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇلار مىڭ تىللا بېرىپ ئەينەكمۇ سېتىۋاپتۇ . كىچىك ئوغۇل چۆمۈچنى ، ئوتتۇرانچى ئوغۇل زىلچىنى ، چوڭ ئوغۇل ئەينەكنى ئېلىپ ، ماڭا - ماڭا بىر يەرگە بېرىپ توختاپ مەسلىھەت قىلىشىپ :

— سەپەرگە چىققىنىمىزغا خېلى كۈن بوپتۇ . ئەل - يۇرتنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز . ئاتا - ئانىمىزنى ، ھاممىمىزنىڭ قىزىنى بىر كۆرەيلى ! — دېيىشىپتۇ .

ئۈچ ئوغۇل ئەينەككە قارىسا، هامىسىنىڭ قىزنىڭ ئۆلگەنلى-
كىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ، كۆزلىرىدىن تا-
رام- تارام ياش تۆكۈلۈپتۇ. شۇ ئاندا ئۈچەيلەن ھېلىقى زىلچىغا
ئولتۇرۇپ قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا بېسىپ
هامىسىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. هامىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسە، كىشىلەر
هازا تۇتۇپ ئولتۇرغۇدەك. كىچىك ئوغۇل دەرھال مىڭ تىللاغا ئالغان
چۆمۈچتە سۇ ئەكېلىپ قىزنىڭ بېشىغا قۇيغانىكەن، قىز تىرىلىپتۇ.
هازىدارلار هەم هەيران بوپتۇ، هەم خۇشال بوپتۇ. ئەمما، تالاش -
تارتىش چىقىپتۇ. چوڭ ئوغۇل قىزنى «مەن ئالىمەن» دېسە، ئوتتۇ-
رانچىسى «مەن ئالىمەن» دەپتۇ، كىچىك ئوغۇل «مەن ئالىمەن»
دەپتۇ.

چۈنكى، چوڭ ئوغۇلدىكى ئەينەكتە قىزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆر-
مىسە قىزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلمەس ئىدى. ئەگەر ئوتتۇرانچى ئوغۇل-
دىكى زىلچا بولمىسا، قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر سائەتتە بېسىپ
كېلەلمەس ئىدى. ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىسە، ئۆلۈكنى يۇيۇپ كۆمۈپ
قويار ئىدى. كىچىك ئوغۇلدىكى چۆمۈچ بولمىسا، ئۆلۈك تىرىلمەس
ئىدى. بۇ قىز زادى كىمگە مەنسۇپ؟

## قارلىغاچ بىلەن يىلان

بۇرۇنقى زاماندا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارلىغاچ بىلەن يىلان تۇغ-
قان بولۇشۇپتۇ، قارلىغاچ يىلاننى «ئاكا»، يىلان قارلىغاچنى «سىڭ-
لىم» دېيىشىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىلاننى بىر ئادەم چاناپ ئىككى پارچە قىلىۋې-
تىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قارلىغاچنىڭ يىلانغا ئىچى ئاغرىپتۇ-دە، دەر-
هال دەريا بويىدىن سېغىز لاي ئېلىپ كېلىپ، يىلاننى ئۇلاپ داۋالاپ-
تۇ. يىلان ساقىيىپتۇ ۋە قارلىغاچقا:

— سىڭلىم، مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان ياخشىلىقىڭىز ئۈ-
چۈن بۇندىن كېيىن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى بېقىپ بېرەي، — دەپتۇ.

قارلىغاچ:

رەھمەت سىزگە ، بەك ئوبدان گەپ بولدى ، مەن سىرتقا چىققان- دا ، سىز ئۆيدىكى ئۈچ بالامدىن خەۋەر ئېلىپ قويسىڭىز تولىمۇ خاتىرجەم بولاتتىم ، — دەپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن قارلىغاچ يىلاننى تۇمشۇقىدا كۆتۈرۈپ ئۇۋىسىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە بالىلىرىغا :

— ئوماق بالىلىرىم ، يىلان ئاكاڭلار سىلەرگە قارايدىغان بولدى ، — دەپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىلان قارلىغاچ بالىلىرىنى بىر-بىرلەپ يېۋې- تىپتۇ ، ئاندىن يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ . بىرھازادىن كېيىن قارلىغاچ بالىلىرىغا يەم كۆتۈرۈپ كەپتۇ ، قارىغۇدەك بولسا ، بالىلىرى كۆرۈنمىگۈدەك ، قارلىغاچ يىلاننى ئويغىتىپ :

— ئاكا ، بالىلىرىم قېنى ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— كۆرمىدىم ، باياتىن كۆزۈم ئۇيقۇغا كىتىپ قاپتۇ ، — دەپتۇ يىلان خۇپسەنلىك بىلەن .

قارلىغاچ سىرتقا چىقىپ بالىلىرىنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپال- ماپتۇ . ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ . يىلان ئېچىنغان قىياپەتتە :

— سىڭلىم ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، بۇندىن كېيىن بالا چىقار- سىڭىز ، چوقۇم ياخشى قاراپ بېرىمەن ، — دەپتۇ .

قارلىغاچ يىلاننىڭ گېپىنى تىڭشىغاچ سىنچىلاپ قارىسا ، يىلان- نىڭ ئاغزىدا بىر تال پەي تۇرغۇدەك ، قورسىقىغا قارىسا تومپىيىپ قاپتۇ . «...... ھە ، گەپ مۇنداق ئىكەن - دە ، ئۇقتۇم» دەپتۇ قارلىغاچ ئىچىدە ۋە يىلانغا قاراپ : «يارىڭىزغا دورا سۈركەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، بېرىپ دورا ئەكېلەي» دەپ دەرھال ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ - دە ، باغقا بېرىپ ، تىرناقلىرىنى تاشقا بىلەپ راسا ئۆتتىك- لىتىپتۇ ، ئاندىن قاناتلىرىنى قېقىپ ، بىر پەرۋاز قىلغانچە ئۇۋىسىغا قايتىپ كەپتۇ . قارلىغاچ ئۇۋىسىغا كىرىپلا : «ئاكا ، ئاكا ، يارىڭىزغا دورا سۈركەپ قوياي ، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ» دەپتۇ . يىلان كۆزىنى شۇنداق يۇمۇشىغا قارلىغاچ پىچاقتەك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن يىلان-

نىڭ قورسىقىنى بىر تىلىپلا يېرىپتىكەن ، قارلىغاچ بالىلىرى يىلان-
نىڭ قورسىقىدىن ئۇچۇپ چىقىپتۇ . غەزەپلەنگەن قارلىغاچ ئېغىر
يارىلانغان يىلاننى تۇمشۇقىدا كۆتۈرۈپ ، ئاسماننىڭ قەرىگە ئېلىپ
چىقىپ ئۇنى يەرگە تاشلاپتۇ . يىلان تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ .
شۇندىن بۇيان قارلىغاچ يىلاننى ئۆچ كۆرىدىكەن ، «ۋاپاغا جاپا»
دېگەن تەمسىلمۇ شۇنىڭدىن قالغانىكەن .

## بۇلبۇلگويا

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ چاربې-
غىنى ئارىلاپ ، گۈزەل مەنزىرىلەردىن بەھرىلىنىپ سەيلە قىپتۇ ۋە
ھارغاندىن كېيىن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپى رەڭگارەڭ گۈللەر
بىلەن قاپلانغان باراڭ ئاستىدا دەم ئېلىپ يېتىپتۇ . پادىشاھ ھەر خىل
گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ۋە تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ سايراش-
لىرىدىن مەست بولۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە مۇنداق بىر چۈش
كۆرۈپتۇ :
بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بىر باغ ، باغدا خىلمۇخىل مېۋىلەر پى-
شىپ ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ ، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار سايرى-
شىپ تۇرغۇدەك . قۇشلارنىڭ ئارىسىدا بەكمۇ چىرايلىق بىر قۇش
يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ھەممە قۇشلاردىن چىرايلىق سايرىغۇدەك ، ئۇ-
نىڭ ھەربىر سايرىشىدا ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر تۆكۈلۈپ
چۈشكۈدەك . بۇ قۇشنىڭ ئېتى بۇلبۇلگويا ئىمىش .
پادىشاھ «ئاھ ، بۇلبۇلگويا» دەپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ . قارىسا
ئۆز بېغى ، گۈللەر ئېچىلىپ ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان .
ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھنىڭ ئىشقى - پىراقى ھېلىقى
چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگوياغا چۈشۈپ قاپتۇ .
پادىشاھ «ئاھ ، شۇ بۇلبۇلگويانى بىر كۆرسەم ، ئۇنىڭ سايراش-
لىرىنى بىر ئاڭلىسام !» دېگەن ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن كۈندىن -
كۈنگە خىيالغا چۆكۈپ ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان ، چىرايى سارغى-
يىپ ، مەيدىسىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتىدىغان بولۇپ قاپتۇ .

ئاتىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن باللىرى:

— ئاتا، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە بۇنچە خىيالغا چۆكۈپ، چىرايىڭىز سارغايدى؟ — دەپ سوراپتۇ. لېكىن، پادىشاھ:

— قويۇڭلار باللىرىم، مېنىڭ دەردىمنى سوراپ نېمە قىلىسىلەر، سىلەر سورىماڭلار، مەن ئېيتماي، — دەپ زادى ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ.

لېكىن باللىرى ئاتىسىغا تىنچلىق بەرمەي ھەر كۈنى سوراۋېرىپتۇ. ئاخىر ئاتىسى چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگوياغا ئىشقى - پىراقى چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ، شۇ بۇلبۇلگويانى كۆرۈش، ئۇنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاش ئارزۇ - ئارمانىدا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ تۇنجى ئوغلى:

— ئۆزىڭىزنى نېمانچە قىينىدىڭىز شاھ ئاتا؟ مانا بىز ئۇ بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىپ، سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەلەيمىز، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئوغۇل بۇلبۇلگويانى تېپىش سەپىرىگە ئاتلىنىشقا ئاتىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ.

— بۇلبۇلگويانىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، جاپا تارتىپ قالىسىلەر، — دەپتۇ پادىشاھ.

لېكىن، ئۇلار لەۋزىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ.

— مەيلى، ئىزدىسەڭلار ئىزدەپ كۆرۈڭلار، تېپىپ كەلسەڭلار ئەجەب ئەمەس. باللىرىم، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ، سايرىشىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىر ئاڭلاپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، — دەپ، ئامانلىق تىلەپ يولغا ساپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا يول ئوزۇقى ئۈچۈن ياغلىق توقاچلارنى ياقتۇرۇپ، سۇر گۆشلەرنى پىشۇرۇپ، ئۈچ خۇرجۇنغا تولدۇرۇپ ساپتۇ. تاغدىكى يىلقىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ ياخشى ئۈچ ئاتنى تاللاپ ئاپتۇ، ئۇلارغا يول ئوزۇقلىرىنى ئارتىپ ۋە ئاتا - ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ كەينىدىن كۈنلەر، ھەپتىلەرنىڭ كەينىدىن ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. دەريالارنى كېچىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ، تاغلاردىن

ئېشىپتۇ ، چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپتۇ . بىر يەرگە كەلگەندە ئۇلارغا ئۈچ ئاچا يول ئۇچراپتۇ . بۇ ئۈچ ئاچا يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تاش بولۇپ ، ئۇنىڭغا : ئوڭ تەرەپتىكى يول «بارسا كېلەر» ، ئوتتۇرىسىدىكى يول «بارسا كېلەر ، يا كەلمەس» ، سول تەرەپتىكى يول «بارسا كەلمەس» دەپ خەت ئويۇلغانىكەن .

ئۇلار «ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا باشقا ـ باشقا ماڭايلى ، ئىزدىگەن بۇلبۇلگويانى بىرىمىز تاپالمىساق ، يەنە بىرىمىز تاپارمىز» دېگەن ئوي بىلەن ئۈچى ئۈچ يولغا چۈشۈپ ماڭماقچى بولۇشۇپتۇ ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ «بارسا كەلمەس» يولغا ماڭغۇسى كەلمەپتۇ . ئاكىلىرىنىڭ مۇشۇ ئوي بىلەن قىينىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ :

— مەيلى ئاكىلار ، بولمىسا ، «بارسا كەلمەس» يولغا مەن چۈشەي ، سىلەر باشقىلىرىغا چۈشۈڭلار ، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل .

— ئۇنداق بولسا ، مەن «بارسا كېلەر» يولغا چۈشەي ، — دەپتۇ تۇنجىسى .

ئۇلار قايسىبىرىنىڭ قايتقان ، قايسىبىرىنىڭ تېخى قايتمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ، ئەگەر كىم ئىلگىرى قايتقۇدەك بولسا ، ئەنە شۇ تاشقا ئۆز ئىسمىنى ۋە قايتقان كۈنىنى يېزىپ كېتىشى ھەققىدە شەرتلىشىپتۇ ـ دە ، ئۈچ تەرەپكە راۋان بوپتۇ .

بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى شۇ كېتىشى بىلەن كۆپ يول يۈرۈپ ، چۆل ـ باياۋانلارنى ، تاغ ـ ئېدىرلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ ، ئوزۇقلىرى تۈگەپتۇ ، ئېتىنىڭ تاقىلىرى ئۇپراپ چۈشۈپ كېتىپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر بۈك بوستانلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ . ئۇ «ئاشۇ يەردە ئادەم بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ئۇدۇل شۇ بوستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ . يەنە خېلى ماڭغاندىن كېيىن بوستانلىققا يېتىپ كېلىپ ئېتىنى لاڭقاغا باغلاپتۇ ـ دە ، ئۆزى باغقا كىرىپتۇ . قارىسا ، باغدا خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ ، تۈرلۈك ـ تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغۇدەك . باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ ، ئۇنىڭدا بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك ، كۆلگە تۆت

تەرەپتىن كۈمۈشتەك سۈزۈك سۇلار قۇيۇلۇپ تۇرغۇدەك، لېكىن يا سۇنىڭ ئايىغى چىقمىغۇدەك، يا كۆل تاشمىغۇدەك. باغنى ئارىلاپ بىر يەرگە كەلسە، لىق بىر قازان تاماق پىشىپ تۇرغۇدەك. لېكىن، باغدا ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم نان ئالماي قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كەنجى بالا قازاندىكى تاماقتىن ئۇسۇپ ئىچمەكچى بولۇپ، قولىنى چۆمۈچكە ئۇزاتقانىكەن، چۆمۈچ «تاق» قىلىپ بالىنىڭ ماڭلىيىغا تېگىپتۇ؛ پىشىپ تۇرغان ئالمىلاردىن يېمەكچى بولۇپ قولىنى شاخقا ئۇزاتقانىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى «شاق» قىلىپ كاچىتىغا ئۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان بالا ئېتىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى كۆل بويىدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا دەم ئېلىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە چۈش كۆرۈپتۇ: ئۇنىڭ ئالدىغا ئاق سەللە ئورىغان، ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ھاسا تايىنىپ كېلىپ:

— بالام، سەن خەتەرلىك جايغا — دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا كېلىپ قالدىڭ. نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا بۇلبۇلگويانى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھەي بالام، — دەپتۇ بوۋاي، — ئۇ، دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ يان بېغىدا. بۇلبۇلگويانى ئالماقچى بولۇپ كەلگەن ناھايىتى كۆپ ئادەملەر دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن، ساڭا بىر ئامالنى دەپ بېرەي: ھەر كۈنى كۈن قىزىغان ۋاقىتتا يېنىڭدىكى شۇ كۆلگە ئىككى كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپ چۈمۈلۈپ ئوينايدۇ، بۇلار ئەنە شۇ دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزلىرى. سەن سەزدۈرمەي ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋال - دە، قولىدىكى ئۈزۈكلىرىنى سوراپ تۇرۇۋال. ئۈزۈكنى ئالماي تۇرۇپ كىيىمىنى قايتۇرۇپ بەرمىگىن، بولمىسا ئۆزۈڭ ھالاك بولىسەن. خوش، بالام، مەقسىتىڭگە يەتكىن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر.

بوۋاي دۇئا قىپتۇ - دە، غايىب بوپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بالىنىڭ قۇلىقىغا بىرى: «كۆزۈڭنى

ئاچ !» دېگەندەك قىپتۇ ، بالا چۆچۈپ ئويغانسا ئەتراپىدا ھېچكىم
يوق ، پەقەت ئاسماندا ئىككى كەپتەر بىر - بىرىنى قوغلاپ ئوينىشىپ
ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك . بالا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مۆكۈپ تۇرۇپتۇ .
ھېلىقى كەپتەرلەر كۆلنىڭ بويىغا چۈشۈپ بىر قانات قاققانىكەن ، ئاي
دېسە ئاي ئەمەس ، كۈن دېسە كۈن ئەمەس چىرايلىق قىزلارغا ئايلى-
نىپتۇ . كېيىن باغنى بىردەم ئايلىنىپ سەيلە قىلىشىپتۇ ، ئالمىلار-
دىن ئۈزۈپ يېيىشىپتۇ ، قازاندىكى تاماقتىن ئۇسۇپ ئىچىشىپتۇ ،
ئاندىن كۆلگە كەپتۇ - دە ، كىيىملىرىنى يېشىپ قويۇپ چۆمۈلۈشكە ،
بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناشقا باشلاپتۇ .
شۇ چاغدا بالا سەزدۈرمەي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ -دە ، كۆلنىڭ
بويىغا كېلىپ قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋاپتۇ . قىزلار يالىڭاچ
بولغانلىقتىن ، ئىزا تارتىپ كۆلدىن چىقالماپتۇ ۋە كىيىملىرىنى قاي-
تۇرۇپ بېرىشنى سوراپ يالۋۇرۇشۇپتۇ . لېكىن ، بالا ئۇ قىزلارغا :
— ئۈزۈكۈڭلارنى بەرسەڭلار قايتۇرۇپ بېرىمەن ، — دەپتۇ .
قىزلار يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ كىيىملىرىنى ئالالمىغاندىن كېيىن ، ھەر
ئىككىسى قولىدىكى ئۈزۈكىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ . بالا ئۈزۈكنى ئاپ-
تۇ- دە ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى قايتۇرۇپتۇ . بالىمۇ قەددى - قامىتى
كېلىشكەن ، ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا ، قىزلار كىيىملىرىنى كى-
يىپ ، چاچلىرىنى تاراپ تۇرۇپ ، ھەرقايسىسى ئۆز ئىچىدە : «بۇ
يەرگە كەلگەن ھەرقانداق ئادەمزات تىرىك كەتمەيتتى . لېكىن ، بۇ
يىگىت ئۆزىنىڭ يۈرەكلىكلىكى ۋە ئەقىللىكلىكى بىلەن بىزنىڭ قولى-
مىزغا چۈشمەستىن ، بىزنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى . دېمەك ، بۇ يىگىت-
تىن ئايرىلماسلىق كېرەك» دەپ ئويلاپ ، ھەر ئىككىسى بالىنىڭ
جامالىغا زوقلىنىپ ئاشىق بوپتۇ ، ئۇنىڭغا تاماق بېرىپ قورسىقىنى
تويدۇرۇپتۇ . ئالما ئۈزۈپ بېرىپتۇ . باغنى سەيلە قىلدۇرۇپتۇ . ئېگى-
چە - سىڭىلنىڭ ھەرئىككىسى يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋالماقچى بو-
لۇپ ، تالىشىپ قاپتۇ . ھەدىسى :
— مەن سېنىڭدىن چوڭ ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىگىت مېنىڭ
بولۇشى كېرەك . ئولجا دېگەن ئاۋۋال چوڭىغا ، كېيىن كىچىكىگە

تېگىدۇ ،— دەيدىكەن . سىڭلىسى بولسا :

— ياق ، ئۇنى سىنىڭدىن ئاۋۋال مەن كۆرگەن ، ئولجىمۇ ئاۋۋال تاپقاننىڭ بولىدۇ ،— دەپ تالىشىدىكەن .

شۇنداق قىلىپ ، ئېگىچە - سىڭىل ئىككىسى تالىشا - تالىشا ئۆزئارا كېلىشەلمىگەندىن كېيىن : «بولمىسا ، قازىغا بارىمىز ، قازى قايسىمىزغا بۇيرۇپ بەرسە يىگىت شۇنىڭ بولسۇن» دەپ دىۋىلەرنىڭ قازىسىغا بېرىپتۇ .

قازىنىڭ ئالدىغا ئاۋۋال ھەدىسى كىرىپ :

— قازى بېگىم ، بىز ئېگىچە - سىڭىل ئىككىمىز بىر ئولجا تېپىۋالغانىدۇق ، لېكىن ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ بولمايدۇ . سىڭلىم بولسا : «مەن ئاۋۋال كۆرگەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالىمەن» دەيدۇ . مەن بولسام : «چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن ئالىمەن» دەيمەن . شۇ سەۋەبتىن ئالدىلىرىغا كەلدۇق . شۇ ئولجىنى قايسىمىز ئېلىشىمىز كېرەك ؟ — دەپتۇ .

قازى بولسا قىزنىڭ ھۆسن - جامالىغا مەپتۇن بولۇپ ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ — دە ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ :

— توغرىسىنى ئېيتقاندا ، ئولجا ئاۋۋال كۆرگەننىڭ بولىدۇ . ئەگەر سىز ئولجىنى ئېلىشقا شۇنچە قىزىقىپ كەتكەن بولسىڭىز ، ئاۋۋال مېنى بىر سۆيۈپ قويۇڭ ، ئولجىنى سىزگە بۇيرۇپ بېرىمەن ، — دەپ شەرت قويۇپتۇ .

قىز يىگىتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قازىنىڭ شەرتىگە ئىلاجسىز رازى بوپتۇ . قازى قىزنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈشكە باشلاپتۇ . شۇ چاغدا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان سىڭلىسى بۇ ئىشنى كۆرۈپ قېلىپ دەررۇ يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ - دە :

— ھاي شەرمەندىلەر ، بۇ قانداق ئىش ؟ ! سىلەرنى دادامغا ئېيتىمىسام ، توختاڭلار !— دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ .

ئەگەر بۇ گەپ پادىشاھقا يەتسە ، كاللىسى كېسىلىدىغانلىقىدىن قورققان قازى :

— ھاي ، قىزىم ، ۋارقىرىماڭ ، ئولجا سىزنىڭ ، گەپ مۇشۇ

يەردە قالسۇن ! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە يىگىتنى كىچىككىنە بۇيرۇپ بېرىپتۇ . ئەگەر بۇ ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتىپ قويسا ، جېنى تېنىدىن جۇدا بولۇشتىن قورققان ھەدىسىمۇ :

— جېنىم سىڭلىم ، ئاغزىڭنى يۇم ، مەيلى ، يىگىت سېنىڭ بولسۇن ! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ .

يىگىتنى ئۆزىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇپ ئالغان سىڭلىسى خۇشال بولۇپ :

— مەيلى بولمىسا ، سىلەرنى مەن كۆرمىدىم ، مېنى سىلەر كۆرمىدىڭلار ، — دەپ يوگۇرگىنىچە يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇ- نىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپتۇ ۋە يىگىتتىن بۇ يەرگە نەدىن ۋە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ . يىگىت ئۆزىنىڭ نەدىن ۋە نېمە مەق- سەتتە كەلگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— ئاھ ، يولۇڭ يىراق ، مەقسىتىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس ئىكەن . سەن ئىزدەپ كەلگەن بۇلبۇلگويا مېنىڭ دادامدا . ئاشۇ كۆ- رۈنگەن تاغنىڭ باغرىدا ناھايىتى چىرايلىق يان بېغىمىز بار ، — دەپ قولىنى سوزۇپ تاغنى كۆرسىتىپتۇ قىز ، — بۇلبۇلگويا شۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۇللەرنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن قەپەستە تۇرىدۇ . ئۇ باغقا ئادەم بالىسى ئاياغ باسمايدۇ . ئەگەر بىر ئىلاجىنى تېپىپ كىرە- لىگەن تەقدىردىمۇ تىرىك چىقالمايدۇ . بۇ يولدا تالاي - تالاي ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن . لېكىن ، بۇلبۇلگويانى ئېلىش ئۈچۈن مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن . بۇ ئىشنى پەقەت جۇمە كېچىسىلا ئورۇنلاش مۇم- كىن . چۈنكى ، جۇمە كۈنى دادام ئوۋغا چىقىپ ، كەچ قايتىدۇ ۋە ئاخشىمى ھاراق - شاراب ئىچىپ ، ئۇزاق ئويۇن - تاماشىلاردىن كېيىن ئۇخلاپ قالىدۇ ، ئەنە شۇ چاغدىلا باغقا كىرىش مۇمكىن . لېكىن ، باغنىڭ ئىچىدە يولۋاس ۋە شىرلار بار . ئۇلار ناھايىتى خەۋپلىك ، قولۇڭدىكى مانا بۇ ئۈزۈكنى باغدىكى يولۋاس ۋە شىرلار تونۇيدۇ . ئۇلار بۇ ئۈزۈكنى كۆرۈشى بىلەنلا ساڭا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ . بۇلبۇلگويانى پەقەت قەپىسى بىلەنلا ئالغىن ، بىراق قەپەسنى ئېچىپ سالمىغىن ، ئەگەر قەپەسنى ئاچساڭ ، بۇلبۇلگويا

قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ - دە، باغ ئەتراپىدىكى لەشكەرلەر ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار گۆشۈڭنى پارچە - پارچە قىلىپ يولۋاس، شىرلارغا تاشلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىز يىگىتنى پىنھان بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى بىللە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ، سەھەردە دىۋىلەر پادىشاھى تاغقا ئوۋغا كېتىپتۇ. كۈنبويى تاغمۇتاغلارنى كېزىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندە، ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تاماشا ئويۇشتۇرۇپتۇ. تاماشىغا دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى توپلىنىپتۇ.

دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېلىقى يىگىت بۇلبۇلگويا تۇرغان باغقا قاراپ مېڭىپتۇ، باغقا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ، دىۋىلەرنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ.

دىۋىلەرنىڭ ئويۇن - تاماشىسى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىپتۇ، ھەممىسى مەستلىكتىن ئۆزلىرىنى بىلمەي ئۇخلىشىپ قاپتۇ.

ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلغاندىن كېيىن، يىگىت: «دىۋىلەر ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلدىغۇ» دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە باغقا يېقىن كېلىپ ئۇياق - بۇياققا قاراپتۇ. ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، ئاستا شورىدىن باغقا كىرىپتۇ. باغنى ئايلىنىپ يۈرگەن يولۋاس ۋە شىرلار يىگىتكە قاراپ ئېتىلىپتۇ. لېكىن، يىگىت قولىدىكى ئۈزۈكنى شۇنداق كۆرسىتىشى بىلەنلا ئۇلار جىم بولۇشۇپتۇ ۋە تەزىم قىلغاندەك باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ.

يىگىت ئاستا گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن بۇلبۇلگويانى تېپىپتۇ - دە، ھېلىقى قىزنىڭ جېكىلىگەن سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، «بۇلبۇلگويانىغۇ تاپتىم، ئەمدى قەپەسنى ئېچىپ بۇنى بىر كۈلدۈرەيچۇ» دەپ قەپەسنى ئېچىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەنىكەن، بۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۇيقۇدىكى ھەممە دىۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ، باغقا قاراپ يۈگۈرۈشۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزمۇ يىگىتتىن ئەنسىرەپ باغقا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇچۇپ كېلىپ دەررۇ يىگىتنى يوشۇرۇپ، قەپەسنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ ۋە يۈگۈرۈشۈپ

كەلگەن دىۋىلەرگە :

— بۇ مەن ، بۇلبۇلگويانى كۈلدۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىۋاتىمەن ، بۇ يەرگە مېنىڭدىن باشقا كىممۇ كىرەلەيتتى؟ خاتىرجەم بولۇپ ، ئۇيـقۇڭلارنى ئۇخلاۋېرىڭلار ، — دەپ قايتۇرۇپتۇ .

دىۋىلەر قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن خاتىرجەم بولۇپ قايتىشىپتۇ . قىز بولسا بۇلبۇلگويانى جايىغا قويۇپ ، بۇ ئىشنى كېيىنكى جۈمەگە قالدۇرۇپتۇ . سەۋەبى ، بۇ ھەپتىدە يىگىت بۇلبۇلگويانى ئېلىپ كەتسە ، ئۇنى قىزدىن كۆرۈشى تۇرغان گەپ ئىكەن .

شۇنداق قىلىپ ، يەنە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ . قىز بىلەن يىگىت كۆلگە چۆمۈلۈپ ، باغدا ئوينىشىپ يۈرۈپ جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ .

بۇ قېتىم قىز يىگىتكە راسا قاتتىق جېكىلەپ :

— ئەگەر قەپەسنى يەنە ئاچىدىغان بولساڭ ، ئەمدى ھەر ئىككىمىز ھالاك بولىمىز ، — دەپتۇ .

دىۋىلەر پادىشاھى يەنە ئوۋغا كېتىپتۇ ، كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ ئولتۇرۇش قىپتۇ . ئويۇن - تاماشا ، ئىچكۈلۈك باشلىنىپتۇ ، يەنە ھەممىسى مەست بولۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

ئەنە شۇ چاغدا يىگىت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە ، تونۇش يول بىلەن باغقا كەپتۇ . ئۇياق - بۇياققا قاراپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن شورىدىن باغقا چۈشۈپتۇ . ئۆزىگە قاراپ ئېتىلغان يولۋاسلارغا يەنە ھېلىقى ئۇزۇكنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپتۇ - دە ، گۈللەرنى ئارىلاپ بېرىپ بۇلبۇلگويانى ئاپتۇ . ئۆتكەن جۈمە كېچىسىدىكى ئىشنى ئەسكە ئېلىپ ، قەپەسنى ئاچماستىن ، توپتوغرا ئۆزى تۇرغان باغقا كەپتۇ .

قىز يىگىتنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ تۇرۇپ :

— ئەگەر بېشىڭغا بىرەر ئېغىر كۈن چۈشكۈدەك بولسا ، مانا بۇ چاچنى كۆيدۈرسەڭ ، شۇ زامان مەن ھازىر بولىمەن ، — دەپ بىر تال چېچىنى يۇلۇپ يىگىتكە بېرىپتۇ .

بۇ ئىككىيلەن بىر - بىرىگە كۆزى قىيماي خوشلىشىپتۇ .

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، يىگىت تاغلاردىن ئېشىپ ئۇزاق يول بېسىپتۇ ؛

ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ ، يىگىت بىر تالاي دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ ؛ ئايلار ئۆتۈپتۇ ، يىگىت نۇرغۇن چۆل - باياۋانلارنى بېسىپ ، ئاكىلىرى بىلەن ئايرىلىشقان ھېلىقى ئۈچ ئاچا يولغا يېتىپ كەپتۇ .

يېتىپ كېلىپ تاشقا قارىسا ، ھېچبىر خەت يېزىلمىغان . يىگىت : «ئاكىلىرىم تېخىچىلا قايتماپتۇ ، ئۇلارنى تاشلاپ كەتسەم بولماس ، ئۇلارنى ئىزدەپ ، بولسا بىللە كېتەرمىز ، بولمىسا بىر خەۋىرىنى ئېلىپ كېتەرمەن » دېگەن ئويغا كەپتۇ ۋە ھېلىقى تاشقا : «مەن ئۇكاڭلار ، بۇلبۇلگويانى تېپىپ قايتقاندىم ، لېكىن سىلەر قايتمىغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئىزدەپ كەتتىم . ئەگەر بىر - بىرىمىز بىلەن ئۇچرىشالماي قايتقۇدەك بولساق ، مۇشۇ تاشقا يېزىپ كېتىڭلار ، كەينىڭلاردىن يېتىپ بارىمەن » دەپ يېزىپ قويۇپ ، ئوتتۇرانچى ئاكىسى كەتكەن «بارسا كېلەر ، يا كەلمەس » دېگەن يولغا راۋان بوپتۇ .

كۈنلەردىن بىر كۈنى كەنجى ئوغۇل چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ . بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا ، ئوتتۇرانچى ئاكىسى بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ ، قاپقارا كۈيگە مىلىنىپ ئولتۇرغان . سەپسېلىپ قارىسا ، كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن ، ئۆزى جۈدەپ ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن .

ئۇ ئاكىسىنى كۆرۈش بىلەنلا دەررۇ تونۇسىمۇ ، ئاكىسى ئۇنى تونۇماپتۇ .

يىگىت تونۇشلۇق بەرمەي ئۆتۈپ بېرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇدە ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، ئاستا ئاشپۇزۇلغا كەپتۇ ۋە ئاشپەزگە : «مەن پالانى دەڭدە تۇرىمەن ، ئاۋۇ ئوت ياقارىڭىزدىن مەن تۇرغان سارايغا مانتا ئەۋەتىپ بېرىڭ » دەپ پۇلىنى تۆلەپ كېتىپتۇ .

ئاشپەز بىردەمدىن كېيىن بىر لېگەنگە مانتىنى سېلىپ ، ياخشىلاپ ئوراپ ، ھېلىقى ئوت ياقاردىن ئەۋەتىپتۇ . ئوت ياقار مانتىنى ئۇكىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، قايتماقچى بولۇپ بۇرۇلۇپتۇ . شۇ چاغدا ئۇكىسى :

— توختاڭ ، بۇياققا كېلىڭ ، مانتىنى گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ بىللە يەيمىز ، — دەپتۇ . ئوت ياقار بولسا خىجالەت بولۇپ :

— ياق ، ياق ، رەھمەت ، بۇ جۇل - جۇل كىيىملىرىم بىلەن سىزدەك بىر بايۋەچچە بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىر لېگەندە تاماق يېيىشىم كېلىشمىگەن بىر ئىش ، — دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ . لېكىن ، ئۇكىسى ئۇنىماي :

— ياق ، بۇياققا كېلىڭ ، مەن زادىلا تاماقنى يالغۇز يېيەلمەيمەن ، ماڭا ھەمراھ بولمىسىڭىز بولمايدۇ ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ .

كېيىن ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىپتۇ . ئاكىسى بۇ يىگىتنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىپتۇ ، لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ .

ئۇكىسى ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ ، ئاخىر تونۇشلۇق بېرىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا- ئۇكا ئىككىسى بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ، مۇڭدىشىپتۇ . ئاكىسى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ، قانداق قىلىپ بۇ كۈنلەرگە دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ . كېيىن ئۇكىسى بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئاكىسىنى كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئاشپۇزۇلدىن چىقىرىۋاپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىككىسى «ئەمدى چوڭ ئاكىمىزنى تاپايلى» دېيىشىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ . بۇلار چوڭ ئاكىسىنى ئىزدەپ كۆپ يېزا ۋە شەھەرلەرنى كېزىپتۇ . كۆرۈنگەن كىشىلەردىن سوراپتۇ ، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالماي ، يەنە بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ . بىر كۈنى بازار ئارىلاپ يۈرۈپ ، بىر يەردە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ - دە ، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى شۇ يەرگە بېرىپتۇ . قارىسا ، ئوتتۇرىدا جۇل - جۇل كىيىملىك ، قولىدا ئۇزۇن ھاسا تۇتقان بىر قەلەندەر ساپايى سوقۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك . بۇلار ياخشىراق سەپسېلىپ قارىسا ، دەل ئۆزلىرى ئىزدەپ يۈرگەن چوڭ ئاكىسى ئىكەن . لېكىن ، ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تونۇشلۇق بەرمەي ، ئۆزلىرى چۈشكەن سارايغا بېرىپتۇ - دە ، سارايۋەنگە ئىلتىماس قىلىپ :

— بىز بۈگۈن بازاردا ساپايى سوقۇپ ، ناخشا ئېيتىپ تۇرغان

بىر قەلدەندەرنى كۆردۇق . ئۆزىمىز مۇساپىر بولغىنىمىز ئۈچۈن ، شۇ قەلەندەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ قالدۇق . سىز شۇ قەلەندەرنى چاقىرىپ ئەكېلىپ بەرسىڭىز ، — دەپتۇ . سارايۋەن بازارغا بېرىپ قەلەندەرنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا :

— هاي قەلەندەر ، بۇياققا كەل ، ئىككى كىشى سېنىڭ ناخشاڭغا خۇشتار بولۇپ قاپتۇ . ئۇلار سودىگەرلەرمۇ ياكى سەيلە قىلىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەرمۇ بىلمەيمەن . ئۇلار بىزنىڭ سارايغا كېلىپ چۈشكەن ، سېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . يۈر مەن بىلەن ، — دەپ ئۇنى ئەگەشتۇرۇپ سارايغا كەپتۇ .

قەلەندەر سارايغا كېلىپ :

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا خىزمەتلىرى بولسا بەجا كەل-تۇرۇشكە كەلدىم ، — دەپ تىز پۈكۈپ تەزىم قىپتۇ .

- كېلىڭ ، كېلىڭ !- دېيىشىپ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قەلەندەر-گە جاي كۆرسىتىپتۇ ۋە :

— بازاردا سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ خۇشتار بولۇپ قالدۇق ، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلىپ كىشى ئەۋەتكەن-دۇق . ئەگەر مۇمكىن بولسا ، ناخشىڭىزنى بىر ئاڭلىساق ، — دەپ قەلەندەرنى ئۆز يانلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ . قەلەندەر :

— ئەگەر مېنىڭ ناخشامغا خۇشتار بولساڭلار ، سىلەردەك ياخ-شىلارنىڭ سادىغىسى بولۇپ كېتەي ، — دەپ ئۆزىنىڭ قەددىنى رۇس-لاپ ناخشا ئېيتىۋېتىپ بىردىن خىيالى بۆلۈنۈپ ، «بۇ كىشىلەر كۆزۈمگە خويمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغۇ ، قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىد-مەن» دەپ ئويلاپ يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ .

كېيىن كەنجى ئۇكىسى ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ ، ئالدىرىماي تونۇشلۇق بېرىپتۇ . ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ، ئاند-دىن كېيىن كەنجىسى بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىپ ئاكىسىنى كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئۇزاق مۇڭدىشىپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىشىپتۇ .

بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ، ئۆز

يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ . ئۇلار ئۇزاق يول مېڭىپ ئۆز شەھىرىگە يېتىشكە يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا ، چوڭ ئاكىسى بىلەن ئوتتۇرانچە-سىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ . ئۇلار بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەل-گەندە ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن توختاپتۇ . تاماقلىرىنى يەپ بو-لۇپ ، دەم ئېلىپ ياتقاندا ئىككى ئاكىسى يوشۇرۇنچە : «بىز ئۆيگە بارغاندا ، ئۇكىمىز بۇلبۇلگويانى مەن تاپتىم دېسە ، دادىمىز ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئاشپۇزۇلدا ئوت قالاپ ، مېنىڭ قەلەندەرچىلىك قىلىپ يۈرگىنىمىزنى ئېيتىپ قويسا ، بىز ئۈچۈن ئۇيات بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋې-تىپ ، بۇلبۇلگويانى ئۆزىمىز ئېلىپ بارايلى ، ئەگەر ئۇكىمىزنى سو-رىغۇدەك بولسا ، ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا كەتكەن ، ئۇنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق دەيلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ . ئۇلار كەنجى ئۇكىسىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ . ئۆزلىرى بۇلبۇلگويانى ئېلىپ ، يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ بېرىپتۇ . باللىرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن ئاتا - ئانا ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ، كەنجى ئوغلىنى سورىغاندا ، ئۇلار كېلىشىۋالغان گېپى بويىچە :

— بىز بۇ يەردىن چىقىش بىلەنلا ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا كەتكەن ، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى كۆرمىدۇق ، بىز بۇلبۇلگويانى تاپقان-دىن كېيىن ، ئۇنى كۆپ ئىزدىدۇق ، بىراق ھېچ يەردىن تاپال-مىدۇق ،— دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ .

كەنجى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاتا - ئانا كۆپ قايغۇ-ھەسرەت چېكىپ-تۇ ، بۇلبۇلگويامۇ ھېچ سايرىماستىن ، مۇڭغا پېتىپ يېتىپتۇ .

«ئاھ ، بۇلبۇلگويا تېپىلدى دەپ خۇشال بولسام ، ئەمدى كۆز قارىچۇقۇم ، كەنجەم يوق . ھەممىدىن كەنجى بالامنىڭ دەردى مېنى پۈچۈلىدى» دەپ يەنە ھەسرەتكە چۆكۈپتۇ ئاتىسى . كەنجى بالىسىنىڭ دەردىدە يىغلاپ يۈرۈپ ئاتىسىمۇ ، ئانىسىمۇ كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلىپ-تۇ......

پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلان-

غاندىن كېيىن بىرنەچچە ۋاقىت ھوشسىز يېتىپتۇ ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىپ قارىسا ، قاراڭغۇ قۇدۇقنىڭ تېگىدە ياتقۇدەك . ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ، قۇدۇقتىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈپتۇ ، لېكىن چىقالماپتۇ . ھېلىقى قىز بەرگەن بىر تال چاچنى كۆيدۈرەي دەپ چاقمىقىنى چېقىپ كۆرسە ، پىلتىسى ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكتىن ياناپتۇ . تەلىيىگە يارىشا شۇ ئارىدا قۇدۇق يېنىغا بىرنەچچە كارۋان كېلىپ چۈشۈپ ، ئاتلىرىنى سۇغىرىش ئۈ-چۈن ئۇلاردىن بىرى قۇدۇقتىن سۇ تارتىشقا چېلەك چۈشۈرۈپتۇ . شۇ ۋاقىتتا يىگىت چېلەككە ئېسىلىۋاپتۇ . كارۋان چېلەكنى تارتسا كۈچى يەتمەپتۇ ، كېيىن ئىككى ـ ئۈچى بىر بولۇپ تەسلىكتە تارتىپ چىقار-سا ، بىر يىگىت چىقىۋاتقۇدەك .

يىگىت قۇدۇقتىن چىقىپ ۋەقەنى كارۋانلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ ، كېيىن چاقمىقىنىڭ پىلتىسىنى قۇرۇتۇپ ھېلىقى چاچنى كۆيدۈرۈپ-تۇ . شۇ چاغدىلا ئاسماندىن بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ قۇدۇقنىڭ ئەتراپىغا قونۇپتۇ . بىر قانات قېقىپلا قىزغا ئايلىنىپتۇ ـ دە ، يىگىتتىن :

— بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى ؟ — دەپ سوراپتۇ .

يىگىت بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ، شۇنىڭدىن كېيىن قىز قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى قېتىم چاۋاك چالغانىكەن ، تو-ڤۇقلۇق ئىككى تۇلپار كىشنىگىنىچە يېتىپ كەپتۇ .

بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق ئىككى تۇلپارغا مىنىپ يەتتە كۈنلۈك يولنى يېرىم كۈندە بېسىپ ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ . قىز بىلەن يىگىت ئىشىكتىن شۇنداق كىرىشى بىلەنلا نەچچە كۈندىن بۇيان غەمكىن ياتقان بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەنىكەن ، ئۇنىڭ كۈلكىسى پۈتۈن ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ . ئۇكىسىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كەل-گىنىنى كۆرگەن ئاكىلىرى قورقۇپ كېتىپ ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ .

كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلغان ئاتا بىلەن ئانا بۇلبۇلگويانىڭ كۈلۈ-شىنى ئاڭلاپ خۇشال بولسىمۇ ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەپتۇ .

كەنجى ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— سالام مېھرىبانلىرىم، سالامەتمۇ سىلەر؟ — دەپ ئاتا - ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كەنجى ئوغلىنىڭ ھېدىنى ئالغان ئاتا - ئانا:

— ۋاي جېنىم بالام، بارمۇسەن؟ نەلەردە يۈرسەن؟ ئاكىلىرىڭ سېنى تاپالمىدۇق دەپ كەلگەنىدى، دەردىڭدە يىغلاپ يۈرۈپ كۆز نۇرلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق بالام، — دەپ يىغلاپ بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ.

خۇشاللىقتىن ئاتا - ئانىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاستا - ئاستا ئېچىلىپتۇ ۋە:

— ۋاي بالام، سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈن باركەنغۇ، — دەپ ئوغلىنى يېڭىباشتىن باغرىغا بېسىپ يىغلىشىپتۇ. كەنجى ئوغلى بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاخىر ئۇلارنىڭ قىلغان قەستلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتا - ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى ئاتا - ئانىسىغا تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇلبۇلگويا بۇلارنى ئالقىشلىغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ھەر كۈلگەندە ئۇنىڭ ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر ئېتىلىپ چۈشۈپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئاتا نۆكەرلىرىگە چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلىنى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

جاللاتلار ئىككى ئاساۋ ئاتنى تۇتۇپ كەپتۇ - دە، ئىككى ئوغلىنى بۇ ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ قويۇۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلبۇلگويانى بىر كۆرۈشكە ئارمان قىلغان پادىشاھ ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالايىتەن جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى ئۇنىڭ سايرىشىدىن زوقلىنىپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

## ئېلى باتۇر

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن، توخۇ داڭگالچىكەن، ئۆچكە جاڭگالچىكەن، قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. بىر يۇرتتا بىر پادىشاھنىڭ ئېلى ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئاي دېسە

ئاغزى بار ، كۆن دېسە كۆزى بار شۇنداق چىرايلىق ئىكەن ھەمدە ئۆز زامانىسىنىڭ پالۋانلىرىدىن ئىكەن .

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى ئۇ كوئىنلۇن دېگەن شەھەردە پادىشاھنىڭ بىر گۈزەل قىزىغا ئاشىق بولۇپ ، قىز بىلەن توي قىلىپ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ چۈشەپ قاپتۇ . ئېلى ئەتىسى سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا مەشۇقى يوقمىش . ئۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن غەم - قايغۇدا ھېچقانداق نەرسىمۇ يېمەي ، باشقا ئىشلارنىمۇ قىلماي ، غەمگە پېتىپ قايغۇ - ھەسرەتتە قاپتۇ .

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە ئۇ ئىلاجسىز مېھرىبان ئانىسىغا ئۆزىنىڭ ئۈچ ئاي ئىلگىرى كۆرگەن چۈشىنى باشتىن - ئاخىر سۆز-لەپ بېرىپ ، ئۆز ئاشىقىنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . ئانىسى ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ ، پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ . پادىشاھ ئوغلىنىڭ تەلىپىنى بەجانىدىل ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 40 لەشكەر ، يېمەك - ئىچمەك ، ئات ، بىرقانچە تۇلۇم سۇ قاچىلاپ ، ئوغلىنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن پۈتۈن يۇرت خەلقى-دىن دۇئا ئېلىپ ، كوئىنلۇن شەھىرىگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ . ئېلى باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر بىر سازلىققا كەلگەندە ئۇ لەشكەرلەرنى توختىتىپ : «سىلەر قايتىڭلار ، مەن ئۆزۈم يالغۇز باراي ، سىلەر ئوردىغا بېرىپ ئاتامنىڭ ئەمرىدە بويرۇق كۈتۈڭلار» دەپ ئارقىسىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ . لەشكەرلەر قايتىپ كەپتۇ ، ئېلى ئۆزىگە يەتكۈدەك نان - توقاچ ، سۇ ، بىر دانە قىلىچ ، بىر ئارغىماقنى ئېلىپ قاپتۇ . ئۇ شۇنداق مېڭىپ بىر جايغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ، ئىككى تاغ ئارىسىدا بىر دېھقان ئىككى كالىنى ساپانغا قوشۇۋېلىپ ، ئۇن - تىنسىز يوغان تاياق بىلەن راسا ئۇرۇپ ھەيدىگىلى تۇرۇپتۇ . ئېلى كېلىپ :

— ئاكا ،گەپ- سۆز قىلماي بۇ كالىلارنى نېمانچە ئۇرىسىز ؟— دەپ سوراپتۇ . ئۇ دېھقان جاۋاب بېرىپ :

— ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە بىر جۈپ بۆرە بار ، ئادەمىزاتنىڭ تىنىقىنى پۇراپ قالسا يەپ كېتىدۇ . شۇڭا ، گەپ قىل-

ـماي مۇشۇنداق ھەيدەيمەن ، — دەپتۇ .
— ئۇنداق بولسا ، ماڭا بىر چۆگۈن چاي قايناتىپ ئەكېلىپ بېرىڭ . سىز كەلگۈچە مەن سىزگە ياردەم قىلىپ ھەيدەپ تۇراي ، — دەپتۇ .
دېھقان ماقۇل بولۇپ ، ئۆيگە چاي قايناتقىلى ئۇچۇپ كېتىپتۇ . ئېلى بولسا بار ئاۋازى بىلەن غەزەل توۋلاپ ساپاننى ھەيدىگىلى تۇرۇپتۇ . بىردەمدە قارىسا ، راست دېگەندەك ، ئىككى بۆرە يۈگۈرۈپ كەپتۇ . ئېلى باتۇرلۇق بىلەن ئىككى كالىنى قوشتىن چىقىرىۋېتىپ ، كالىنىڭ ئورنىغا ئىككى بۆرىنى قوشقا قوشۇپ ھەيدىگىلى تۇرۇپتۇ . دېھقان چاينى قايناتىپ ئېلىپ كېلىپ قارىسا ، ئېلى ئىككى بۆرىنى قوشقا قوشۇپ ھەيدەۋاتقۇدەك ، دېھقان قورقۇپ يېقىن كېلەلمەپتۇ . ئېلى ئۇلارنى قوشتىن چىقىرىپ مۇشتلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئاندىن دېھقاننىڭ ئۆزىنىڭ كالىسىنى قوشقا قوشۇپ بەرگەندىن كېيىن دېھقان قايتىپ كەپتۇ ۋە ئېلىغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ . ئېلى دېھقان ئەكەلگەن چايدىن ئېچىۋېلىپ ، دېھقاندىن كوئىنلۇن شەھىرىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى سوراپ تولۇق ئۇقۇۋېلىپ يەنە يولىغا راۋان بوپتۇ . ئۇ بىر يەرگە بېرىپ بىر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ، بىر چوڭ شەھەر كۆرۈنۈپتۇ . ئۇ ماڭا - ماڭا شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر ئۆيگە كىرىپتۇ . قارىسا ، بىر موماي يالغۇز ئولتۇرغۇدەك . ئېلى مومايغا سالام بېرىپ ، مومايدىن :
— موما ، بۇ قايسى شەھەر ؟ — دەپ سوراپتۇ .
موماي :
— كوئىنلۇن شەھىرى دېگەن مۇشۇ ، لېكىن بۇ شەھەرگە يېقىن بىر جايدا بىر توپ دىۋە بار ، ئۇلارغا شەھەردە ھېچكىم تەڭ كېلەلمىدى ، ھازىر شەھىرىمىزدە پادىشاھنىڭ قىزىدىن باشقا ھەممە قىزلارنى دىۋە بىردىن - بىردىن ئېلىپ كەتتى . ئۇ ھەر 40 كۈندە بىر كېلىدۇ ، ھازىر كېلىپ كەتكىنىگە 38 كۈن بولدى ، — دەپتۇ .
ئېلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېتىغا مىنىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ، دەرۋازىۋەندىن رۇخسەت ئېلىشقىمۇ ئالدىراپ پادىشاھ ئولتۇر-

غان تەختكە بۆسۇپ كىرىپتىكەن ، پادىشاھمۇ قورققىنىدىن ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قاپتۇ . ئېلى پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، دىۋىلەر بىلەن ئۆزى يالغۇز ئېلىشماقچى بولـ غانلىقىنى ئېيتىپتۇ . پادىشاھ :

— سىز نېمە ئادەم ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— مەن شەھەرلەرگە مۇساپىر . لېكىن ، شەھەرگە كىرگىلى بىر ئاش پىشىم بولدى . بۇ شەھەردە بالا ـ قازانىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىلىرىغا كەلدىم ، — دەپتۇ ئېلى . پادىشاھ :

— ئۇنداقتا ، سىزگە نېمە كېرەك ، — دەپتۇ .

— ماڭا كېرەك بولىدىغىنى پاك مۇھەببەت ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئېلى ۋە دىۋىلەر بار جاينى كۆرسىتىپ قويۇشقا بىر كىشى تەلەپ قىپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر ئادەم قوشۇپتۇ . ھېلىقى كىشى دىۋىلەر ماكانىغا ئاز قالغاندا كۆرسىتىپ قويۇپلا قايتىپتۇ . ئېلى مېڭىپ بىر جايغا بارسا ، بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە دىۋىلەر خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك ، ئېلى نامەردلىك بولمىسۇن دەپ : «قېنى ، دىۋىلەر ، ئويغىنىڭلار ، مەن سىلەر بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن كەلدىم» دەپ ۋارقىراپتۇ . دىۋىلەر ئىتنىڭ قۇرتىدەك مىژىلداپ ئويغىنىپ ئېلىغا ئېتىلىپتۇ . ئېلى خۇددى خالۋاپ خام توقۇغاندەك ، ئۇستا ئورمىچى ئورما ئورغاندەك شۇنداق ئېلىشىپتۇكى ، دىۋىلەرنى يېرىم كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقىتىپ ئۆڭكۈرنى قىپقىزىل قانغا بويىۋېتىپتۇ ئېلى قايتىپ بارغاندىن كېيىن پۈتۈن شەھەر خەلقى ئېلىنى قارشى ئېلىپ ، شەھەر كوچىلىرىنى تولۇق ئايلاندۇرۇپ يەرگە دەسسەتمەي كۆتۈرۈپ ، ئېلى باتۇرنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . پادىشاھ خۇشال بولغىنىدىن ئېلى چۈشىدە ئاشىق بولغان قىزى بىلەن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپ ئېلى باتۇرغا پادىشاھلىق تەختىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بوپتۇ . ئېلى بۇ شەھەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرالمايدىغانلىقىنى ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ ئاتا- ئانىسىغا يار- يۆلەك بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . پادىشاھ رازىلىق بېرىپ- تۇ . ئېلى باتۇر خۇشال ھالدا مەلىكىسى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ .

# IV باب لەتىپە ۋە چاقچاقلار

## 1 § . لەتىپە

مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى ، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئاد- دىي - ساددىلىقى ، ئوبرازلىرىنىڭ يارقىن ۋە جانلىقلىقى ، كۈچلۈك ھەجۋىي ۋە يۇمۇرىستىك تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكى ، كومېدىيەلىك خا- راكتېرىنىڭ قويۇقلۇقى ، بەدىئىي ئۇنۇمىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، قۇرۇل- مىسىنىڭ ئىخچام ۋە پۇختىلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر لەتىپە ئەدە- بىياتىنى خاراكتېرلەيدىغان ئاساسىي بەلگىلەردۇر .

لەتىپىلەر ئومۇمەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيا- تىدا پەيدا بولغان نەسرىي ژانىر بولۇپ ، ئۇنىڭ باش قەھرىمانى نەسىرد- دىن ئەپەندىدۇر . شۇڭا ، ئاۋام ئارىسىدا قىسقارتىلىپ «ئەپەندى لەتى- پىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ . «ئەپەندى ئوبرازى» پەقەت لەتىپە ئەدەبىيا- تىغا مەنسۇپ بولغان ئالاھىدە خاراكتېرلىك ۋە ئىنتايىن سۆيۈملۈك خەلق قەھرىمانى — ئۆلمەس بەدىئىي تىپتۇر .

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن لەتىپە- لەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكىلىك ۋە قىسقا ھېكايىلەر خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت بولسىمۇ ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ ، «ئەپەندى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان لەتىپىلەر تەخمىنەن 13- ئەسىرلەردىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلىدى . بۇ دەۋر فېئوداللىق تۈزۈم مۇستەھكەملىنىپ ، ئۇنىڭ رولى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ، سىنىپىي مۇناسى- ۋەتلەر كەسكىنلىشىپ ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە

ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە قارشى كۈرەشلىرى ئۇزۇكسىز كۈچىيىۋاتقان بىر دەۋر بولۇپ ، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ تۈنجى بىخلىرى ئەنە شۇ لەتىپىلەردە ئەكس ئېتىپ ، ئۇنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە نەسرىدىن ئەپەندى ئوبرازىغا مەركەزلەشتى . ئەمگەكچى خەلق مانا بۇ ئەپچىل ژانىردىن ئۆتكۈر قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق لەتىپىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلدى .

«لەتىپە» سۆزى ئەرەبچە «لوتف» ، «لاتف» سۆزلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، «نازۇك» ، «نەپىس» مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ ، ھازىر «كۈلكىلىك ھېكايە» ، «چاقچاق» ، «ھەزىل» ، «قىزىقارلىق ۋەقە» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ .

نەسرىدىن ئەپەندى نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېكايىلەر ئۇيغۇرلاردىن باشقا ، ئەرەب ئەللىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئەپەندى نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئەنە شۇ كەڭ زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان فولكلور قەھرىمانى بولۇپ كەلدى ، شۇڭلاشقا بۇ خەلقلەر ئارىسىدا نەسرىدىن ئەپەندى مىڭ ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنمىش دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر بار .

ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە گەپ بولغاندا ، كىشىلەر : «ئەپەندى دېگەن بۇ ئادەم زادى ئۆتكەنمۇ - يوق ؟» ، «ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ بىرلا شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ؟» ، «ئەپەندى لەتىپىلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق يىللار داۋامىدا كەڭ تارقىلىپ ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىدۇ ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويۇشۇپ ، بۇ ھەقتە ھەر خىل پىكىرلەرنى قىلىشىدۇ .

بەزى تەتقىقاتچىلار ۋە فولكلورشۇناسلار نەسرىدىن ئەپەندى تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە يەنە ئۆز ئالدىغا ھەر خىل پىكىرلەرنى

قىلىشىدۇ ، مەسىلەن تۈركىيەلىك تەتقىقاتچىلار : «ئەپەندى 13- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۈركىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ، تۈركىيەنىڭ ئاق شېھىر دېگەن يېرىدە ئۇنىڭ قەبرىسى بار...... »[①] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، يەنە بەزى كىشىلەر بولسا ئەپەندى بۇخارالىق دېيىشىدۇ . «خوجا نەسرىدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ل .ۋ . سولويوۋ ئۆزىنىڭ شۇ كىتابىدا : «خوجا نەسرىدىن (ئەپەندى ) بۇخارالىق بولۇپ ، ئۇ شۇ يەردىكى شىرمۇھەممەد ئىسىملىك بىر كوزىچىنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىدى . ئۇ ئۆز ھاياتىدا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا بارغان . ئۇ بارغانلىكى يېرىدە پۇقرالارغا ھېسداشلىق قىلىپ ، ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئىش تۇتۇپ كەلگەچكە ، ھۆكۈمرانلار ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلىپ ، ئۇنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان ، شۇ سەۋەبتىن ، نەسرىدىن ئەل ئىچىدە ئۆزىنى «ئۆلۈپتۇ» دېگەن خەۋەرنى پەيدا قىلغان...... شۇڭا ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭلىرىدا ، سەككىز يەردە ئۇنىڭ قەبرىسى پەيدا بولغان ، لېكىن ھېچكىم شۇ قەبرىلەرنىڭ قايسىبىرىنىڭ نەسرىدىننىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ ، بەلكىم ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ نەسرىدىننىڭ قەبرىسى يوقتۇ . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەل ئىچىدە ناھايىتى يوشۇرۇن ھالدا ياشىغان . ئۇنىڭ قاچان ۋە قەيەردە ، قانداق ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق...... »[②] دېگەن مەزمۇننى يازىدۇ .

يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار نەسرىدىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ شەخسنىڭ دۇنيادىن ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكى تېخى ھازىرغىچە ئىسپاتلانغىنى يوق ، بەلكىم ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان ئوبراز بولسا كېرەك ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاتاقلىق شەرقشۇناس ، پارس ۋە تاجىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى بوراكىنىسكىي : «بىزمۇ بۇ ئوبرازنىڭ پەيدا بولۇشىنى چوقۇم مۇشۇ رايون-

---

① ئۆزبېكچە «نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»نىڭ كىرىش سۆزىدىن ئېلىندى ، 1960- يىلى تاشكەنت ، بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى .

② ل .ۋ . سولوۋيوۋ : «خوجا نەسرىدىن ھەققىدە قىسسە» تاشكەنت ، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1959- يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە ) ، 674 ـ ، 675- بەتلەر .

نىڭ دائىرىسىدە، دەپ چەكلەپ قويالمايمىز. بۇ ئوبراز ئوخشاش تارىخىي شارائىتتا، ئوخشىمىغان جايلاردا ئوخشاش پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئاتالمىش مۇسۇلمان شەرقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا بۇ ئوبراز تېخىمۇ بېيىدى ۋە تولۇقلاندى ھەمدە بارلىق مىللەتلەر بۇ ئوبرازغا ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى، يەنى بۇ ئوبراز ئەرەبلەر ۋە تۈركىيەلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە زاكاپكازىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئالبانىيەلىكلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بالقاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا راۋاجلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبراز ھەرقايسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ھەر خىل ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن جانلاندۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا خوجا نەسرىدىن (ياكى نەسرىدىن ئەپەندى، ئەپەندى، موللا نەسرىدىن) دەپ ئاتالدى»[1] دەيدۇ.

بىز يەنە نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى كەڭ تارقالغان جايلارنىڭ قايسىبىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ باققان بولمايلى، ئۇلار ھەرقايسىلىرى ئوخشاشلا نەسرىدىننى ئۆز خەلقى ئارىسى ۋە يۇرتىدا ياكى ئۆز يۇرتىغا يېقىنلا بىر جايدا «ياشاپ ئۆتكەن»لىكىدەك رىۋايەتنى قىلىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئەپەندى يۇرتىمىزغا يېقىن بىر جايدا تۇغۇلۇپتىكەن» دەيدىغانلار بار، ھەتتا بەزى ياشانغان كىشىلەردىن: «ئاتا - بوۋىمىز ئەپەندىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن» دېگۈچىلەرمۇ بار. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقتە مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملارنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس، ھەتتا نەسرىدىن ئەپەندى تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس دېگۈچىلەر ئارىسىدىمۇ زور ئىختىلاپلار مەۋجۇت.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، نەسرىدىن ئەپەندى ئىسىملىك مۇشۇنداق بىر شەخسنىڭ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ

---

[1] گې باۋچۈەن: «ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى توغرىسىدا»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1963- يىلى 1- سانىدىن.

ھەرگىز ھازىر لەتىپىلەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئەپەندى»گە تەڭ ئەمەس، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن سانسىزلىغان لەتىپىلەرنىڭمۇ ھەرگىز شۇ بىر شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىسى ياكى ئىجادى بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھەربىر تارىخىي دەۋرلەردە خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بارلىق يۇمۇرىستىك ھېكايىلەرنى ئەنە شۇ نەسىرىدىن ئەپەندى نامىغا توقۇپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈپ، خەلق فولكلورىدىكى ئالەمشۇمۇل بىر بەدىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان. شۇڭا، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نەسىرىدىن ئەپەندىدەك ئۇزاق ياشىغان ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۈنگەندەك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بەدىئىي ئوبراز تېپىلمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان نەسىرىدىن ئەپەندى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆرەشچانلىق روھى بىلەن باتۇرانە جاسارىتى، ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى، ئېنىق مۇھەببەت - نەپرىتىنى، گۈزەللىك قاراشلىرىنى، ئاق كۆڭۈل ۋە ئەمگەكچانلىقىنى، خۇش چاقچاق، ھەققانىيەتچى ۋە ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۆلمەس ئوبرازدۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ساغلام ئەقىللىك نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىختىيارسىز ھالدا چىرايىمىزدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ، كۈچلۈك يۇمۇر ۋە ئۇمىدۋارلىق بىلەن تولغان بۇ كۈلكە خەلقىمىزگە ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى مەنىۋى كۈچ بېغىشلاپ كەلمەكتە، شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە قىزىقمايدىغان ۋە ئۇنى ياقتۇرمايدىغان كىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى، نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۆزىگە خاس تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىدىن تارتىپ تۇرمۇشتىكى كىچىك مەسىلىلەرگىچە بولغان ئىنتايىن كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نەسىرىدىن ئەپەندى ئوبرازى دانالىقى، خۇش چاقچاق تەبىئىيتى، ھازىر جاۋابلىقى بىلەن قەدىمكى

خەلق ئاغزاكى دىرامىلىرىدىكى ئىجابىي قەھرىمانلارغا — مەسخىرىۋاز، قىزىقچىلارغا ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ.

## ئۆرنەكلەر

ئەپەندى «قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن» دەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە پادىشاھ ئۇنى بىللە ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ، يولدا ئۇلارغا بىر ۋەيرانچىلىقتا سايراپ تۇرغان ھۇۋقۇش ئۇچراپتۇ. پادىشاھ نەسرىدىن ئەپەندىدىن:

— قېنى ئېيتىڭا ئەپەندى، ھۇۋقۇش نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندى:

— ھۇۋقۇش پادىشاھنىڭ زۇلمى مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئاز كۈندە شەھەرمۇ مېنىڭ ماكانىمغا ئايلىنىدۇ دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× × ×

ئەپەندىدىن كىشىلەر:

— ئەپەندى، نېمىشقا بەزى كىشىلەر باي، بەزى كىشىلەر كەمبەغەل كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بايلىق، پۇل دېگەن سۇغا ئوخشاش نەرسە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەسرىدىن ئەپەندى، — سۇ ئويمان يەرلەرگە توپلىنىپ قالىدۇ، كەمبەغەللەر تاغدەك ئېگىز خىسلەتلىك، بايلار پەس بولغاچقا، پۇلمۇ سۇغا ئوخشاش تاغلاردىن ئېقىپ، پەس جايلارغا يىغىلىپ قالغان.

× × ×

پادىشاھ ئۆزىنىڭ چوڭ مەدرىسەدە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلىنى ئەپەندىگە ماختاپ:

— شاھزادىمىز شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭلۈڭگە پۈككەننىمۇ بىلەلەيدۇ، — دەپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندى:

— پادىشاھى ئالەم ، شاھزادىنى كۆڭۈلگە پۈككەندىن ئەمەس ، ئاۋۋال مۇشتۇمغا تۈگكەندىن بىر سىناپ كۆرەيلى ، — دەپ ئۆزۈكىنى مەھكەم سىقىملاپ شاھزادىگە كۆرسىتىپتۇ :
— قېنى شاھزادەم ، قولۇمدىكى نېمە ؟
شاھزادە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ .
نەسىردىن ئەپەندى :
— بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەي ، ئۆزى دۈگىلەك ، ئوتتۇرىسى تۆشۈك ، ئۇ نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— ھە بىلدىم ، — دەپتۇ شاھزادە ، — قولىڭىزدىكى تۈگمەن تېشى .
— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا ، دادىڭىزنىلا دوراپسىز ، — دەپ چىدىماي كېتىپتۇ نەسىردىن ئەپەندى .

× × ×

بىر كۈنى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە مەھەللە ئىمامى مېھمان بولۇپ كەپتۇ ، ئىمام : «بۇنى يېيىش سۈننەت ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنى يېيىشمۇ سۈننەت» دەپ ، داستىخانغا قويۇلغان نازۇنېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ . شۇ ئارىلىقتا ئۆيگە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى كىرىپ كەپتۇ .
— بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام .
— خوش ، تەخسىر !
— ئىسمى نېمە ؟
— پەرز .
— ھوي ، پەرز دېگەنمۇ ئىسىم بولامدۇ ؟ — دەپتۇ ئىمام .
— تەخسىر ، بالىمىزنىڭ ئىسمى سۈننەت ئىدى ، لېكىن سىزنى يەپ قويمىسۇن دەپ ، پەرز دېدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەسىردىن ئەپەندى .

× × ×

نەسرىدىن ئەپەندى تونۇشلىرىدىن بىرىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بو-لۇپ بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى پىخسىقلىق قىلىپ نەسرىدىن ئەپەندىگە قاتتىق نان بىلەن بىر چىنە ھەسەل قويۇپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ نانغا چىشى ئۆتمەي، ھەسەلنى قوشۇق بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئالاق - جالاق بولۇپ:

— ئەپەندى، ھەسەل دېگەننى نان بىلەن يېمىسە، كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرۇۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

نەسرىدىن ئەپەندى ئۇن چىقماي ھەسەلنى يەپ بولغاندىن كېيىن:

— كىمنىڭ ئىچى ئېلىشىۋاتقانلىقىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ، ئامىن، — دەپ دۇئا قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

× × ×

نەسرىدىن ئەپەندى يېڭىدىن ئۆيلىنىپتىكەن، خوتۇنى ئۇرۇشقاق چىقىپ قاپتۇ، كۈندىلا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن غوۋغا كۆتۈرۈپ نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى يوقلا بىر ئىش ئۈچۈن نەسرىدىن ئەپەندىگە كايىپ:

— ئەجەبمۇ بىر ئادەم ئىكەنسىز، سىزدەك بىر ئەرگە تەگكۈچە يەرگە تەگسەم بولماسمىدى! — دەپتىكەن.

— سەندەك بىر خوتۇنغا ئۆيلەنگۈدەك يەر نېمە گۇنا قىپتىد-كەن، — دەپتۇ نەسرىدىن ئەپەندى.

× × ×

نەسرىدىن ئەپەندى كېچىسى قۇدۇققا سۇ ئالغىلى چىقىپتۇ. ئاي-نىڭ قۇدۇقتىكى شولىسىنى كۆرۈپ: «ئاي قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ-تۇ، ئۇنى ئورنىغا چىقىرىپ قويماق لازىم» دەپ قۇدۇققا چاڭگال

ساپتۇ . چاڭگال قۇدۇقنىڭ چايچاپىغا ئىلىنىپ قالسا ، نەسرىددىن ئە-
پەندى «ئايغا ئىلىنغان ئوخشايدۇ» دەپ بار كۈچى بىلەن ئارقاننى
تارتىپتىكەن ، ئارقان ئۈزۈلۈپ كېتىپ ، ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ - دە ،
كۆزى ئاسماندىكى ئايغا چۈشۈپ :
— خۇداغا شۈكرى ، جاپا چەكسەممۇ ، ئاينى ئورنىغا چىقىرىپ
قويۇپتىمەن ، — دەپ خاتىرجەم ئورنىدىن تۇرۇپتۇ .

× × ×

نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن
مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ :
— ئەپەندى ، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم ، قايسى-
سىنى ئۇنتۇپ ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم ، بىر
مەسلىھەت بېرىڭا ؟
— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا ،
ئۆلگۈچە يادىڭىزدا ساقلاڭ ؛ سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلى-
رىڭىز بولسا ، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ ! — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ نەسرىددىن ئەپەندى .

× × ×

نەپسانىيەتچى بىر ئادەم نەسرىددىن ئەپەندىدىن سوراپتۇ :
— ئەپەندى ، دانا ئادەمسىز ، ئېيتىپ بېرىڭا ، كىشى قانداق
ۋاقىتلاردا ئەقلىدىن ئازىدۇ ؟
— ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەسرى-
ددىن ئەپەندى .

× × ×

بىر كىشى نەسرىددىن ئەپەندىدىن سوراپتۇ :

— بۇ شەھەردىن ئوبدان سىر ساقلايدىغان بىرسىنى تاپقىلى بولارمۇ ؟

— شەھىرىمىزدە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ ، سىرلارنى يۇيۇپ كەتمەسىمۇ ، ئۆڭدۈرۈۋېتىدۇ ، شۇڭا شەھىرىمىزدە سىر ساقلىماق تەس — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەسىردىن ئەپەندى .

بىزگە مەلۇمكى ، بىر خىل سەنئەت تۈرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە كەڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ھەر خىل ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ . نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تاكامۇللاشقان سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە شۇنچە ئۇزاق دەۋر ياشاپ كېلىشى ۋە كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر سىنىپىيلىق ۋە خەلقچىللىقتىن ئىبارەت زور ئىجتىمائىي مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىن تاشقىرى ، ئۇ كۈچلۈك مەسخىرە ۋە ئۆتكۈر ھەجۋىيلىك خاراكتېرىگە ئىگە . لەتىپىلەردىكى بۇ خىل ھەجۋىي ۋە مەسخىرە ئۇنىڭ يېشىمىدىكى كۈلكىگە مەركەزلەشكەن ، يەنى لەتىپىلەردىكى تۈگۈن كۆپ ھاللاردا دېگۈدەك نەسىردىن ئەپەندى تەرىپىدىن جاۋاب ياكى خۇلاسە تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر- ئىككى جۈملە سۆز ئارقىلىقلا يېشىلىدۇ ۋە لەتىپىمۇ ئاخىرلىشىدۇ .

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى يەنە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددىي ۋە شۇنچە ئىخچام بولۇشىغا قارىماي ، يارقىن ئوبرازچانلىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا جانلىق ، كونكرېت ۋە مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلغان . ئۇ خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولغىنى ئۈچۈن ، ھەرقانداق كىشىدە روشەن ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ . ھەممىمىزگە مەلۇم ، لەتىپىلەردىكى ئاساسىي باش قەھرىمان نەسىردىن ئەپەندى بولۇپ ، لەتىپىلا بولىدىكەن ، ھامان بۇ ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە ئوبراز مەيدانغا چىقىدۇ . ئۇنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ ، ھەم ئومۇمىيلىققا ، ھەم روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە . ئۇ ئەقىللىك ، تەدبىرلىك ، قەيسەر ، ھەققانىيەتچى ، ئۈمىدۋار ، ئاق كۆڭۈل ھەم خۇش چاقچاق كىشى ،

ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بارلىق ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇ-لارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېرى ۋە پسىخىكىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن يۇكسەك بەدىئىي ئوبرازدۇر. شۇڭا، مىللىيلاشقان بىر تىپىك مۇھىت ئىچىدە ئۇنىڭ نامى زېرەكلىكىنىڭ ۋە يۇمۇرىستىك-لىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

دېمەك، لەتىپىلەردىكى ئوبرازلار ئارتۇقچە بايان ۋە تەسۋىرلەر-دىن خالىي بولۇپ، ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەك-كۇرنىڭ ئۆزئارا زىچ بىرلىشىشىدىن پەيدا بولغان ئەقلىي كۇچنىڭ ياردىمىدىن بارلىققا كەلگەن. لەتىپىلەر مانا شۇ ئوبراز يارىتىش خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھەرقانداق ژانىرلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ئۆتكۇر، توغرا، ئېنىق ۋە ئىخچام بولۇپ، ئاز سۆز بىلەن مول پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ئىگە چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. لەتىپىلەردە بۇنداق چوڭقۇر ئىدىيە ۋە مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ تۇرغۇچى ئۆتكۇر سۆزلەر ئاساسەن پېرسوناژ تىلىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ خىل تىل لەتىپىلەرنىڭ ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ تەلىپىگە ۋە پېر-سوناژلارنىڭ خاراكتېرىگە ناھايىتى ماس كەلگەن.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى يەنە قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە بولۇپ، ئۇ مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا مەيدانغا كېلىپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۇرگەن. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالا-ھىدىلىكى ئۇنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ روشەن ياكى تۇتۇق بولۇشى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي شەكلىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ئىجادىيەت پائالىيىتى جەريانىدا قايتا - قايتا تاۋلانغان ۋە تاللانغان، كۆپ قېتىملىق ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مۇكەممەل ئەنئەن-ۋى شەكىلگە ئىگە. ئۇ گەرچە مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى كۆتۈرۈپ چىقمى-

سىمۇ، ئەمگەكچى خەلققە ھەر دائىم ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇر-
لۇك ئارزۇ- ئارمانلىرىنى دەل ۋاقتىدا توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلى-
دى. شۇڭا، خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ھەجۋىي خاراكتېرى
كۈچلۈك بولغان، مۇكەممەل ئەنئەنىۋى بەدىئىي شەكىلگە ئىگە ئەسەر-
لىرىنى «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى بىر خىل
قېلىپلاشقان مىللىي سەنئەت ئۇسلۇبى قىلدى.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدە رېئال تۇرمۇش قارىسىغىلا كۆ-
چۈرۈپ كېلىنگەن بولماستىن، يۈكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەك-
كۈرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئەپچىل بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەر، توقۇنۇشلار تېخىمۇ
يىغىنچاق ۋە ئۆتكۈر ھالدا چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. شۇ ئارقىلىق
شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئېچىپ كۆرسىتىلىپ، لەتىپە
ئاپتورلىرى ھېسابلانغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا
تارىختا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى داڭلىق لەتىپىچىلەر بار-
لىققا كېلىپ، ئۇيغۇر لەتىپە ئەدەبىياتىنى بېيىتقان. ئۇلارنىڭ ئارى-
سىدا تەسىرى چوڭ ۋە تىپىك بولغىنى سەلەي چاققاندۇر.

سەلەي چاققان 19- ئەسىردە قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ئوپال رايو-
نىدا ياشاپ ئۆتكەن رېئال خەلق لەتىپىچىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە
خېلى كۆپ لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ سۆز قىلىشتا تاپانچىدەك
چاققان بولغاچقا، «سەلەي چاققان» دەپ نام ئالغان. سەلەي چاققان
لەتىپىلىرىمۇ قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئۆزىنىڭ
بېشىدىن ئۆتكەن رېئال تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىگە قۇرۇل-
غان. ئۇ ئۆتكۈر تىللىق، ھازىرجاۋاب، پاراسەتلىك كىشى بولۇپ،
چوڭ سورۇنلاردا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، چىڭ خانىدانلىقى ھاكىمىيىتى-
نىڭ قولچوماقلىرى بولغان ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئەپت-
بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالىغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى-
نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا سۆز ئارقىلىق ھەجۋىي كۈلكە

پەيدا قىلىشتىن كۆرە، كۆپرەك ھەرىكەت ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىپ، ھاكىم، ئەمەلدارلارنى ھەجۋىي قامچىسى ئاستىغا ئېلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

بىر كۈنى زوھۇرىددىن ھاكىم خوتۇنلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ:

— سەلەي، دۇنيادا مېنىڭ خوتۇنۇمدىن ئارتۇق سوغۇق نەرسە تېپىلمايدۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداق تەخسىر، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ سەلەي چاقچاق.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە زوھۇرىددىن ھاكىم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى كاتتا زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. مېھمانلار ئىسسىق تەپتىدە تەرلەپ كېتىپ:

— ۋاي ھاكىم، بەك ئۇسساپ كەتتۇق. ئاۋۋال بىزگە ئەڭ سوغۇق نەرسە ئېلىپ‌پات قىلسىلا، — دەپ تەلەپ قىلىشىپتۇ.

— ھەي سەلەي! — دەپ چاقىرىپتۇ ھاكىم، — ماڭ، ئاشخانىغا يۈگۈر، مېھمانلار ئۈچۈن سوغۇق نەرسە ئېلىپ چىق.

— خوپ! — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ كۆڭلىگە بىرنەرسىنى پۈكۈپتۇ ۋە يەنە قايتىپ كىرىپ:

— تەخسىر، دۇنيا بويىچە ئەڭ سوغۇق بىرنەرسە يادىمغا كېلىپ قالدى. شۇنى ئەكىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا! چاپسان ئەكىر، — دەپتۇ ھاكىم مېھمانلار ئالدىدا راسا كېرىلىپ.

شۇ ئەسنادا سەلەي چاقچاق مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۇنىمىغانغا قويماي ھاكىمنىڭ چوڭ خوتۇنىنى سۆرەپ كىرىپتۇ.

× × ×

«بىر كۈنى ئامبال ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن سەلەي چاقچاقنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. سەلەي چاقچاق بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا

ئامبالنىڭ كارىۋىتى ئاستىدا ياتقان بىر ئىت قاۋىغان پېتى كېلىپ سەلەي چاققاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپتۇ . سەلەي چاققانلىق بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا راسا كېلىشتۈرۈپ بىر تەپكەنىكەن ، ئىت يۇمىلىغان پېتى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ غىڭ قىلالماي قاپتۇ .

— هەي ئەدەپسىز ، سېنى سەلەي دەپ قويساق نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ ، — دەپتۇ ئامبال ئاچچىقلىنىپ ، — يۈز - خاتىر يوقمۇ ؟ سەن زادى هېچكىمدىن قورقمامسەن ؟ !

— قورقىمەن ، — دەپتۇ سەلەي چاققان . شۇنىڭ بىلەن دەررۇ تالاش - تارتىش باشلىنىپتۇ .

— كىمدىن قورقىسەن ؟

— پاشاپتىن .

— پاشاپ كىمدىن قورقىدۇ ؟

— بەگدىن .

— بەگ كىمدىن قورقىدۇ ؟

— ئامبالدىن .

— ئامبال كىمدىن قورقىدۇ ؟

— ۋاڭدىن .

— ۋاڭ كىمدىن قورقىدۇ ؟

— خاندىن .

ئامبال قىزىپ كېتىپ يەنە سوراپتۇ :

— خان كىمدىن قورقىدۇ ؟

— تەي تەي خېنىمدىن .

— تەي تەي كىمدىن قورقىدۇ ؟

— بوراندىن .

— بوران نېمىدىن قورقىدۇ ؟

— ئەسكى تامدىن .

— ئەسكى تام نېمىدىن قورقىدۇ ؟

— چاشقاندىن .

— چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ ؟

— مۇشۇكتىن .
— مۇشۇك نېمىدىن قورقىدۇ ؟
— ئىتتىن .
— ئىت نېمىدىن قورقىدۇ ؟
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەلەي چاققان ئالدىرىماي بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ :
— ئىت مەندىن قورقىدۇ ، — دەپ ، كارىۋات ئاستىدا ياتقان ئىتنى كۆرسىتىپتۇ .

## 2 § . چاقچاق ۋە يۇمۇرلار

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەشقەر تىل سەنئىتى جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر رايون . دەرۋەقە ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى زۇۋانداراز ۋە ھازىرجاۋاب خەلق بولۇپ ، ئۇلار-نىڭ تىل پىسخىكىسىدا ھەزىل - چاقچاق ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت بەكمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇڭا ، بەزىلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ تىلىنى «غايىب ئوق» ، «ھەسەل قاپلىق تاپانچا» دەپ تەرىپلىشىدۇ . بۇ ئوخشىتىش ئۇلارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى چېۋەرلىكى ۋە ماھىرلىقىغا قارىتىلغان . تىل جەھەتتىكى مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىك بۇ رايوندا لەتىپە ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان چاقچاق ۋە يۇمۇرلارنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان .

چاقچاق — كىشىلەرنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرەلەيدىغان ھەجۋىي خاراكتېردىكى گەپ - سۆزلەردۇر . چاقچاقنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ھازىرجاۋابلىق بولۇپ ، كۈلكە ئۇنىڭ يادروسىدۇر . چاقچاقتا ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكتنىڭ نىشانى مەنتىقلىق ھالدا بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ . چۈنكى ، مەنتىقسىز چاقچاقنىڭ ھېچقانداق تەمى بولمايدۇ .

چاقچاقلىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ بىرخىل ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ ، ئولتۇرۇش ، بەزمە ، توي - تۆكۈن ، مەشرەپ ، كۆڭۈل ئېچىش سو-

رۇنلىرى ، سەيلە - ساياھەت پائالىيەتلىرى قاتارلىق ئاممىۋى يىغىلىش-
لارنىڭ ھەممىسى چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇيغۇرلار
ئارىسىدا تەبىئىي پەيدا بولغان چاقچاق ئادىتى بارغانسېرى قېلىپلىش-
لىپ ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگە خاس
بىر ژانىرى بولۇپ قالدى .

چاقچاقتا كۈلكە پەيدا قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولۇپ ،
ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ، تېز جاۋاب بېرىش ئۇسۇ-
لى ، ئوخشىتىش ئۇسۇلى ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى كۆپرەك
قوللىنىلىدۇ .

**ئۆرنەكلەر**

بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا A چاقچاقچى B چاقچاقچىغا : «چاق-
چىقىغا باشقىلار كۈلمىسە غىدىقلاپ كۈلدۈرىدىغان ئەخمەق» دەپ
چاقچاق قىلغانىكەن، B چاقچاقچى دەرھال : «چاقچاقتا يېڭىلىپ قالسا
ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنىنى ئۇرىدىغان ئەخمەق» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن
كۈلكىگە كۈلكە ئۇلىشىپتۇ . «بەدىنى قىچىشسا بۇدۇشقاقنىڭ ئۇستىدە
يۇملايدىغان ئەخمەق» ، «يىڭناغۇچقا مىنىۋېلىپ ، ئايغا چىقىمەن
دەيدىغان ئەخمەق» ، «چېچىنى گەدەنگىچە ئۆستۈرۈۋېلىپ ، ئالىم بول-
دۇم دەيدىغان ئەخمەق» ، «ئىككى پېتەكنى مۇرىسىگە تىكىۋېلىپ ،
گېنېرال بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق» ، «توڭۇپ كەتسە مۇز يالايدىغان
ئەخمەق» ، «مەست چاغدا خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ ، يېشىلگەندە يارىشى-
ۋالىدىغان ئەخمەق» ، «ئالىدىغان قىزى ياراتمىسا ،دادىسىدىن يامانلاي-
دىغان ئەخمەق .»

× × ×

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر دېھقان ئېتىزلىقتا
بېرىپ سۇ تۇتۇپ قايتىپ كېلىۋاتسا ، بىرنەچچە قىزىل قوغدىغۇچى
ئۇنى تۇتۇۋېلىپ : «سەن زاۋخۇاڭپەيمۇ ، باۋخۇاڭپەيمۇ ؟» دەپ سوراپ-

تۇ . دېھقان ئۇلارغا مۇرىسىدىكى كەتمىنىنى كۆرسىتىپ : «مەن» «كەتمەنپەي» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

× × ×

«ئۈستەڭبوي بازىرىنىڭ مانتىسى داڭلىق» دەپ ئاڭلىغان بىر ساياھەتچى بۇ بازاردىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ بەش مانتا بۇيرۇپتۇ . مانتىپەز ئۇستام ھورى چىقىپ تۇرغان قاسقاندىن بەش مانتىنى تەخسىگە ئېلىپ ھېلىقى خېرىدارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . خېرىدار مانتىنى يېمەكچى بولۇپ بىرىنى قولىغا ئالسا ، جىلتىنىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ قالغان بىر تال يىپ تۇرغۇدەك ، خېرىدار دەرھال :

— ئۇستام ، مانتىنىڭ ئىچىدىن ماتا چىقىۋاتىدىغۇ ! — دەپتۇ .

— ھېچ گەپ يوق ئەپەندىم ، بەش موچەنلىك مانتىدىن ماتا چىقماي ، تاۋار چىقامتى ئەمىسە ، — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇستام .

× × ×

بىر خېرىدار ئۆتۈك سېتىۋالماقچى بولۇپ ئاياغ كىيىم دۇكىنىغا كىرىپتۇ .

— ئۇستام ، ماۋۇ ئۆتۈك قانچە پۇل ؟

— باھا قويساق 150 كوي ، ساتىدىغان يېرىمىز نەق 100 كوي .

— 50 يۇەنگە بېرەملا ؟ — دەپتۇ خېرىدار .

— ئۆزلىرىگە بىر پاي ئۆتۈك لازىممىتى ، — دەپ سوراپتۇ سودىگەر .

× × ×

بىر دېھقان يىگىت دوپپا ئالماقچى بولۇپ ئوردا ئالدىغا بېرىپتۇ .

— بۇ دوپپا قانچە پۇل ؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقان يىگىت .

— ئارتۇق - كېمى يوق نەق 30 كوي ، — دەپتۇ دوپپىچى .

— 5 كويغا بېرەملا ، — دەپتۇ خېرىدار .

ئىچىدە خاپا بولغان دوپپىچى چاندۇرماستىن شۇنداق دەپتۇ :

— سىلىگە بۇ دوپپىلار ياراشمىغۇدەك ، ئاۋۇ تاۋۇزلارنى كۆردىلىما ؟ ھەببەلى ، شۇ تاۋۇزدىن بىرنى 2 كويغا ئېلىپ ، ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە قىلسىلىرى ، ئىچىدىكى ئېتى بىلەن قورساقلىرى تويىدۇ ، شاپىقىنى كىيسىلىرى ئىككى دوپپا بولىدۇ .

# V باب ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر

تىل ۋە يېزىق گاھى چاغلاردا شەمشەرنىمۇ باش ئەگدۈرەلەيدۇ ، نۇرغۇن دانىشمەنلەر ھەيۋەتلىك قوشۇنغا ئەمەس ، بەلكى ئاقىلانە تىلغا تايىنىپ غەلىبە قىلغان .

— بالتاسار گىراسئان (ئىسپانىيە)

## 1§ . ماقال - تەمسىل ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ماقال - تەمسىل دېگىنىمىز ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان ، كىشىلەرگە ئۈلگە ، ئىبرەت بولىدىغان شېئىرىي ئاھاڭداشلىق پورمىسىدىكى ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرىدۇر .

ماقال - تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تىلى ئەمەس ، ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان ھېكمەتنامە . ئۇ خەلق تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ، ئاھاڭدارلىقىنى ، مەزمۇندارلىقىنى ۋە دەلمۇدەللىكىنى نامايان قىلىپ ، نۇتۇق سەنئىتىگە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە شانۇشەۋكەت بېغىشلايدۇ . دەرۋەقە ، «ئەر كۆركى - ساقال ، سۆز كۆركى - ماقال» دۇر . ماقال - تەمسىللەر كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ قايمىقى بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، جايىدا ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر خۇددى تاشقا گۈل چەككەندەك ، كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىر قوزغايدۇ .

ماقال - تەمسىللەر بىرىنچىدىن ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ھاياتىدىن كېلىپ چىققان ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ؛ ئىككىنچىدىن ، ناخشا - قوشاق ، ھېكايە - چۆچەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىم شەكىللىرىدىن ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئېغىز ئەدەبىياتىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەدەبىي پارچىلاردىن تەشكىل تاپقان . خەلقىمىز ئەنە شۇ «ماقال ۋە تەمسىل» دەپ ئاتالغان ھېكمەتلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمگەك تەجرىبىسى بىلەن كۈرەش ھەرىكەتلىرىنى ئىپادىلىگەن .

ماقال - تەمسىللەر ، جۈملىدىن ئىدىيوم سۆزلەر ئوخشاشلا فىرازېيولوگىيەلىك (ئۆرپ - ئادەت سۆزلىرى ) سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە .

ماقال خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان ، كىشىلەرگە ئۈلگە ، ئىبرەت بولىدىغان شېئىرىي ئاھاڭداشلىق فورمىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەردۇر . ماقالنىڭ مەزمۇنىدا پىكىرنىڭ تۈگۈنى ، ئومۇمىي يەكۈنى بولىدۇ . مەسىلەن :

△ ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە .

△ بىرلەشكەن ئوزار ، بىرلەشمىگەن توزار .

△ ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك .

△ ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا .

تەمسىل بولسا ھاياتتىكى بىرەر ھادىسىنى ئېنىق ۋە ئورۇنلۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان يەنى تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ، كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ، ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ھالىتىگە تەققاسلايدىغان كۆچمە مەنىدىكى تەسۋىرىي سۆزلەر تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

△ موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە .

△ پايپاقىقا ناھال قاققاندەك .

△ قاغىلار قاق ئېتىدۇ ، ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ .

△ قاغا بالام ئاپپاق بالام ، كىرپە بالام يۇمشاق بالام .

△ چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەر .
△ ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن تۈلكە تۆرگە چىقىۋاپتۇ .
△ مۈشۈكنى هارۋىغا قاتساڭ ، كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ .
△ توخۇ داڭگال چۈشەر ، ئۆچكە جاڭگال .
△ ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق .

## § 2 . ماقال - تەمسىللەرنىڭ شەكلى ۋە پوئېتىك خۇسۇسىيەتلىرى

خەلق ماقال - تەمسىللىرى قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتىكى خىلمۇخىللىقى بىلەنمۇ ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ .

بەزى ماقاللار پەقەت ئۆز مەنىسىدىلا ئىشلىتىلسە ، يەنە بەزى ماقال - تەمسىللەر كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

△ تەن ساقلىق — پادىشاھلىق .
△ ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن ، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن .
△ مال سەمرىسە ياغ بولىدۇ ، يەر سەمرىسە باغ بولىدۇ .
△ پولۇ قورۇشتىن ، شورپا سورۇشتىن .
△ ئىككى ئات تېپىشسە ئارىدا قالغان ئېشەككە زىيان .
△ چۈمۈلە بىرلەشسە شىرنىڭمۇ تېرىسىنى شىلىۋالىدۇ .
△ ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالىدۇ .
△ ھەسىنكام ئاچچىق ، ئامۇتى تاتلىق .
△ قول قولنى يۇسا ، قول كېلىپ يۈزنى يۇيار .
△ ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر .
△ ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ .

يەنە بەزى ماقاللار باركى ، ئۇلار ھەم كۆچمە مەنىسىدە ھەم ئۆز مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

△ ياخشى ئاتقا بىر قامچا ، يامان ئاتقا يۈز قامچا .

△ ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر .
△ پاختا ئىچىگە كىرىۋالغان تىكەن قولغا بەك سانجىلىدۇ .
△ پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولمايدۇ .
ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى ئىچىدە مۇنداق شەكىلدىكى ماقاللار - مۇ باركى ، بەزىلىرىنىڭ مەناسىنى يەككە ھالەتتە ئايرىش مۇمكىن ئەمەس ، پەقەت ئۇ مەلۇم كونكرېت ئوبيېكتقا قارىتىپ ئېيتىلغاندىلا ، ئاندىن ئۇ بەلگىلىك مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەنا كۆپىنچە شۇ ماقال ياكى تەمسىل قارىتىلغان ئوبيېكتقا تامامەن ئەك - سىچە تەئەددى قىلىش ، زەردە قىلىش ، تەنە قىلىش يولى بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ . بۇنداق ماقال - تەمسىللەرنى ھەجۋىي مەنىدە قوللىنى - لىدىغان ئاللىگورىيەلىك ماقال - تەمسىللەر دەپ ئاتاش مۇمكىن :
△ ياز بولسا قىش بولمىسا ، ئاش بولسا ، ئىش بولمىسا .
△ ئېتىنىڭ ھارسا دۆڭگە چاپ .
△ ئۇسسىساڭ تالقان كاپ ئەت .
△ مۇزلىساڭ مۇز يە .
△ ئالسام ، بەرمىسەم .
△ ئۇجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش......
قاتارلىق ماقال - تەمسىللەرنى ئۇدۇل ئىشلەتكەندە ، ئۇنىڭ پىكىر مەنىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ . پەقەت بەلگىلىك ھادىسە ۋە نەرسىلەرگە تەتبىقلانغاندىلا مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەپ ، پەند - نەسىھەت مەزمۇنىغا ئىگە بولىدۇ .
ماقال - تەمسىللەر بەدىئىي تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەر خىل ئىس - تىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە تايىنىدۇ ، بولۇپمۇ ئوخشىتىش ، سىم - ۋول ، سېلىشتۇرۇش ، جانلاندۇرۇش قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلەر - نىڭ ياردىمى بىلەن پىكىر مەزمۇنىغا بەدىئىي كۈچ بېغىشلايدۇ . ئالاي - لۇق :
△ قىشنىڭ گۈلى — ئوت .
△ يالغان گەپنىڭ ئات ئېگىرى توقۇقلۇق .
△ ئىشقى يوق ئېشەك ، دەردى يوق كېسەك .

△ باللىق ئۆي بازار ، باللىسىز ئۆي مازار .
△ قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ......
قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر قويۇق تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن چوڭقۇر مەنتىقلىق مەنىگە ئىگە بولغان .
يەنە بىر تەرەپتىن ماقال - تەمسىللەرنىڭ شەكلىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ، بەزى ماقال - تەمسىللەرنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان بىرنەچچە خىل ۋارىيانتلىرى پەيدا بولغان .
1 . تويغا بارساڭ تويۇپ بار ،
بوز خالتاڭنى قويۇپ بار .
2 . تويغا بارساڭ تويۇپ بار ،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار .
3 . تويغا بارساڭ بۇرۇن بار ،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار .
4 . تويغا بارساڭ تويۇپ بار ،
تاۋار - توقا كىيىپ بار .
يەنە شۇنداق ماقال - تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدۇكى ، دېمەكچى بولغان بىر خىل مەقسەت قارىمۇقارشى مەزمۇندا تۈزۈلگەن بولىدۇ :
1 . ئاشنى باداڭدىن سورا ، ئىشنى كاداڭدىن .
2 . بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر ، بىر كىچىكنىڭ .
3 . قىرىق ھۈنەر ھۈنەر ئەمەس ،
ئەسلىي ھۈنەر — چويلىچىلىق .
4 . ئەركىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەرمۇ ئاز .
ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىدىكى مۇنداق قارىمۇقارشىلىقنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەپ ھەرقانداق ھادىسە ۋە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر مەسىلىنىڭ قايسى تەرىپىگە دۇچ كەلسە شۇ توغرىدا تەجرىبە ھاسىل قىلغان ۋە شۇنىڭغا ماس ماقال-تەمسىللەرنى ئىجاد ئەتكەن .
ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ماقاللارنىڭ بىرسى ئاساسىي بۆلەك

بولۇپ ، ئىككىنچىسى ئاشۇ بۆلەكنى تولۇقلاش ، كۈچەيتىش ، جانلان-دۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئاساسىي بۆلىكىنى ئىشلەتسىمۇ شۇ ماقالىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ . لېكىن بەزى ئەھۋاللاردا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ :

△ بالىلىق ئۆي بازار ،
بالىسىز ئۆي مازار .

△ يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار ،
خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولار .

△ ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت ، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما .

△ ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش ،
ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتىلاپ باش......

قاتارلىق ماقاللارمۇ ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ھەربىر بۆلىكى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە . لېكىن ، ماقال سۈپىتىدە ئىشلەتكەن-دە ، ئۇنىڭ بىر بۆلىكىنى ئىشلىتىپ ، يەنە بىر بۆلىكىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ .

خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ شەكىل قۇرۇلۇشىدىكى يەنە بىر كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ مۇستەھكەم ۋە تۇراقلىق شېئىرىي ئامىللارغا ئىگە بولغانلىقىدۇر ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ما-قال- تەمسىللىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە تۇراق ، ۋەزىن قاپىيە بولىدۇ . ماقاللاردىكى قاپىيە شەكىللىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بو-لۇپ ، ئاياغ قاپىيە ، ئىچ قاپىيە ۋە باش قاپىيە شەكىللىرىدە كېلىدۇ . بۇ خىل قاپىيە شەكىللىرى بەزىدە بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ .

△ يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن ،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن .

△ تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا ،
ئاخىرى تاتلىق بولار .

△ ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە .

△ ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك ،
تىلەپ يېگەن مىننەتلىك .

△ ئورغاق تۆتۈپ ئاتاڭ قالغۇچە
ئويماق تۆتۈپ ئاناڭ قالسۇن .
△ دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ
دوست خاتايىڭنى توغۇرلايدۇ .
△ ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە ،
كېرىلگەنگە كېرىلگىن بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە .

قەشقەر خەلقى تىلغا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ، گەپ-سۆزنى بەكرەك زىغىرلايدىغان ، تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر ، ئىززەت - ئىكراملىق خەلقتۇر . قەشقەرنىڭ بۇنداق تىل پسخىكىسى بۇ رايوندا ماقال - تەمسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فىرازىيولوگىيەلىك سۆزلەرنىڭ كۆپرەك ئىجاد قىلىنىشىغا ۋە كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئاساس بولغان . ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن ۋە ئەڭ كۆپ خاتىرىگە ئېلىنغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ قەشقەر رايونىدىن توپلانغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك . «9- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن بىرى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ «ئۈچ توپلام» خىزمىتىدە قەشقەر رايونىدىن توپلانغان ماقال - تەمسىللەر 12 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ ، پۈتۈن شىنجاڭدىن توپلانغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ تەخمىنەن 55% ىنى تەشكىل قىلغان . بىز تۆۋەندە قەشقەرنىڭ خاسلىقى بىرقەدەر روشەن گەۋدىلەنگەن ماقال - تەمسىللەردىن ئۆرنەك بېرىمىز .

△ ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر .
△ قەشقەرنىڭ قىشى ئاز ، سوغۇقى ئەتىياز .
△ ھەسسىنىكام ئاچچىق ، ئامۇتى تاتلىق .
△ تويغا ناغرا ، شورپىغا زاغرا .
△ سازلىقنىڭ يېكىنى بار ، گۈلنىڭ تىكىنى .
△ سەللە يوغان ئىمان يوق ، داۋزا يوغان بىر نان يوق .
△ قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ .
△ تۆت كەپتەرگە يەتتە كۇۋۇك ، يازدا ياتقان قىشتا رووۇك .
△ ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى ، جېدەلنى باشلىغان لاپچى .

△ دەريانىڭ بېشى بۇلاقتىن ، بىلىمنىڭ بېشى قۇلاقتىن .
△ ياخشى گەپ ئىسسىتقۇ ، يامان گەپ سوۋۇتقۇ .
△ بارلىق ياراشتۇرىدۇ ، يوقلۇق تالاشتۇرىدۇ .
△ ياخشىغا بەرسەڭ نېپى تېگەر ، يامانغا بەرسەڭ گېپى (تېگەر) .
△ سۇ كېتىدۇ ، تاش قالىدۇ ، ئوسما كېتىدۇ ، قاش قالىدۇ .
△ ھوشۇر ئېيىدا قۇيماق يەپ ، سەپەر ئېيىدا كېكىرىپتۇ .
△ تەربىيە كۆرگەن ئىمانلىق بولۇر ، تەربىيە كۆرمىگەن يىلانلىق بولۇر .
△ بىلىم كۈندە لازىم ، چىراغ تۈندە (لازىم) .
△ نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك .
△ بىر سېسىق ئامۇت مىڭ ئامۇتنى سېسىتىپتۇ .
△ ناماز شامدىن قېچىپ تاراۋىغا ئۇچراپتۇ .
△ ئېرىقى قۇرىسا ، بېلىقى ساق قالماس .
△ دەريانى بۆلگەن تارام ، قوشۇننى بۆلگەن قارام .
△ تۈزلەڭلىكتە تاغ بولماس ، ھۇرۇن ئادەمدە باغ (بولماس) .
△ سەن سالۇ ، مەن سالۇ ، ئاتقا ئوتنى كىم سالۇر .
△ سازەندە تىرىڭ - تىرىڭ ، تاماخور — بېرىڭ - بېرىڭ !
△ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپتۇ .
△ ئۈمىد ياشىنىتار ، غەم قاقشىتار .
△ كېپىنەك پەرۋانە بولماس ، سۇخەنچى مەردانە (بولماس) .
△ ئۆزۈڭنى پەس كۆرمە ، ئۆزگىنى خەس (كۆرمە) .
△ سايىنىڭ تۈلكىسىدىن قىزىنىڭ كۈلكىسى يامان .
△ بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس .
△ ئىنەكنى ساغار ئانىكام ، سۈتىنى ئىچەر بالىكام .
△ ئارىچىغا ئالتە تاياق .
△ چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ .
△ ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ ، ئون بەشى قاراڭغۇ .
△ باي بايغا باقار ، سۇ سايغا .
△ ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ ، كەتمەن چاپقان جىگدە .

△ قازى ئاچ قالسا بازار كېزىدۇ ، سوپى ئاچ قالسا مازار (كېزىدۇ ) .
△ سەۋزىدىن خەۋەر يوق ، پولۇ دەم يەپ قاپتۇ .
△ تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاقتا بوينىنى ئۇزاتسۇن .
△ تىرىك بازارغا ئالدىرار ، ئۆلۈك مازارغا (ئالدىرار ) .
△ تاۋۇزنىڭ خېمى ، باققالنىڭ غېمى .
△ پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماپتۇ .
△ ئادەمنىڭ ئالدى گۈل ، كەينى تىكەن .
△ ئەلنىڭ قوينى يايلىقىڭ ، تۇغمەيدىغان بايلىقىڭ .
△ ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تەرمە .
△ شالاڭ ئاش باش كۆرسىتەر ، قويۇق ئاش چەش كۆرسىتەر .
△ قىغسىز يەر ـ پۇلسىز ئەر .
△ ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار ، كۈن قوتانلىسا كۈندە (ياغار ) .
△ هوت ـ كەتمەن سىپىنى تۇت .
△ ياش تۆككۈچە ، مۇشت تۇگ .
△ هەق ئېگىلەر ، سۇنماس .
△ ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا .
△ قاغىلار قاق ئېتىدۇ ، ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ .
△ توخۇ داڭگال چۈشەر ، ئۆچكە جاڭگال (چۈشەر ) .
△ ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قويرۇق .
△ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ .
△ پولۇ قورۇشتىن ، شورپا سورۇشتىن .
△ ئېتى ئۇلۇغ ، سۇپۇرسى قۇرۇق .
△ قورققانغا قوش كۆرۈنەر ، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر .
△ يامانغا ياغ ياراشماس ، ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت .
△ ئىككى ياخشى ئىچىدە قىل ئۈزۈلمەس ،
تۆمۈر زەنجىرنى ئۈزىدۇ ئىككى بىلمەس .
△ تاما ـ تاما كۆل بولۇر ، تاماي قالسا چۆل بولۇر .
△ ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش ، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن

تاتلاپ باش .

△ بىر تال باش ـ بىر قوشۇق ئاش .

△ پىلانسىز ئىش ـ قېلىپسىز خىش .

△ تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېزىز .

△ كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس .

△ ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ، ئۆلۈم ئاشكارا .

△ ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭگە چۈشەر .

△ قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقار .

△ ھەقنىڭ رىزقى نەق .

△ بىگىز قاپتا ياتماس .

△ قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس .

△ ئۈمىچى يوق مازاردىن شەيخمۇ قېچىپتۇ .

△ ئادەمنىڭ ئالدى گۈل ، كەينى تىكەن .

△ قازاننىڭ گۈۋاھچىسى چۆمۈچ .

△ كىشىگە دېسەڭ گەپ بولىدۇ ، ئىچىڭگە سالساڭ دەرد (بولىدۇ ) .

△ شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس .

△ ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي داۋاغا .

△ خېرىدارىڭ بولمىسا زىبالىقىڭ نە كېرەك .

△ ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ ،

△ تۆتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر .

△ يەيدىغان زەھەر بار ، يېمەيدىغان ھەسەل (بار ) .

△ ئاشنى تۆگەتكەن قوشۇق ، پۇلنى تۆگەتكەن ھوشۇق .

△ تىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى قول بىلەن بولماس يېشىپ .

△ ئاقىلغا ئىشارەت ، نادانغا جۇۋالدۇرۇز .

△ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق .

△ يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى .

△ جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق ، ئىناق بولماي سائادەت (يوق ) .

△ ياغ بىلەن گۆش بىر تۇغقان ، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن .

△ ياخشى بىلەن دوست بولساڭ كۈندە بازار .

يامان بىلەن دوست بولساڭ كۆندە ئازار .

△ يەپ تۆر ، بەك تۆر .

△ پالغا ئىشەنمە ، پالسىز يۈرمە .

## «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

△تاغ تاغقا قاۋۇشماس ،
كىشى كىشىگە قاۋۇشار .

[تاغ تاغقا قوۋۇشماس ، كىشى كىشىگە قوۋۇشار .]

△ تىلىن تۆگمىشنى تىشىن يازماس .

[تىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى چىش بىلەن يەشكىلى بولماس .]

△ ئۇلا بولسا يول ئازماس ، بىلىك بولسا سۆز يازماس .

[بەلگە بولسا يولدىن ئازماس ، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس .]

△ قۇت بەلگىسى بىلىك .

[بەخت بەلگىسى بىلىم .]

△ گاۋچى نەچە ئال بىلسە ، ئازىخ ئانچا يىل بىلىر .

[ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە ، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ .]

△ كىڭەشلىگ بىلىك ئۇزرەشۇر ، كېڭەشسىز ئىش ئوپراشۇر .

[كېڭەشلىك ئىش ئۆزلىشەر ، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار .]

△ ئەۋەل سىڭەك سۈتكە تۈشۇر .

[ئالدىراقسان چىۋىن سۈتكە چۈشەر .]

△ ئىككى قوچقار باشى بىر ئەشەچتە پىشماس .

[ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشماس .]

△ تەگمە كىشى ئۆز بولماس ، يات ياغۇق تۈز بولماس .

[ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس ، يات بىلەن تۇغقان تەڭ بولماس .]

△ قارغا قازقا ئۆتكۈنسە پۇتى سىنۇر .

[قاغا غازنى دورىسا پۇتى سۇنار .]

△ كىم كۈر بولسا كۆۋەز بولۇر .
[كىم جەسۇر بولسا ، مەغرۇر بولىدۇ .]
△ قانىغ قان بىلە يۇماس .
[قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس .]
△ ئەردەم باشى تىل .
[ئەدەپ - ئەردەمنىڭ بېشى تىل .]
△ يازماس ئاتىم بولماس ، ياڭىلماس بىلگە بولماس .
[خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولماس ، يېڭىلىشمەيدىغان دانىشمەن بولماس .]
△ كۆل ئۆرگۈنچە كۆز ئۆرسەيگ .
[كۆل پۈۋلىگۈچە ، چوغ پۈۋلىگەن تۈزۈك .]
△ قوش قىلىچ قىنقا سىغماق .
[قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس .]

# VI باب قوشاقلار

## §1 . ئومۇمىي چۈشەنچە

قوشاق ئىنسانىيەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان تىل سەنئىتىنىڭ بىرى . ئۇ خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇ- هەسرەت ۋە شادلىقلىرىنىڭ هەمراهى . ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىلىم قامۇسى ۋە پەلسەپىۋى كىتابى ، ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ هېسسىيات جاهاننامىسى ، ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ۋە ئېستېتىك تە- سەۋۋۇرىنىڭ ئەڭ يارقىن نەمۇنىسى .

ئادەتتە ، قوشاق مۇستەقىل تۆتلۈكلەردىن (تۆت مىسرادىن ) تەشكىل تاپقان ، بىر پۈتۈن ئوي - پىكىرنى قاپىيەلىك ۋە رىتىملىق ئىپادىلەيدىغان ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە ناخشا قىلىپ ئېيت- تىلىدىغان ئاغزاكى شېئىر نەمۇنىلىرى بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەس- لەپ مەهمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قوشۇغ» شەكلىدە ئۇچرايدۇ .

بۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى «تەرتىپلىك يوسۇندا بەلگىلىك قاپىيەلەر بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆزلەر» دېگەنلىكتۇر . قوشاق هەر- قايسى رايون ۋە هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىچىدە چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مەر- كەزلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونى بولۇشتەك ئالاهىدىلىكى بىلەن قەشقەر قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋ- دىسىنى تەشكىل قىلىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ «9- بەش يىللىق پىلانى» ئىچىدىكى نۇقتىلىق تۈر بولغان «ئۈچ توپلام» ( «قوشاقلار توپ-

لىمى » ، «ماقال- تەمسىللەر توپلىمى » ، «ھېكايە- چۆچەكلەر توپلە- مى » ) خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يايغان مەزگىللەردە قەشقەر رايونىدا ناھىيەنى بىرلىك قىلىپ توپلاپ رەتلەنگەن قوشاقلار- نىڭ ئومۇمىي سانى 25 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق بولۇپ ، «ئۆلكە تومى »غا تاللانغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ 25% نى تەشكىل قىلغان .

دەرۋەقە ، قەشقەر قوشاقلىرى قازسا تۈگىمەيدىغان بىر كان ، مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان سېھىرلىك كىتاب . ئۇيغۇرلار بۇ مۇنبەت زېمىنغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ سەنئەتكە ئەڭ ھېرىس- مەن خەلق سۈپىتىدە سەنئەتنى قەدىرلەشتەك بۇ سېھىرلىك ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنى ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچە- لىرىنى ، كېلەچەككە بولغان ئارزۇ - غايىلىرىنى ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇلىرىنى ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئوبرازلىق قوشاق ھالىتىدە ئىزھار قىلدى . مەلۇمكى ، بۇنداق ئالاھىدىلىكنىڭ يېتىلىشىدە چوڭ- قۇر قاتلاملىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بار .

ئادەتتە ، ماكان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، چۆل بىلەن بوستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ھايات يېتىلدۈرگەن چاڭقاق ۋە قۇرغاق ئىستەك قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى دولقۇنسىمان پىسخىكىلىق ھالەتنى ھاسىل قىلغان . ئۇلاردىكى ئاسان غىدىقلىنىدى- غان ۋە تاشمايىللىق سەزگۈ ئۈستىگە قۇرۇلغان پىسخىكىلىق تىندۇرما ئۆزىنى ئەڭ نەپىس تۇيغۇ ئارقىلىق شېئىرىي تىل ئىمكانىيىتىدە ئىپادىلىنىشىنى تەقەززا قىلغان . قىسقىسى ، «بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن قەشقەر بوستانلىقىنى قاماپ تۇرغان سۇسىز چۆللۈكلەرنىڭ ئالۋۇندەك يالىلدىشىدىن شەكىللەنگەن تىنىمسىز قىسمەتلىك ھايات ئۇلارنى شېئىرىي تۇيغۇغا باي ، ھېسسى- ياتچان ، تىل ماھىرلىقى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چاڭقاق روھىي دۇنيا- سىغا تەسەللى ئىپىشقا ئۆگەتكەن . »

زامان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، قەشقەر قەدىمىي ماكان بولۇش

سۈپىتى بىلەن پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. قەشقەر خەلقى تارىختا نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. 15-ئەسىردە يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن قەشقەر رايونى «يىپەك يولى مەدەنىيىتى»نىڭ تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا - مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە سەركەردىلىك رول ئوينىغان. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان قەشقەر كارۋانلىرى يىپەك يولىنى بويلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى تامانلىرى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەدەنىيەت ئېنېرتىيەسىنى تولۇقلىغان، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قاتلىمىنى قاناتلاندۇرۇپ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان بىرخىل جۇشقۇن روھ يېتىلدۈرگەن. شۇڭا، ئىلاھىيەتچىلىك، روھانىيەتچىلىك، سوپىزم ھامىيلىرى ئۆز لاگېرىنى قۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن دەھشەتلىك نىزا - ئۇرۇشلار، خانىۋەيرانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن، روھانىيەت بىلەن سەنئەت كەسكىن توقۇنۇشقان جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدىمۇ قەشقەر خەلقى سەنئەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاھالەتكە قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى ناخشا - قوشاقلىرى ئارقىلىق ئەۋجىگە چىقارغان. ئۇلار سەنئەتكە شۇنچىلىك ھېرىسمەنكى، پۈتكۈل ماددىي جەمئىيەتتىن ۋاز كېچىپ، شېئىرىي ئاشىقلىقنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن.

قەشقەر قوشاقلىرى شۇ رايوندا ياشىغۇچى ئەمگەكچىلەر ھاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە، تېما، مەزمۇن جەھەتتىن كەڭلىككە ۋە كۆپ قاتلاملىققا، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ۋە رەڭدارلىققا، بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئوبرازچانلىققا، ھېسسىيلىققا ۋە مۇزىكىدارلىققا ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەت خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولسىمۇ، قەشقەر قوشاقلىرى تۆۋەندىكى ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن باشقا رايونلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

1. قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىچكى رىتىمدارلىقى ناھايىتى جانلىق ۋە كۈچلۈك بولۇپ، روشەن ئاھاڭدارلىققا ئىگە. تۇراق، رىتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيەلىرى ئىنتايىن روشەن تۈزۈلگەن بۇ قوشاقلار

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەدىئىي پاساھىتىنى نامايان قىلغان بولۇپ ، كىشىگە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ ، شۇڭا جەزبىدارلىقى ۋە جەلپكار- لىقى ئىگە بولغان قەشقەر قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇ .

2 . قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ئادەتتە بىر كۇپلېت قوشاق- نىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا تەبىئەت مەنزىرىسى سۈرەتلىنىپ ، كېيىنكى ئىككى مىسراسىدا تەبىئەت سۈرىتى بىلەن ئىچكى مەنتىقلىق باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . مەسىلەن :

ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ ،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ .
مەن يارغا نېمە قىلغان ،
يار مەندىن يامانلاپتۇ .

شامال چىقسا لىڭشىپتۇ ،
سەمەن يولىدا تېرەك .
ئانچە - مۇنچە كەپ تۇرسىلا ،
چىدىمايدىكەن يۈرەك .

ئېگەرنى توقۇپ قويدۇم ،
قاشقىسى بار تورۇققا .
كىمنىڭ رەھمى كېلەركىن ،
بىزدەك باغرى سۇنۇققا .

3 . قەشقەر خەلق قوشاقلىرى مەجازىي ۋاسىتىلەرگە تويۇنغان بولۇپ ، كۆپ خىل تەسۋىرىي ۋاسىتىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان . بۇ بەدىئىي ۋاسىتىلەر ناھايىتى تەبىئىي ھالدا

قەشقەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ ماسلىشىپ ، خۇد-
دى ئېستېرېئولۇق سۈرەتتەك قەشقەرنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى نامايان قىلغان . مەسىلەن :

قولۇڭدىكى كەتمەنمۇ ،
ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ .
ناخشا ئېيتىپ ھارمايسەن ،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ .

راۋاب چالىمەن ئۆزۈم ،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم .
ئۆز يۇرتتا مۇساپىرمەن ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم .

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك ،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگۈلەي .
تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىكتەك ،
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگۈلەي .

4 . قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى قەشقەرگە خاس كونكرېت كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ ، ئۆزىنىڭ قەشقەرگە تەۋە قوشاقلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەلىللەپ بېرىدۇ . مەسىلەن :

بىر ياغلىق ئانار ئالدىم ،
ھېيتگاھتىكى مەمەتتىن .
بۇ كۆيەك كىمدىن قالغان ،
سېنىڭ بىلەن مەندەكتىن ،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن .

ئاتۇشنىڭ بازارىدا ،
بەشكېرەمنىڭ يېمىشى .
يۈرىكىدە ئۆتى يوقنىڭ ،
مەشرەپ بىلەن نېمىشى .

نەگە بارىسەن قاغا ،
ئەركەشتامدىكى يارغا .
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ ،
يۈرەكىم قانمىدى يارغا .

خوشاۋاتنى چۆل دەيدۇ ،
چۆل ئەمەستۇر ، ئاۋاتتۇر .
قوغۇننى قەن دەيدۇ ،
قەن ئەمەستۇر ، ناۋاتتۇر .

كوزىچى يار بېشىدىن ،
ھېجىر تاۋاق ئالىمەن .
شۇ تاۋاقتا سۇ ئىچسەم ،
يار ۋەسلىگە قانىمەن .

سېنى قەشقەردە دەپ ئاڭلاپ ،
بېلىمنى سەيلىدە باغلاپ .
سېنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ ،
باياۋان چۆللىدە يىغلاپ .

چاپىنىڭىزنىڭ ياقىسىنى ،
مەنناپ ئۇستام ئويغانمۇ ؟
ئېتىڭىز چىرايلىقكەن ،
ئەپەندى مەخسۇم قويغانمۇ ؟

ئاۋاتى يەي ، ئاۋاتى ،
بەشكېرەمنىڭ ناۋاتى .
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن ،
لەۋەن يارنىڭ پەريادى .

چالدى سازنى مۇڭلۇق ،
نەغمىكەش بىلەن باخشى .
ھەممە سورۇن ئىچىدە ،
دولان مەشرىپى ياخشى .

ۋىچىر - ۋىچىر قۇشقاچلار ،
كىرىۋالدى كامارغا .
خۇشتار ئىكەن قەشقەرلىك ،
ھېيتگاھتىكى ساماغا .

ئىشىك ئالدىغا چىقسام ،
پۇرايدۇ بەشكېرەم باغى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
كۆيۈك ئوتىنىڭ داغى .

بەشكېرەمدە باغ تولا ،
ئەتراپىدا تاغ تولا .
سەن يارىمنىڭ دەردىدە ،
يۈرىكىمدە داغ تولا .

بىز قەشقەردىن چىققاندا ،
ئالتىنچى ئاي روزىدى .
باشقا ئەلېم كەلگەندە ،
ئاتا - ئانام بولسىدى .

سىنىڭمەنۇ ، سىنىڭمەن ،
سىنىڭ بولماي كىمنىڭمەن .
ئەزىزانە قەشقەردىن ،
سىتىۋالغان قۇلۇڭمەن .

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن ،
كەمچەت بىلەن يازلايسەن .
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم ،
يۈز مىڭ تۈرلۈك نازلايسەن .

سۇزۇك سۇنى لاي قىلغان ،
ئوغۇساقنىڭ توپاسى .
چوكانلارنى ئۇز قىلغان ،
بىزنىڭ باغنىڭ ئوسماسى .

5 . قەشقەر تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى بولۇش سۇپىتى بىلەن لۇغەت فوندى ئىنتايىن باي ھەمدە يەرلىك پۇرىقىمۇ كۈچلۈك . قەشقەر قوشاقلىرى ئەنە شۇ قەشقەر تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى تولۇق نامايان قىلغان بولۇپ ، تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەزى قوشاقلارنىڭ قەشقەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ . تۆۋەندە مىسال قىلىنغان قوشاقلارنىڭ ئىچىدىكى ئاستىغا سىزىلغان سۆز - ئاتالغۇلار ئاساسەن قەشقەر دىيالېكتىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر جۈملىسىدىندۇر .

دۇتارىمنى ساز قىلغان ،
تارا بىلەن بۇلبۇلەك .
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن ،
يېنىمدىكى دۇمبۇلەك .

تۇخۇم ئالساڭ چېكىپ ئال ،
تاشلىۋەتكىن پاخشىنى .
بەختلىك ياشاي دېسەڭ ،
تاللاپ سۆيگىن ياخشىنى .

چىراغ بارمۇ ياققۇدەك ،
ئۇچكە بارمۇ چاققۇدەك .
بۇ مەلىدە بىر قىز بار ،
ئالداپ ئېلىپ قاچقۇدەك .

ياغ بولمىسا جىنچىراغ ،
ئوت ياققانغا كۆيمەيدۇ .
مەيلى بولمىسا يارنىڭ ،
يېلىنغانغا سۆيمەيدۇ .

هويلاڭدىكى تېرەكنىڭ ،
تۇۋىدە كاساڭ بولۇر .
ئىككى يار تۇتقان كىشىنىڭ ،
كاللىسى ساساڭ بولۇر .

باغقا كىردىم شوراڭدىن ،
بىر تال ئۈزدۈم غوراڭدىن .
تاكتاكچى يامان ئىكەن ،
ئايرىۋەتتى جورامدىن .

ئىشىك ئالدى جۇسەيلىك ،
سەيلىمەكمۇ سەيلەكلىك .
سەن قارىمساڭ يارىم ،
يېنىمدا بىرسى پەيلەكلىك .

هامىتەكتىن سورىماي ،
باغقا كىردىم شورىدىن .
يوبدان ئەتكەن خانقىزنىڭ ،
سۆيۈۋالدىم لېۋىدىن .

6 . قەشقەر قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە تۈزۈلۈشى كۆپرەك AABA شەكلىدە بولۇپ ، مۇزىكىدارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك . مەسىلەن .

يار بولسا تۈزۈك بولسا ،
قولىدا ئۈزۈك بولسا .
لەۋلىرى قىزىل ئالما ،
چىرايى سۈزۈك بولسا .

يارىمنىڭ ئۆيى قاشتا ،
بەلگىسى قارا تاشتا .
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا ،
نېمىشقا ئوينىغان باشتا .

قاشىنىڭ قارىسى سەندە ،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە .
چىللىغاندا كەلمىگەن ،
يۈزى قارا شەرمەندە .

ئىشىك ئالدى باراڭ يارىم ،
باراڭلىقتىن ماراڭ يارىم .
كۆيگىنىمنى بىلمەيسىز ،
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم .

7 . قەشقەر قوشاقلىرى ئىچىدە مەزمۇن تۈرى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېماتىكىلىق مەزمۇنىدىكى تۈرلەرنىڭ ھەممىسى بولۇشتىن تاشقىرى ، باشقا رايونلارنىڭ قوشاقلىرىدا ئۇچرىمايدىغان ياكى ئاز ئۇچرايدىغان مەزمۇن تۈرىدىكى قوشاقلارمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مەسىلەن ، يولچىلىق (سەپەر ) قوشاقلىرى ، يۇمۇرلۇق ھەجۋىي قوشاقلار ، كۈلدۈرگە قوشاقلىرى ، سالام خەت قوشاقلىرى (ئىرسالنامىلەر ) ، ئۆرپ - ئادەت ۋە ھۈنەر - سەنئەت قوشاقلىرى ، ھەر خىل مەزمۇندىكى سۆزچىلىق تەرمە قوشاقلار (سۆز ئويۇنلىرى )...... قاتارلىقلار .

بۇ خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار قەشقەر تۇرمۇشىنىڭ كۆپ قاتلام-لىقى ۋە كۆپ خىللىقىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ ، ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوشاقلارنىڭ بىلىش قىممىتى ، تەربىيەۋى قىممىتى يۇقىرى . مەسىلەن :

## ھىجران قوشىقى

قوي قوزىسىدىن ، چىغرىق پوزىسىدىن ،
لەخمەن كويزىسىدىن ، گاڭپەن سوزىسىدىن .
ئوچاق مورىسىدىن ، سۇ كوزىسىدىن ،
توي ناغرىسىدىن ، دېھقان زاغرىسىدىن .
تۆگە بوتىلىقىدىن ، چارۋا ئوتلىقىدىن ،
سامان ئارىسىدىن ، دۇتار تارىسىدىن .
يۇرت قازىسىدىن ، ئەجداد ۋارىسىدىن ،
چىنار شېخىدىن ، چىراغ يېغىدىن .
باغۋەن بېغىدىن ، غىلاپ تىغىدىن ،
پەرھاد شېرىندىن ، لەيلى مەجنۇندىن .
تاھىر زۆھرەدىن ، ۋامۇق ئۇزرادىن ،
كاككۇك زەينەپتىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ .
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ ،

كۆرۈشەيلى يېرىم دىدار خەت بىلەن .
ئۆلۈپ كەتمەي پىغان ھەمدە دەرد بىلەن ،
ھەسرىتىمنى ئۇشبۇ خەتتىن بىلىۋال ،
ئەسسالام دەپ سالام بەردىم ، ئىلىك ئال .

## يالغۇز قالغان دادىنىڭ يىراقتىكى ئوغۇللىرىغا يازغان سالام خېتى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھېممەت ، ھېكىم باللىرىم ،
ئاندىن قالسا ئانىڭىز ، ئىمىقىزخان خانلىرىم .
بىزنى سورىساڭ ھەر ھالدا يامان ئەمەس ھالىمىز ،
ھەر كۈنلۈكى سېغىنىپ ، يولغا قاراپ قالىمىز .
چوڭ ئېرىقتىن سۇ باشلاپ ئوتياش تەردىم ھويلىغا ،
سوزۇپ لەڭمەن ئېتەلمەي ھاجەت بولدۇق چويلىغا .
چامغۇرنى قېزىپ كۆكلەپ كۆمۈۋالدىم ئورىغا ،
تېزەك تېرىپ قۇرۇتۇپ ، قويۇۋالدىم مورىغا .
نان ياپقىلى ئوچاق يوق ، ئوچاق سالدىم شور بىلەن ،
ئەتراپىنى سۇۋاشقا لاينى ئەتتىم سۇ بىلەن .
بويتاق ئۆتۈش تەس ئىكەن ئۆيدە خوتۇن بولمىسا ،
ئاش - تاماقتا قىينالدىم ، قۇرۇق ئوتۇن بولمىسا .
جۇۋان - چوكان كۆپ ئىكەن ، ئالايمۇ دەپ ئويلىدىم ،
چوڭ بوپقالدى باللىرىم ، سەت تۇرار دەپ ئويلىدىم .
تىڭشاپ تۇرسام رادىيودىن كەلدى غەزەل قازاقچە ،
ئۇكاڭلارغا ئەۋەتىڭلار بېشىغا بىر قۇلاقچە .
ئىشتىن كېلىپ ئاخشامدا كۆڭلەك - ئىشتان يامىدىم ،
ئاچ قالسامۇ مىدىرلاپ زادى ئىشتىن قالمىدىم .
يالغان سۆزلەپ دېھنباۋدا ئاپىرىۋالدىڭ ئاناڭنى ،
نېمە بولسا بولسۇن دەپ ، يالغۇز قويدۇڭ داداڭنى .
ئاناڭنى دەپ داداڭنى تاشلىۋەتسەڭ مەيلىمۇ ؟

قېرىغاندا قىينىلىپ نېمە بولسام مەيلىمۇ؟
كۆك كەپتەرنى ئۇچۇرسام كېلىپ قوندى پەغەزگە،
ئىچىمدىكىنى گەپ تولا، ئازراق يازاي قەغەزگە.
تېز ئەۋەتكىن ئاناڭنى، قالغان ئىشنى بىلىۋال،
مۇشۇ سالام خېتىمنى خاتىرەڭگە ئېلىۋال.

## قاپىيە ئويۇنى

چېرىككە ياراق لازىم،
ئامبالغا راۋاق لازىم.
ياغچىغا قاداق لازىم،
ھۇرۇنغا تاياق لازىم.
ئىتلارغا يالاق لازىم،
تاماققا تاۋاق لازىم.
گۈللەرگە ماياق لازىم،
ئوقياغا ساداق لازىم.
بىلىمسىزگە ساۋاق لازىم،
مېھمانغا ياتاق لازىم.
ئاتلارغا پاتاق لازىم،
قويلارغا شاپاق لازىم.
ئۇزۇمگە ساپاق لازىم،
تۇزلۇققا قاپاق لازىم.
يامانغا ھاپپاق لازىم،
تاملارغا سۇۋاق لازىم.
بېشىڭغا تۇماق لازىم،
ئوغرىغا چوماق لازىم.
دېھقانغا ئورغاق لازىم،
قازانغا تۇۋاق لازىم.
ياتقانغا قوپماق لازىم،
ئۇرۇقنى چاچماق لازىم.

ٴۇيۇنغا چاقچاق لازىم ،
سەتەڭگە پاخماق لازىم .
دەرياغا ٴاقماق لازىم ،
جۇۋىچىغا ٴۇيماق لازىم .
نەزىرگە قۇيماق لازىم ،
قىرغىزغا شىرداق لازىم .
قىزچاققا مونچاق لازىم ،
كەپتەرگە قىسماق لازىم .
ٴاشپەزگە قىڭراق لازىم ،
توپلەيگە پايپاق لازىم .
چىلىلاققا باغاق لازىم ،
چاقىرسا بارماق لازىم .
قوشۇنغا بايراق لازىم ،
چاغانغا دۇمباق لازىم .
تۆگىگە قامغاق لازىم ،
بېلىققا قاماق لازىم .
ياخشىغا ٴاتاق لازىم ،
بانكىغا ساناق لازىم .
قامچىغا تاسماق لازىم .
دارغا سىرتماق لازىم ،
بالىنى ٴۇقۇتماق لازىم .
ٴەسكىدىن قاچماق لازىم ،
ٴارتۇق ٴاشنى ساتماق لازىم .
تۇگمەندە ٴۇن تارتماق لازىم ،
تۇندە چىراغ ياقماق لازىم .
ھەقىقەتكە باقماق لازىم .

مەسچىتكە ئىمام لازىم ،
مەشرەپكە مۇقام لازىم .
ناۋايغا چوقام لازىم ،
ئېشەككە توقام لازىم .

تۆرگە غوجام لازىم ،
ئامبارغا توغام لازىم .
بېخىلغا زالىم لازىم ،
يۇرتقا ئالىم لازىم .
ئاتقا يۇگەن لازىم ،
سەپەرگە كۆرگەن لازىم .
شەھەرگە بازار لازىم .
ئۆلۈككە مازار لازىم ،
مانتىغا قاسقان لازىم .
مېھمانغا داستىخان لازىم ،
ئوچاققا ئوتۇن لازىم .
ئەركەككە خوتۇن لازىم ،
قويغا قوتان لازىم .
كەپتەرگە پوكان لازىم ،
قارلىغاچقا كوۋۇك لازىم .
ناخشىچىغا زوۋۇك لازىم .
سەيگە سامساق لازىم .
قاتلىمىغا قايماق لازىم .
خۇمدانغا توپا لازىم .
خېنىمغا ئۇپا لازىم ،
پېشايۋانغا سۇپا لازىم .

## سەپەر قوشىقى

قەشقەر دېگەن قەدىم شەھەر باغۇ ھەرەمدۇر ،
سۇيى ئەلۋەك ، مېۋە مول بېھىشكېرەمدۇر .
قەشقەر دېگەن ئۆزى پەستە ،
ئوتتۇرىسى رەستە - رەستە .
قەشقەردىمۇ بار مۇشتى يوغانلار ،
شۇڭا ئۆز يۇرتىغا سىغمىدى نى - نى ئوغۇللار .

باي - غوجاملار چىقىدۇ ئىلىغا سەيلە - ھەۋەستە ،
يېتىمچىلار پاناھ ئىزدەپ چىقار بەس - بەستە .
قەشقەردىن چىقسالڭ يېڭىشەھەر ،
لويىلىرى دارىنلارغا ئېڭىشەر .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ياندۇما ،
خۇدا ساقلا ! ئاتا - ئانامدىن تاندۇرما .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىزىللىق ،
خۇرجۇن - خالتاڭ مۇرىلىرىڭگە ئېسقلىق .
ئۆيدىن ئايرىلىپ باستى سېنى خىجىللىق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شاپتۇللۇق ،
خۇرجۇنۇڭدىكى زاغراڭنى غاجاپ ماڭىسەن ئۇدۇللۇق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پەيزاۋات ،
پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنلىرى قەن - ناۋات ،
پۇلى بارلار قوغۇن يەيدۇ ، پۇلى يوقلار پەندىيات .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ داش ،
داشقا بېرىپ «بۇ چۆلدىن قانداق چىقارمىز» دەپ قاتتى باش .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ جاڭزا ،
جاڭزىغا بېرىپ قونار يېرىڭ ئەسكى پاڭزا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ غولتوغراق ،
بۇ يەرگە چىقىپ غەم يېدىڭ يۇرتۇڭدىكىدىنمۇ ئارتۇقراق .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۆردەكلىك ،
يۇرتتىن ئايرىلغان بەكمۇ گۆدەكلىك .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا قىلچىڭ ،
سانىماي سەككىز دېمەڭ ئىلىخودىمۇ پۇل چىڭ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ مارالبېشى ،
ھەر كىشى ئۆز جېنى بىلەن
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى ،

ئىسىت ئانامنىڭ ئېتىپ بەرگەن ئۆگرە ئېشى .
ئالدىرىماڭ ، بۇ تېخى دەردنىڭ بېشى .
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ تۇمشۇق ،
مۇساپىرلارنىڭ ئالدىنى توسقان ئالتە چېرىك - ئۇششۇق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چارباغ ،
تەرىڭنى سۇرتۇشكە ئەسقاتتى بېلىڭدىكى بەلباغ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۆي قوتان ،
ئەجەبمۇ كۆپ ئىكەن بۇ يەردە ئوتان .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوقۇ مازىرى ،
بېشىڭدا قاينايدۇ قىيامەتنىڭ بازىرى .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تەڭتوغراق ،
ئىلىغا بېرىپ قىلغان پۇشايماندىن
مەشەدىن قايتقىنىڭ ياخشىراق .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كەلپىننىڭ ئاچىلى ،
بۇ يەر بەك چۆل ئىكەن ، دەرھال قاچىلى .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يانقۇدۇق ،
بۇ يەرگە كەچ كېلىپ
ھەممە ئىشىككە بىر قېتىمدىن دوقۇردۇق ،
سەپەردىكى مۇساپىرلارنى بىز خۇداغا تاپشۇردۇق .
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ يايدا ،
كېچىسى مېڭىۋال بۇ يولنى ، ئۆزۈڭگە پايدا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىلان ،
نەلەردە قالدى ئۆيدە توقۇغان پىلان .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شوتا قۇدۇق ،
ئالدىمىزنى توسقان ئىككى ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ راسا ئۇردۇق .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خاڭگۇڭ ،
خاڭگۇڭلۇق كۆرۈپ دېدى بىزنى : قەشقەرلىك گاڭگۇڭ .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ سايئېرىق ،
ئۇزۇن يولنى پىيادە مېڭىپ تاپالىرىمىز تامامى يېرىق .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئايكۆل ،
ھەر مەھەللىدە بار ئىكەن بىردىن چوڭ كۆل .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاسوق دەريا ،
ئون ئالتە پۇلنى بەرسەڭ ،
كېمە بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلار تەييا (ر ) .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاقسۇ ،
پۇلۇڭ بولمىسا تېپىلمايدىكەن بىر چىنە قايناق سۇ .
بۇرۇن چىققانلار كېيىن چىققانلارنى باقسۇن .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يېتىمسەن جامغا ،
جامغا بېرىپ زار بولدۇق بىر چىشلەپ نانغا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا يۇلغۇن ،
خېيىم - خەتەر ئالدىڭدا تېخى نۇرغۇن .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تۇڭگان مازا ،
ساڭمۇ كەپتىغۇ مۇشۇ چۆلدە قازا .
ئۆلۈكۈڭ چۆلدە قاپتۇ ، كىم تۇتقاندۇ ھازا ،
بىزگىمۇ كېلىپ قالارمۇ مۇشۇ چۆلدە قازا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چۇشۇرگە ،
خوتۇن ، باللىچاقىلىرىم كىرىپ قاپتۇ چۇشۇمگە .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تالا شۇ ،
قانداق قىلىسەن بېشىڭغا كەلگەن بالا شۇ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يېڭىئاۋات ،
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنگە سۇيى ئىكەن قەن - ناۋات .
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىزىلبۇلاق ،
يول ئازابىدا ئانا سۈتى بولدى بۇرنىمىزدىن بۇلاق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قوغان ،
قوغاننىڭ لويىسى سەكسەن پۇلنى بەر دەپ

ئالدىمىزنى تورىغان .

بۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىيىنلىق ،
يېتىمچى باللار قولىغا ئالدى بىردىن تىيىنلىق (هاسا) .

بۇ يەردىن ئۆتسەڭ تامغۇ تاش ،
مۇز داۋاننى كۆرۇپ قاتتى باش .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ مۇزات دەپ داۋان بار ،
ئۆتەلەمدۇق - ئۆتەلمەمدۇق دەپ كۆڭلىمىزدە گۇمان بار .
قەدەم قويدۇق مۇزاتقا تاڭدا ،
سىيرىلىپ ئۆلگەن ئات - ئۇلاغ كۆرۇنۇپ تۇرىدۇ هاڭدا .

داۋاندىن چۇشسەك شىپالىق ،
كۆتۇرۇلدى كۆڭۇلدىكى دىشۋارلىق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئايغىر ئالدى ،
ئات - ئېشەك هاڭدا قالدى ،
خۇرجۇن - قاچاڭنى ئوغرى ئالدى .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ توغرا سۇ ،
كىمنىڭ چاپىنى كونا بولسا ئوغرى شۇ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پالاس قارىغاي ،
يالغۇز يولۇچى بارمىكەن دەپ ئوغرى مارىغاي .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن شوتىغا ،
ئىتتىك ماڭمىساڭ شوتىنىڭ لويىسىدىن يەيسەن تاياق يوتىغا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تىكەس ،
هەممە يېرىدە ئېگىز ئۆسكەن ئوت - خەس .
تىكەس دېگەن بىر تۇز ،
يۇرتۇڭ يىراقتا قالدى ئۇمىدىڭنى ئۇز .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئىلى دەريا ،

تۆت تەڭگە بەرسەڭ ئۆتكۈزىدىغان سالچىلار تەييا (ر) .
دەريادىن ئۆتسەڭ پايتىما زەڭگە ،
بىر چىلىمىغا ئۆلىشىپتۇ بەش - ئالتە بەڭگە .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كۇرە ،
ئىلىغا كەلدۇق دەپ بەزىسى يىغلاپ ، بەزىلىرى كۈلە (ر) .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۆرۈكلۈك ،
نېنى تۈگەپ خورجۇن ئاغزى بۇرۇكلۈك .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن كانغا ،
خورجۇن - خالتاڭ يېڭى بولسا تېگىشىپ يەيسەن نانغا .
بولمىسا ئەزرائىل تىكىلىدىكەن شېرىن جانغا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىغلاڭ ،
چىغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ يىغلاڭ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تاشلەپكە ،
قورساق ئاچ بولسىمۇ ، جان هايان قالدى
بازارغا بېرىپ نان تېپىپ كە (ل) .
ياكى گېلىمىزغا نان بېرىپ ئىشقا سالىدىغان ئادەم بولسا
باشلاپ كە (ل) .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خەنزۇ بازىرى ،
كۆرۈۋال يېتىمچى باللار ،
مۇشۇ ئىلىخونىڭ ئاۋات بازىرى ،
تېنەپ يۈرگەن مۇساپىرلىغا
ھەممىسىنىڭ چۈشىدىكەن نەزىرى .
ئىلگىرى - كېيىن چىققانلىرىمىز بۇ بازارغا يىغىلدۇق ،
بېشىمىزدىن ئۆتكەننى دېيىشىپ گاهى كۈلدۇق ، گاهى
يىغلىدۇق .

شۇ ئەسنادا بىر تارانچى كېلىپ :
«ھەي ئالتە شەلىك بۇياققا ئۆت ،
نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت .
چىقىپ ئىشلىسەڭ بولمامدۇ خاڭدا ،

ئۈمىدىڭ بارمۇ - يوقمۇ جاندا؟
يېتىۋېرەمسەن ئىشلىمەي جاقاڭدا.»
دېدى - يۇ كەتتى،
بۇ گېپى جېنىمىزدىن ئۆتتى.
خۇرجۇننى ئالدۇق،
ئۆشنىمىزگە سالدۇق،
چىقتۇق خاڭغا،
خاڭدىكىلەرمۇ زار ئىكەن بىر بۇردا نانغا.
مىڭ رەھمەت، ھەشقالللا
«چىقماڭ بالام ئىلىغا» دەپ توسقان ئاتام بىلەن ئانامغا،
خاڭدا ئىشلەيمىز دەپ چۇشۇپتۇق، بىر چوڭقۇر ھاڭغا.
ساق چىقساق يۇرتقا كېتىۋالارمىز
قازا قىلساق سالام دەڭلا، يۇرتتا قالغان بالا چاقامغا.

8. قەشقەر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان قوشاقلارمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق تارىخىي قوشاقلار تارىخنىڭ ھەمراھى ۋە ئەينىكى سۈپىتىدە رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

## ما تىتەي ھەققىدىكى قوشاقلار

ما تىتەي تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
يوقسۇلنى تولا ئېزىپ،
سوخۇدا ئۆلۈپ ياتقان.

سوخۇ يولى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.

ئىككى - ئۈچ يىل شە سوراپ ،
ما تىتەيدەك بولغان يوق .

سوخۇ يولى يامان يول ،
شورى بار ، توپاسى يوق .
ما تىتەينىڭ پۈقراغا ،
زۇلمى بار ، ۋاپاسى يوق .

ما تىتەينىڭ پوچتىسىنىڭ ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن .
ما تىتەينىڭ ۋاقتىدا ،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن .

ما تىتەي ئاتمىش ياشتا ،
كۆۋرۈك سالدى توققۇز تاشقا .
ما تىتەينىڭ ئالۋىنى ،
بالا بولدى جىمى باشقا .

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم ،
باغلىغىلى تانام يوق .
ما تىتەينىڭ دەستىدە ،
كەمبەغەلگە ئارام يوق .

ما تىتەي چېرىك ئالسا ،
پۇلغا زورلىغان بايلار .
ئىلىغا قېچىپ بېرىپ ،
كۆمۈر كولىغان باللا .

ئوق سېلىپمۇ ئاتقان تاز ،
ئوق سالمايمۇ ئاتقان تاز .

قارا لاينى موم قىلىپ ،
خەقنى ئالداپ ساتقان تاز .

ما تىتەينىڭ بايلىقى ،
خەزىنىدە تولۇپ تاشقان .
ئۆزىنى يوغان چاغلاپ ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان .

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق ،
كۆۋرۈك بىلەن يول ئالدۇق .
ما تىتەينىڭ ئەسكىرىنى ،
سېپىل تۈۋىگە قاق سالدۇق .

## مەرسىيە قوشقى

تاغۇ تاشلار تەۋرىنىپ ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ ؟
تۇمەن سۈيى قان بولۇپ ،
بۈگۈن تەتۈر ئاققانمۇ ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى ،
چاڭ - تۇمانلار باسقانمۇ ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى ،
قايغۇ - ماتەم باسقانمۇ ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز ،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز .
داموللامغا دۈيۈزلەر ،
قەست قىلالماس دەپتىمىز .

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا ،
سايرار ئىدىڭ ھەر چاغدا .
دۈشمەن سەندىن ئايرىدى ،
قالدۇق بىز ئەلەم ـ داغدا .

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق ،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ .
خەلقىمىزگە يول باشلاپ ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ .

ئۆلتۈرگۈزدى دۈشمەنلەر ،
كۆرەلمىگەن رەقىبلەر .
ساڭا تۆكۈپ كۆز يېشى ،
يىغلاپ قالدۇق دەردمەنلەر .

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە ،
ھۆرلەر بولسۇن خىزمەتتە .
ئۇنتۇمايمىز داموللام ،
سىلىنى ئەبەدىلئەبەدكە .

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى شەكلىدە مەۋجۇت بولغان ۋەزىن ۋە قاپىيە ئالاھىدىلىكلىرى مۇندىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى يارىتىلغان قەدىمكى خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدۇ . ئۇيغۇر شېئىرىي شەكلىنىڭ مۇنداق ئورتاق ئالامەتلىرىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز . ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە تۆت بوغۇملۇق ۋەزىندىن تارتىپ 16 بوغۇملۇق ۋەزىنگىچە بولغانلىرىنى ،

شۇنداقلا ھەر خىل قاپىيە شەكىللىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ :

## ئۆرنەكلەر

قەشقەرنىڭ بازارىدىن ،
قىزىل ئالما ئەپ بېرەي .
ئىچىمدىكى دەردىمنى ،
سەن يارىمغا دەپ بېرەي .

بىر ياغلىق ئانار ئالدىم ،
ھېيتگاھتىكى مەمەتتىن .
بۇ كۆيەك مىراس قالغان ،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن .
(سىنىڭ بىلەن مەندەكتىن )

جاھانغا پاتمىغان سەركە ،
قازانغا قانداق پاتقانسەن .
قازانغا پاتساڭ پاتقانسەن ،
تۇۋاقنى قانداق ياپقانسەن .

ئانا دېسەم
ئاقتى يېشىم ،
دادا دېسەم
قايدى بېشىم .

بايلار يامان ،
خۇددى چايان .
ئوڭدا يېتىپ
تاپتى ھايان .

يارىم كېلىپتۇ ،
ماڭا ئىرادە .
سالغان ئوتلىرى
ئاندىن زىيادە .

ئۆرگۈلەي پەلەك ،
چۆرگۈلەي پەلەك .
گەپ قىلما ئاداش ،
خىيالىم بۆلەك .

جادۇ ئۇنىڭ كۆزى ،
مۇساپىردۇر ئۆزى .
تولۇن ئايدەك يۈزى ،
ياردى يۈرەكىمنى .

مەن ئېتىمنى چاپمايمەن ،
ئۆستەڭ بويى لۆم - لۆمگە .
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ ،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە .

رەڭگىمىز چىغدىن سېرىق ،
ئۆتتى كۈنلەر غەم بىلەن .
ئوق تېگىپ ياتقان كېيىكتەك ،
تولدى كۆزلەر نەم بىلەن .

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە ،
ئۆركەشلەيدۇ قاش ئۈستىدە .
سەن يارىمنى ئويلا - ئويلا ،
يىغلىۋەتتىم ئاش ئۈستىدە .

قىزىلگۈلدەك سايىنىڭ بۈلاقى ،
زەپ دىشۋاركەن يولىنىڭ يىراقى .

يارنىڭ ئىشقىدا مەستانە بولدۇم ،
خەقتىن يوشۇرسام ئاشكارا بولدۇم .
ئاشكارا قىلغان سېنىڭ ئىشقىڭدۇر ،
مەستانە قىلغان سېنىڭ سۆزۈڭدۇر .

مېڭىپ - مېڭىپ يېتەلمىدىم تارىمغا ،
قانداق چىداي قىزىلگۈلدەك يارىمغا .
كېچىلەردە ئۇيقۇ كەلمەس كۆزۈمگە ،
قىزىلگۈلۈم سىز يەتكەندە يادىمغا .

كەتكەن ئىكەن ئاتام مېنى ساڭا تاشلاپ ،
جېنىم ئانا كەتتىڭ مېنى كىمگە تاشلاپ ؟
بۇ دۇنيادا ئۆتەرمەنمۇ غېرىب بولۇپ ،
يېتىملىكتە كۆڭلۈم كۈلمەي ، يىغلاپ - قاقشاپ .

ئارپا - بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ ،
ئۇرۇق - تۇغقان ، قېرىنداشتىن ئۆلۈم ئايرىيدۇ .

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ شىرغا يول بەرمەس ،
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس .

ھىجران دەستىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈم قاراقى ،
كەتمەس دەردلىك بېشىمدىن شەمسى جانان پىراقى .
ئارامى جان بولارمۇ ئاشىققا يول يىراقى ،
قەمەر شاھتۇر نادامەت ، نالە - ئەپغان ئىچىدە .

بۇلبۇلى بىچارىسەن ، گۇل ئىشقىدا پەريادى قىل ،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئۆيقۇنى بىدارى قىل ،
تىنمايىن شامۇ سەھەرلەر يىغلاپ تۇرۇپ پەريادى قىل ،
يار ئۇچۇن سالدىم ئىمارەت ئىشقى يول ئابادى قىل ،
جانىم مۇللام بىر زامان شۇ يارنى ئازادە قىل .

باھار بولدى گۇل ئېچىلدى ، مېنىڭ گۇلۇم ئېچىلماسمۇ ؟
خۇش پۇراقلار خوپ چېچىلدى ، ماڭا قەترە چېچىلماسمۇ ؟

سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك يۇزۇڭگە نۇر ياراشىپتۇ ،
سېنىڭ ئوتى ـ پىراقىڭدا يۇرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ .
شۇ ئوتلارنى ئۆزەڭ سالدىڭ ، خەۋەردار بولمىدىڭ يارىم ،
شۇ ئوتلاردا كۆيۈپ ئۆلسەم شېھىت بولسۇن مېنىڭ جانىم .

ئۆگزەڭدە كەپتەر ،
تاماكا سەپ بەر .
تاماكاڭنى چەكمەيمەن ،
جورامنى تەپ بەر .

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ ،
قاشىمغا چۈشتى .
تۇمەن سەۋدا ، بالالار ،
باشىمغا چۈشتى .

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل ،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس .
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس .

ئاھ ئۇرارمەن ، ئاھ ئۇرارمەن ، ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى ،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ ، بىلىقلىرىم يۇتقاي سىنى .

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم ،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم .
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم .

سۇغا سالسام ، سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى ،
ئالتۇن بىرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى .

تاغۇ - تاغلاردىن ئېگىز ئاغىي بۇلاقنىڭ تاغلىرى ،
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ ، ئاستىدا گۇلباغلىرى .

راۋاب چالىمەن ئۆزۈم ،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم .
ئۆز يۇرتتا مۇساپىرمەن ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم .

ئاتىم بولسا ھىلىلادىن ،
جابدۇقلىرى تىللادىن .
خۇدايىمدىن تىلەيمەن ،
مەڭزى قىزىل قىزلاردىن .

× × ×

مىنىۋېلىپ ئالتە ئايلىق مۇشۇكنى ،
ئوۋغا چىقتىم كىيىۋېلىپ كۆشۈكنى .
ئۇنىڭەن چىغ تۇۋىدىن ،
تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى .

كەسمىگەن چوماق بىلەن ئۇرۇۋىدىم ،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى .
كۆتۈرۈپ ئېلىپ سويۇۋىدىم ،
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى ،
يەتتە پاتمان چاۋىسى ،
ئالتە ئاي ياز يەپ كېتەلمەي ،
ھېلىمۇ بار تەڭ ياتىسى .
قولۇم - قوشنىلار بىلەن يەپ ،
يەنە قالدى بىر پارىسى .
مەن تارت ،
سەن تارت ،
ئاغا - ئىنى ئۈچەيلەن ،
تەڭ تارت .

ئېرىقتىكى سۇلارغا ،
مىراب دېگەن باش ئىكەن .
ئادالەتنى بىلمەيدۇ ،
كۆڭلى قارا تاش ئىكەن .

قارا چاچنى تالقىتاي ،
سايە بولسۇن يولۇڭغا .
جېنىمنى قېتىپ بېرەي ،
كەتمەي تۇتقان قولۇڭغا .
كېلەرىڭنى مەن بىلسەم ،
چىقار ئىدىم يولۇڭغا .

چىراغنى چىراغ دەڭلار ،
كۆيگەننى پىراق دەڭلار .
ۋاپا قىلمىغان يارنى ،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلار .

يارىم كەتتى يىراققا ،
قارىسام كۆزۈم يەتمەس .
مېنى قويدى پىراققا ،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس .

قىزىل ئالما قىزارغاندەك ،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم .
ناۋات بىلەن سۇغارغاندەك ،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم .

غېرىبتۇر مېنىڭ باشىم ،
كۆزۈمدىن ئاقار ياشىم .
يوقتۇر مېنىڭ يولداشىم ،
يېقىن قوۋم - قېرىنداشىم .

ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ،
ئانىسىدىن يېتىم قالغان .
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان .
ھېمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ ؟

قارا دەيدۇ ، قارا دەيدۇ ، قارا مەندە يوق ،
قارىمۇقنىڭ قاسىرقىدەك گۇناھ مەندە يوق .

بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدا قاپىيەلىك سۆزلەردىن قۇرۇلغان نەسرىي قوشاقلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز ، بۇ خىل قوشاقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نەسرىي شېئىرلارنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسىدۇر . مىسال ئۇچۇن سالام خەت شەكلىدە يېزىلغان تۆۋەن-

ـدىكى نەسرىي قوشاقنى كۆرەيلى :

ئەنى جانابىي ئىززەتلىك ، ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىك ، مېھىر ـ شەپقەتلىك ، قەدىر ـ قىممەتلىك ، ئاپتاپ تەلەتلىك ، مۇشتەرى سائا ـ دەتلىك ، ئاشنا قىيامەتلىك ، ئەدلى ـ ئادالەتلىك ، سەرۋى قامەتلىك ، كۆرۈشكىلى ئارزۇ بولغان ، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بولغان ، قىزىلگۈل ـ دىن بۇي ئالغان ، كاككۇكتىن خۇي ئالغان ، كۆڭلۈمنىڭ پىكرى ، دىلىمنىڭ زىكرى ، چىشلىرى ئۈنچە ، لەۋلىرى غۇنچە ، قاشلىرى قىياق ، كۆزلىرى بۇلاق ، ئارامى باغىمنىڭ گۈلى ، چىمەنلەرنىڭ بۇلبۇلى ، دەردىمنىڭ داۋاسى ، رەنجىمنىڭ شىپاسى ، گۈزەللەرنىڭ رەناسى ، ئاقىللارنىڭ داناسى ، كۆڭۈل رىشتى باغلانغان ، ھىجران ئوتىدا داغلانغان ، كۆرۈشكە ئىشتىياق بولغان ، ئارىلىقىمىز يىراق بولغان ، كېچە ـ كۈندۈز تەلەپكار ، ئۈشپۇ دەردكە سەۋەبكار ، ئاشىقىم ۋاپادارغا ، مەشۇق بىۋاپادىن سالام .

# VII داستان (ئېپوس)

## §1 . داستان ئۇقۇمى ۋە تەرىپى

ئۇيغۇر تىلىدىكى «داستان» كەلىمىسى ئەسلىدە ئىران مۇزىكا سەنئىتىدە قوللىنىلغان مەخسۇس نام بولۇپ، «مۇزىكىنىڭ پەدە ئورنى»، تېمپېراتسىيە (تاۋۇشتىن كۆي تۈزۈش ئۇسۇلى، لاد تىزمىلىرىنى كومپوزىتسىيەلەش تېپى)، مېلودىيە (كۆي، ئاھاڭ، نەغمە، مۇقام، ناۋا) قاتارلىق مەنىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئىران مۇزىكا مەدەنىيىتى ئىچىدىكى يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا شەكىللىرى، يەنى مۇقامنىڭ ئومۇمىي نامى «دەستىگاھ» دەپ ئاتالغان. مۇقام مەنىسىگە تەڭ بولغان بۇ ئاتالغۇ يۇقىرىقى مەنىدە تۈپ سۆز «داستان»نى ئېتىنىك مەنبە قىلغان. مۇشۇ مەنە قاتلىمى بويىچە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئىچىدىكى ھەربىر مۇقام «چوڭ نەغمە» (مۇقام بېشى)، «داستان» ۋە «مەشرەپ» دەپ ئاتالغان ئۈچ چوڭ مۇزىكا بۆلىكىدىن تەركىب تاپقان.

كېيىن ئومۇمەن مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە پارس خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنىڭ خاس نامىغا ئايلاندى.

ئىران تىلىدىكى «داستان» ئىبارىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى «ھېكايە، ۋەقە، رىۋايەت، سەرگۈزەشت، بايان، قىسسە، شان - شۆھرەت، شەجەرە، ماختاش، تەرىپلەش» دېمەكتۇر.

ئەمما، ئەدەبىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە بۇ نام خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى (كېيىنرەك يازما ئەدەبىيات)دىكى يىرىك ھەجىملىك، مۇرەككەپ

سۇژىتلىق قەھرىمانلىق شەجەرىسى كۆلىمىدىكى ئېپىك شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى گىرېك تىلىدا «ئېپوس»، «ئېپو-فىيە» دەپ ئاتالغان. رۇس تىلىدا «پوئېما» دېيىلىپ، ئاساسەن يازما ئەدەبىياتتىكى يىرىك سۇژىتلىق لىرو - ئېپىك شېئىرلارغا قارىتىلغان. «پوئېما» ئاتالغۇسى بىلەن بىللە يەنە شېئىرىيەتتە «باللادا» ۋە «سېكىل» قاتارلىق مۇشۇ تىپقا تەئەللۇق ناملارمۇ ژانىر سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «ئېپوس»، «داستان»، «پوئېما» دېگەن بۇ ئۈچ ئاتالغۇ پاراللېل ھالدا قوللىنىلغان بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا «ئېپوس» ياكى «داستان» ئاتالغۇسى، يازما ئەدەبىياتتا بولسا «داستان» ياكى «پوئېما» ئاتالغۇسى ئىشلىتىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردا بولسا يازما داستانلارنىڭ ھەجىمگە ئاساسلىنىپ «شېئىرىي رومان»، «شېئىرىي ترىلوگىيە»، «شېئىرى قىسسە» قاتارلىق ژانىر ناملىرىمۇ پەيدا بولدى. لېكىن، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ژانىرنىڭ نامى ھەجىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئەمەس، بەلكى مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىچىلىككە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى ژانىر ناملىرىنى ئىلمىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئادەتتە، خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن داستانلار بىلەن يازما ئەدەبىياتتىكى داستانلار ئۇقۇم مەنىسى ۋە ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، مەزمۇن ماھىيىتى، سۇژىت لىنىيەسى، ئاساسلىنىدىغان ئوبيېكتى ۋە تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. خەلق داستانلىرى كۆپرەك ئەنئەنىۋى سۇژىت لىنىيەسى ئاساسىدا بىرەر تارىخىي رىۋايەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزىنى فانتازىيەلىك شەكىللەر بىلەن شېئىرىي ئوبرازلاشتۇرغان يۇكسەك دەرىجىدىكى تىپىكلەشكەن بىرخىل مۇرەككەپ مۇزىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ داستان بولۇشى ئۈچۈن ئەدەبىي تېكىست، مۇزىكا ۋە كۆپ خىل ماھارەتلىك كۈيلىگۈچى (ۋائىز - مەدداھ، داستانچى، ئۆلەنچى، جىرچى - ئىرچى) دىن ئىبا-

رەت ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك .

بۇنىڭدىن خەلق داستانلىرىنىڭ ئەسلىدە مۇزىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە ژانىر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ . لېكىن ، كېيىنكى دەۋرلەردە بەزى خەلق داستانلىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى تەدرىجىي ئاجىزلاشقان .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «داستان» ، «ئېپوس» بىلەن بىرلىكتە يەنە «قىسسە» (شانۇشەۋكەت ، تەرىپلەش) ئاتالغۇسىمۇ ئىشلىتىلىدۇ . «داستان» ۋە «قىسسە» ئاتالغۇلىرى پارس ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تىل - ئەدەبىياتىغا 9 — 10- ئەسىرلەردە سىڭىپ كىرگەنلىكى مەلۇم . چۈنكى ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ناملار ئۇچرىمايدۇ .

«قىسسە» بىلەن «داستان» شەكىل جەھەتتىن مەلۇم پەرقكە ئىگە . «قىسسە» دېگىنىمىز ، مەنە جەھەتتىن پوئېتىك داستانلارنىڭ ھېكايىلەشتۈرۈلگەن بايان شەكلى بولۇپ ، ئۇلار مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن پاراللېل مەنىگە ئىگە .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قىسسە»نىڭ ئىستېمال مەنىسى كۆپرەك ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىكى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى ۋە دىنىي توقۇنۇش سۇژىتلىرىدىن تۈزۈلگەن جەڭنامە داستانلىرى ، جۈملىدىن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھېكايىلەشتۈرۈلگەن (بايانلاشتۇرۇلغان) كۆرۈنۈشى بولۇپ ، ئۇيغۇر ۋائىزلىق ئەدەبىياتى كۆپرەك «قىسسە» شەكلىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان . ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە تەرجىمانلىرى ئەينى زامانلاردا شەرقنىڭ كىلاسسىك داستانلىرىنى ئىجادىي ھالدا «قىسسە»گە ئايلاندۇرغان . مەسىلەن ، 18- ، 19- ئەسىرلەردە ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە»سى ، ھىندى ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر داستان «كەلىلە ۋە دېمنە» قاتارلىق يىرىك داستانلار «قىسسە»گە ئايلاندۇرۇلغان . 10- ئەسىردىن ئىلگىرى «داستان» كەلىمىسى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا

نىمە دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق يازما مەنبە يوق . ئەمما ، تەكشۈ-رۈش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى ، ھازىرقى چۇۋاش ۋە ياقۇتلارنىڭ تىلىدا «ئولونگە» دەيدىغان قەدىمكى تۈركىي تىلغا مەنسۇپ بىر ئاتالغۇ بولۇپ ، بۇ سۆز «داستان» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىدە-گە تەڭ . شۇڭا ، چۇۋاش ۋە ياقۇتلار ئۆزلىرىنىڭ داستانلىرىنى «ئو-لونگە» دەپ ئاتايدۇ .

بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ، جۈملىدىن ھازىرقى قازاق ، قىرغىز ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا «ئۆلەن»گە ئۆزگەرگەن .

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە «ساۋ» (sav) ، «قوشۇق» ، «يىر - جىر» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى «ئۆتمۈشتىن قالغان ھېكايىلەر» ، «مۇزىكىلىق شېئىر - قوشاقلار» دەپ ئىزاھلايدۇ . ھازىرمۇ بۇ ئاتالغۇلار ئەينەن ياكى قىسمەن تارايغان مەنىدە ئىستېمال قىلىنماقتا . قەدىمكى تۈركىي تىلدا يەنە «ئېرتەگ» دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ ، داستان تۈركۈمىدىكى ھېكايە - قىسسىلەر شۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم . (بۇ نام ھازىر قازاق ، قىرغىز تىللىرىدا ئىشلە-تىلىدۇ ) . يەنە قىرغىز تىلىدا ساقلانغان «جومۇق» ، «جومۇقچى» سۆزلىرىمۇ «داستان» ۋە «داستانچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . دېمەك ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن تۈركىي تىلدا «داستان» ئاتالغۇسىغا ماس كېلىدىغان يۇقىرىقىدەك ھەر خىل ناملار بولسىمۇ ، لېكىن تۇراقلاش-مىغان .

## 2 § . داستانلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (فولكلور ) گۈل تاجى ۋە ئۆلمەس پىرامىداسى بولۇپ ، تېماتىكىلىق مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە .

1 . داستانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي كۈرەشلىرى ، ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ، ئەخ-لاقى ، ئېستېتىك قاراشلىرى ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ، ئازادلىق ۋە

باراۋەرلىك ، قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت ھەققىدىكى ئىدېئاللىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان . خەلقىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى رېئال قاراشلىرى ۋە غايىۋى ئىنتىلىشلىرى داستانلارنىڭ تېماتىكىلىق مەزمۇنى ، ئوبرازلار سىستېمىسى ، سۇژىتى ۋە كومپوزىتسىيەلىك ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ .

2 . خەلق داستانلىرى خەلقنىڭ قەھرىمانلىق غايىسى ھەققىدىكى يىرىك ئېپىك ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى تارىخىي ۋەقەلىك خەلق فانتازىيەسى ئاساسىدىكى ئومۇملاشقان ۋە تىپىكلەشكەن بەدىئىي ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ . ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى ـ ئېپىك ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت . ئېپىك ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان ۋەقە ـ ھادىسىلەر مەزمۇن تەرەپتىن قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇلار بەلگىلىك تارىخىي شەخسكە ، يەنى خەلقنىڭ غايىسىدىكى باھادىرلار ئەتراپىغا بىرلەشتۇرۇلىدۇ . پەۋقۇلئاددە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان بۇنداق ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئوبرازىغا پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ، ئىمكانىيەت ۋە ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەشكەن .

3 . فانتازىيە ـ داستانلارنىڭ بەدىئىي فۇنكسىيەسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل . مەيلى قايسى تۈردىكى داستان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭدا ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرلىرى ئاساسىدىكى فانتازىيە سىڭگەن بولىدۇ . بۇنداق فانتازىيە خەلق داستانلىرىنى يۈكسەك غايىۋىلىككە ئىگە قىلىپ ، بەدىئىي ئېستېتىك ئۇنۇم يارىتىدۇ .

فانتازىيەنىڭ لۇغەت مەنىسى ـ ئىنساننىڭ بىرەر نەرسىنى ئويلاپ چىقىرىش ، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ، ئىجادىي تەسەۋۋۇر ، پەرەز ، ئەمەلگە ئېشىش قىيىن بولغان ياكى مۇمكىن بولمىغان خىيالىي ئارزۇ . فانتاستىكا ـ خىيالدا ، تەسەۋۋۇردا تۇغۇلغان ئاجايىپ غەيرىي تەبىئىي ھادىسە ، ئوبراز قاتارلىقلار ھەمدە شۇنداق خىيالىي ھادىسە ۋە ئوبرازلار تەسۋىرى .

4 . داستانلار ئىنسانلارنىڭ بەدئىي تەپەككۇر تارىخىدىكى مىفو-
لوگىيە دەۋرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن بو-
لۇپ ، ئۇنىڭ گېنى ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە تۇتىشىدۇ .

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تارىخى بىرقانچە دەۋرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

بىرىنچى باسقۇچ : تېخى لوگىكىلىق تەپەككۇر چەمبىرىگە كىر-
مىگەن ئوبيېكتلاشتۇرۇش دەۋرى . بۇ دەۋر ئىنسانلارنىڭ بالىلىق (گۆدەكلىك ) باسقۇچى بولۇپ ، بۇ باسقۇچتا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا ، ئۇ ئەترا-
پىنى ئوراپ تۇرغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى كونكرېت ھالدا ئاڭسىز بەدئىيلەشتۇرۇش بىلەن چەكلەنگەن . بۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ ئاددىي ھالدىكى ئۆزلۈك (شەخس ) فانتازىيەسى بولسىمۇ ، لېكىن سىستېمى-
لىق ھالدىكى ماددىغا چوقۇنۇش ھەرىكىتى ۋە تەبىئەت سىرلىرىنى ئوبرازلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق پەرھىزلىرى تېخى بارلىققا كەلمىگەن .
ئەركىن پىكىر بىلەن سۇغىرىلغان بۇ گۆدەكلىك دەۋر ئەدەبىياتى كوللېكتىپ ئاڭ ۋە كوللېكتىپ ئىرادە بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى قوغداشنى نىشانلىغان مەنتىقىسىز تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ كونكرېتلاشقان بەدئىي خاتىرىسىدۇر .
سەنئەت تارىخىدا بۇ باسقۇچ «يەككە ئەپسانىلەر دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

ئىككىنچى باسقۇچ : مىفولوگىيە دەۋرى

«مىف » گىرېكچە سۆز بولۇپ ، ئىلاھلار ۋە پالۋانلار ھەققىدىكى توقۇلما ، ئەپسانە - رىۋايەت دېمەكتۇر .

ماركسنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ، ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا بەدئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا ئو-
مۇمىي ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيىتى ، شۇڭا ھەرقانداق ئەپسانە تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ ، بويسۇندۇر-
دۇ ، تەبىئەت كۈچلىرىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ .

دېمەك ، «ئەپسانە خەلق فانتازىيەسى ئارقىلىق بىر خىل ئاڭسىز

بەدىئىي شەكىل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت-نىڭ ئۆزىدۇر» .

ماۋدۇننىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئەپسانە تارىختىن ئىلگىرى-كى خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەر بولۇپ، ئۇنى بايان قىلغۇچىلار ئىنسان ئىقتىدارىدىن ئېشىپ چۈشكەن خىيالىي تەسەۋۋۇرلار ئارقى-لىق تەبىئەت دۇنياسىنى ئىلاھلاشتۇرغان توقۇلمىلاردىن ئىبارەت. ئۇ لوگىكىلىق تەسەۋۋۇر چەمبىرى ئىچىدىكى كوللېكتىپ ئاڭنىڭ ئىنكا-سى بولۇپ، ئانىمىزم دەۋرىنىڭ تۈپ قاراشلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. ئانىمىستىك ۋە توتېمىستىك قاراشلار نېگىزىدە بارلىققا كەلگەن مۇنداق ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى غەيرىي - تەبى-ئىي ھالدا سەنئەت تارىخىدا مىفولوگىيە دەۋرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەپسانە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ زور ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بىر خىل ئاڭ كاتېگورىيەسى بولۇش سۈپىتىدە، ئىنسانىنىڭ ئالەم ۋە ئۆزىگە قارىتا بىرخىل بالىلارچە چۈشەندۈرۈش سىستېمىسى، ئىپتى-دائىي ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان بىر مەشغۇلات سىستېمىسى، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم - پەن سىستېمى-سى ۋە ئالەم ۋە ئادەمنىڭ سىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىملىق ئويلىنىش سىستېمىسىدۇر. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تارىخ-تىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى «ئەپسانىلەر دەۋرى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: ئېپىكا، يەنى ئېپوسلار دەۋرى بولۇپ، بۇ تارىختا «قەھرىمانلىق دەۋر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بېلىنسكى ئېيتقاندەك، «ئېپوس قەدىمكى تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى» بولۇپ، پاتىرىئارخال ئۇ-رۇقچىلىق دەۋرى (ئاتىلىق ئورۇقداشلىق جەمئىيىتى) ئېپوسلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. ئېپوسلار دەۋرىگە كەلگەندە جەمئى-يەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سەنئەتنىڭ ۋەقەلىكىنى ئاڭلىق رەۋىشتە بەدىئىي ئۆزلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى كۈچىيىپ باردى. ئىنسانىيەت-نىڭ ئەنە شۇ ئاڭلىق سەنئەت پائالىيەت باسقۇچىدىلا رېئاللىققا يانداش-قان بىرقەدەر مۇكەممەل، يىرىك ھەجىملىك قىسسە ۋە ئېپوسلار

ئىجاد قىلىنىشقا باشلىدى .

بولۇپمۇ خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆزگىچە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدە ياۋايىلىقنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن مەدەنىيلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغان دەۋرلەردە ئىجاد ئېتىلگەن بىرخىل ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇ تېماتىكىلىق مەزمۇن جەھەتتىن پاتىرىئارخال ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە كۆچمەنلىك ھايات بىلەن مەھكەم باغلانغان . بۇنداق ئېپوسلار خۇددى شۇ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ، پاتىرىئارخال ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە تۈرلۈك ئۇرۇق- قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار داۋام قىلىۋاتقان ۋە ئۇلار مۇئەييەن تېررىتورىيەلەرگە مۇقىم جايلىشىۋاتقان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان دەۋرلەردە يارىتىلغان . جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئاشۇ ئوبيېكتىپ ئېپىك باسقۇچىدا بىر قاتار ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى ، ئىپتىدائىي دۆلەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن باسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان مەردانە كۈرەشلىرى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئۈچۈن باي سۇژېت مەنبەسى بولدى . شۇنداق قىلىپ ئېپوسلار «قەھرىمانلىق دەۋر» دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئېپىك باسقۇچتىكى جەڭگى - جېدەللەر ، كۈرەشلەرنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى .

دېمەك ، ئېپوسلار بىلەن ئەپسانىلەر ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك . خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك : «يۇناننىڭ ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ (جۈملىدىن يۇنان ئېپوسلىرىنىڭ) قورال ئامبىرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ تۇپرىقى» دۇر .

دەرۋەقە ، مىف (ئەپسانە) بىلەن ئېپوس ئوخشىمىغان ئىككى خىل ژانىرغا مەنسۇپ . ئەپسانىلەرنىڭ تېماتىكىلىق قۇرۇلمىسى رېئاللىقتىن تاشقىرى خىيالىي فانتازىيە ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇش سىرلىرىنى ئىزاھلاش نىشانلىنىدۇ . ئېپوسلاردا بولسا غايىۋىلاشقان ۋە مۇبالىغىلەشكەن رېئ-

ئاللىق ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ھەققىدىكى ئىدېئاللىرى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئەكس ئېتىلىدۇ . ئېپوسنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى دۇنيا قاراش ئاساسىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ ئەما شائىرى ھومېر تۈزگەن «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» ھەمدە ھېسىود تۈزگەن «ئىلاھلار شەجەرىسى» قاتارلىق ئېپوسلار تولۇق ئىسپاتلايدۇ .

5 . ئېپوسلار بىلەن ئۇنىڭ ئىجادچىسى بولغان خەلقنىڭ تارىخى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت مەۋجۇت . ھەرقانداق ئېپوس ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ تارىخىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ ، شۇڭا ئېپوسلار «ئاغزاكى تارىخ» دەپمۇ قارىلىدۇ . گوركىنىڭ «خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن پىكرىدىمۇ ئېپوسلارنىڭ تارىخقا يېقىنلىق خاراكتېرى نەزەردە تۇتۇلغان .

6 . داستانلار رايون ۋە مىللەت كۆلىمىدىكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلمەس پىرامىدا ھېسابلىنىدۇ ، شۇنداقلا مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، دۇنيادىكى يىرىك مەدەنىيەت سىستېمىلىرى داستانلارنى بەلگە قىلىدۇ . ئالايلۇق ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىسىر مەدەنىيەت تىپى مىسىرنىڭ ئىپتىدائىي كۆپ خۇدالىق دىنىدىكى ئىلاھلارنىڭ شەجەرىسىدىن تۈزۈلگەن «ئۆلۈكلەر مەكتۇپى» (مېيىتنامە) بىلەن «ۋىستكار فافىروسى»دىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك داستان بىلەن خاراكتېرلەنگەن ، ئىككىنچى مەدەنىيەت تىپى — بابىلون - سومىر مەدەنىيىتى مەشھۇر «گىلگامىش» داستانىنى خاراكتېرلىك بەلگە قىلغان .

ئۈچىنچى مەدەنىيەت تىپى — قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1194- يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1184- يىلىغىچە يۈز بەرگەن «تىرويا ئۇرۇشى» تەسۋىرلەنگەن «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن .

قەدىمكى ھىندى مەدەنىيەت تىپى بولسا 100 قەسىدە (200 مىڭ

مىسرا ) دىن تۈزۈلگەن «ماخاپخاراتا» (ئۇلۇغ بخاپخاراتا ئۇرۇقى ) بىلەن 28 مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن «رامايانا» (رامانىڭ ساياھىتى ) ناملىق داستانلار بىلەن خاراكتېرلەنگەن .

. پارس مەدەنىيەت تىپى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىردە 12 مىڭ كالا تېرىسىگە ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈلگەن «ئاۋېستا» ۋە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قەلىمىگە مەنسۇپ «شاھنامە» داستانلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن .

قەدىمكى ئالتاي مەدەنىيەت تىپى «ئوغۇزنامە» ، «ئالىپ ئەرتۇڭا» ، «ئالپامىش» ، «ماناس» ، «جاڭغىر» ، «گۆر ئوغلى» قاتارلىق داستان تۈركۈملىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ۋە باشقىلار .

7 . داستانلارنىڭ بەدىئىي يۆنىلىشى ۋە كومپوزىتسىيەلىك تۈزۈلۈشى مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ئىگە بولىدۇ . بۇ ھال داستانلارنىڭ روشەن مىللىي خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كومپوزىتسىيەلىك تۈزۈلۈشى شەرق داستانچىلىق ئەنئەنىسىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەزمىي ۋە نەسرىي شەكىللەرنى ئاساس قىلغان . ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىئىي يۆنىلىشى جەھەتتىمۇ نىسپىي مۇقىملىق مەۋجۇت . ئۇسلۇب جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن .

8 . خەلق داستانلىرىنىڭ ئوبرازلىرى ھەم خاسلىققا ، ھەم ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان كونكرېت ئادەم بىلەن ئىلاھىي روھنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت . بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ، خەلق داستانلىرىدا دىننىڭ تەسىرى قويۇقراق بولىدۇ . شۇڭا ، بۇنىڭغا تارىخىي نۇقتىدىن قاراش كېرەك .

9 . خەلق داستانلىرىدا سىمۋول ، مۇبالىغە ، ئوخشىتىش قاتارلىق بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر كەڭ قوللىنىدۇ .

10 . خەلق داستانلىرىنىڭ تىلى ئاممىباپلىققا ، جانلىقلىققا ، ئوبرازچانلىققا ۋە مۇزىكىدارلىققا ئىگە ، بولۇپمۇ تىل جەھەتتە ئۆزى تەۋە

بولغان مىللەتنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا بارلىققا كەلگەن ماقال - تەمسىل خاراكتېرىدىكى ھېكمەت دۇردانىلىرى داستانلاردىن كەڭ ئورۇن ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرغان . داستانلار يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداش-لىق بېرىپ ، ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان .

## 3 § . قەشقەر خەلق داستانلىرى

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەشقەر — ئۇيغۇر ئەل ئىچى ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى . شۇڭا ، بۇ رايوندا داستانچىلىقنى ئا-ساس قىلغان مەدداھلىق ئەدەبىياتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان . ھازىر-غىچە توپلاپ رەتلەنگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى 109 دىن ئاشىدۇ . بۇ داستانلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى قەشقەر رايونىغا كەڭ تارقالغان ۋە قەشقەر رايونىدا ئۆتكەن ئەدىبلەر ، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە كاتىپلار تەرىپىدىن ئىجادىي ھالدا خاتىرىگە ئېلىنىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەل-گەن . بۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرى خەلقئارا سۇژىتقا ئىگە بولۇپ كۆپلە-گەن مىللەت - ئۇلۇسلارغا ئورتاق ؛ بەزىلىرى تېخى مىللەت شەكىللە-نىشتىن بۇرۇنقى ئۇرۇق - قەبىلىچىلىك دەۋرىگە تەۋە ؛ بەزىلىرى (يېقىنقى دەۋردە پەيدا بولغان تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى داس-تانلار ) بىرقەدەر ئېنىق ھالدا ماكان ۋە زامان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . شۇڭا ، بىر پۈتۈن مىللەتكە ئورتاق بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى رايونلار بويىچە ئايرىش (قىسمەن يەرلىك داستانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) مۇمكىن ئەمەس ، ئەمما تارقىلىش دائىرىسى ۋە ئومۇملىشىش دەرىجىسىگە قاراپ داستانلارنىڭ رايون تەۋەلىكىنى قى-ياس قىلىشقا بولىدۇ . مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا قەشقەر رايونى-دىكى داستان ۋە قىسسىلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئىسخېملاش مۇمكىن :

| نومۇرى | ئىسمى | تارقىلىش شەكلى | تارقالغان ئورۇن | باش تېمىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئوغۇزنامە | يازما | تۈركىي تىللىق قوۋملار | قەھرىمانلىق |
| 2 | ئالىپ ئەرتۇڭا | يازما | تۈركىي تىللىق قوۋملار | قەھرىمانلىق |
| 3 | شۇ خاقان | يازما | تۈركىي تىللىق قوۋملار | قەبىلە ئۇرۇشلىرى |
| 4 | بىكەچ ئارسلان تېكىن | يازما | تۈركىي تىللىق قوۋملار | جەڭنامە |
| 5 | بۇغراخان | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى | دىنىي قىسسە |
| 6 | ئەبۇمۇسلىم | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن | دىنىي قىسسە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| باتۇرلۇق قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، خوتەن | يازما ۋە ئاغزاكى | جەمشىدنامە | 7 |
| باتۇرلۇق قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | ھاتەمنامە | 8 |
| باتۇرلۇق قىسسىسى | قەشقەر شەھەر ، كوناشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | رۇستەم پالۋان | 9 |
| قەھرىمانلىق قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | قەھرىمانى قاتىل | 10 |
| جەڭنامە | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | ئىسكەندەرنامە | 11 |
| تەرجىمەئى قىسسە | يەكەن ، قەشقەر شەھىرى ، قاغىلىق | يازما | باھار دانىش | 12 |
| ئىشقى رومانتىكا | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، كوناشەھەر | يازما | مەلىكە دىلئارام | 13 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 14 | شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا | يازما ۋە ئاغزاكى | يەكەن ، قەشقەر شەھەر ، قاغىلىق | مۇھەببەت |
| 15 | تاھىر ۋە زۆھرە | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يەكەن ، يېڭىشەھەر | مۇھەببەت |
| 16 | پەرھاد- شېرىن | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ،كوناشەھەر…… | مۇھەببەت |
| 17 | لەيلى- مەجنۇن | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ،يەكەن…… | مۇھەببەت |
| 18 | يۇسۇپ- زۇلەيخا | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر ، يەكەن ، قاغىلىق ، كوناشەھەر | مۇھەببەت قىسسىسى |
| 19 | غېرىب- سەنەم | يازما | قەشقەر رايونى | مۇھەببەت |
| 20 | ئەمىر گۆر ئوغلى | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | باتۇرلۇق |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قەھرىمانلىق | قەشقەر ، كوناشەھەر ، يەكەن ، قاغىلىق | يازما ۋە ئاغزاكى | يۈسۈپ- ئەھمەد | 21 |
| ئىشقى رومانتىكا | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ،يەكەن...... | يازما ۋە ئاغزاكى | سەنۇبەر | 22 |
| مۇھەببەت | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يېڭىشەھەر ، يېڭىسار ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | ھۆرلىقا- ھەمراجان | 23 |
| مۇھەببەت | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يېڭىشەھەر ، يېڭىسار ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان | 24 |
| مۇھەببەت ، ھەققانىيەت | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر | ئاغزاكى | نوزۇگۇم | 25 |
| باتۇرلۇق | قەشقەر شەھىرى | ئاغزاكى | سىيىت نوچى | 26 |
| باتۇرلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك | قەشقەر رايونى | ئاغزاكى | چىن تۆمۈر باتۇر | 27 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 28 | كاككۇك بىلەن زەينەپ | ئاغزاكى | قەشقەر رايونى ، پەيزاۋات | ئاشىقلىق |
| 29 | بۇلبۇلگويا | يازما | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، قاغىلىق ، كوناشەھەر…… | ساداقەت ، مۇھەببەت |
| 30 | ئىمام ھۇسەيىن | يازما | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يەكەن ، قاغىلىق | دىنىي قىسسە |
| 31 | ئابدۇراھمان پاشا | ئاغزاكى | قاغىلىق ، يەكەن ، قەشقەر شەھىرى | جەڭنامە |
| 32 | نەزەر مۇپتى | ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، يەكەن | ھەجۋىيات |
| 33 | ھېكايىتى شەكەرىستان | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | مېۋىلەر مۇنازىرىسى |
| 34 | تۇتىنامە | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | ئىشقى رومانتىكا |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 35 | قىرىق بىر پالۋان | ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | باتۇرلۇق ، دوستلۇق |
| 36 | ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانام | ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | دىنىي قىسسە |
| 37 | رابىئە- سەئىدىن | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، يېڭىشەھەر ،پەيزاۋات | ئەركىنلىك ، مۇھەببەت |
| 38 | شىرىپ بۇجاڭ | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر ، كوناشەھەر شەھەر ئەتراپى | ئېزىش- ئېزىلىش |
| 39 | خالىدەم | ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كوناشەھەر ، ئاتۇش ، پەيزاۋات | مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق |
| 40 | شاھزادە ۋە شىر | يازما | قەشقەر رايونى | ساداقەت ، ۋاپا |
| 41 | چاشتانى ئېلىكبەگ | يازما | قەشقەر رايونى | باتۇرلۇق |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 42 | نىگار - مەجنۇن | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | سۆيگۈ - مۇھەببەت |
| 43 | دوختەرى زەرىن | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | مۇھەببەت |
| 44 | پەنج بۇرادەر | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | دېھقاننى ئۇلۇغلاش |
| 45 | تەيفون (قۇلچاق) | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | قەھرىمانلىق |
| 46 | گۇلى رۇقىيە | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | مۇھەببەت |
| 47 | پەرى گۇلچېھرە | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | مۇھەببەت، ۋاپادارلىق |

يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن داستان - قىسسىلەرنىڭ بەزىلىرى پارسچە، ئەرەبچە يازما مەنبەلەردىن تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مەدداھلىق ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئاغزاكى شەكىلدە تارقالغان. مەسىلەن:

«تەزكىرەئى بۇغراخان» (بۇغراخان تەزكىرىسى) ناملىق تارىخىي قىسسىنى يەكەنلىك خوجا مۇھەممەد شېرىپ ياركەندىي يازغان. ئۇنى مۇھەممەد گودا ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» — بۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقالغان رىۋايەت بولۇپ، ئۇنى دەسلەپ ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (مىلادىيە 1141 — 1209- يىللىرى)، ھىندىستاندا ياشىغان تۈركىي تىللىق شائىر خىسراۋ دېھلىۋى (مىلادىيە 1441 — 1505- يىللىرى) تۈنجى قېتىم ئۇنى تۈركىي تىلدا يېزىپ چىققان ۋە شۇ ئاساستا يەكەنلىك موللا پازىل، ئابدۇرەھىم نىزارىي قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمۇ «لەيلى ۋە مەجنۇن» نامىدا ئايرىم داستان يازغان ۋە مۇشۇ مەنبەلەر ئاساسىدا خەلق ئارىسىغا تارقالغان.

«ئىسكەندەرنامە» — ئابدۇرەھمان جامىينىڭ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان پارسچە ئەسەردىن پايدىلىنىپ يەكەنلىك شائىر زاھىد ئاخۇن پازىلباي مىلادىيە 1881 — 1882- يىللىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ نام بىلەن بىر ئەسەر يازغان.

«يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» — ئابدۇرەھمان جامىينىڭ پارسچە يازغان شۇ ناملىق داستانىغا ئاساسەن، يەكەنلىك شائىر موللا يۇنۇس مىلادىيە 1807- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شۇ نام بىلەن بىر داستان يازغان. ئۇنىڭ يەنە «مۇھەببەتنامە» ناملىق ئۆزلەشتۈرمە نۇسخىسىمۇ بار.

«باھار دانىش» ئىرانلىق يازغۇچى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ ئەسىرىگە ئاسەسەن، سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىجادىي يېزىپ چىققان.

«تۇتىنامە» — ھىندىستاندا ياشاپ، پارس تىلىدا ئەسەر يازغان مەۋلانا نەخشەبىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، نامەلۇم ئۇيغۇر تەرجىمان 18- ئەسىردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «پەرھاد - شېرىن»، «ھېكايىتى ھۆرۈلقا»، «قەمەرشاھ ۋە

شەمسى جانان»، «سەنوبەر»، «جەمشىدنامە»، «قەھرىمانى قاتىل»، «رۇستەم پالۋان»، «مالىك ئەجدەر» قاتارلىق داستان - قىسسەلەرمۇ 18 — 19- ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە تەرجىمانلىرى ئارقىلىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

قەشقەرنى گەۋدە قىلغان پۈتكۈل ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تىپىك تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچۇر بەرگەن «ئالىپ ئەرتۇڭا» ۋە «شۇ خاقان» داستانلىرى قەدىمكى تىپىك ئېپوسلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«ئوغۇزنامە» ھەققىدە ئالدى بىلەن چەت ئەللەردە ۋە كېيىنرەك رايونىمىزدا خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان، لېكىن «ئالىپ ئەرتۇڭا» بىلەن «شۇ خاقان» ئېپوسلىرى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى يىپ ئۇچىدىن باشقا بىزدە ھېچقانداق يېتەرلىك مەلۇمات يوق. بۇ ئېپوسلارنىڭ سۇژىت مەنبەسى قەشقەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

«ئوغۇزنامە»

«دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن «ئوغۇز ئەپسانىسى»نىڭ بېشىدا مۇنداق بىر ئۇچۇر بار: «بىزنىڭ نە پادىشاھىنىڭكىدەك پەرمانىمىز، نە لوقمانىنىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق. سازدىن- سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا، ئاق - قارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز — ئوغۇز داستانى بار. بۇ داستان بىر يايلاق…… بۇ داستان بىر بۇلاق…… تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، ئەپسانىلەر بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر، سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھاياتتىن مەرھەمەت……» بۇ بۆلەك تەبىئىي ھالدا «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكى ۋە بارلىق تۈركىي داستانلارنىڭ بېشى، ئۇلگىسى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ.

ئوغۇزخان ھەققىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەر ناھايىتى قەدىمكى

دەۋرلەردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن . بەزىلەر بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 2- ، 3- ئەسىرلەردىمۇ خەلق ئارىسىدا بار ئىدى دەپ قارايدۇ .①

دېمەك ، «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ تولۇق ئارگىنال شەكلىنىڭ بارلىقى مەلۇم . «ئوغۇزنامە»نىڭ 4- ئەسىردە ئۇيسۇن تېررىتورىيەسىدە ، ئوغۇز - قىپچاق تىلىدا يېزىققا ئېلىنغان (غەيرەتجان ئوسمان : «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 88- بەت )لىقى مەلۇم . مەزكۇر ئېپوسنىڭ يېزىققا ئېلىنىشىنى بۇ ئېپوسنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى سۇژىت ۋە بايان ئەندىزىسى جەھەتتىكى تۇراقلىقلىقىنى ساقلاپ قالغان . «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن :

1 . نەسرىي - نەزمىي ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بۇ ئۇسلۇبتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدىن ھازىرچە مەلۇم بولغىنى ئىككى : بىرى ، فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى پۇقرالار كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان A نۇسخا ، 21 ياپراق 42 بەتتىن تۈزۈلگەن . بۇ نۇسخا 13- ئەسىردىكى ئىلخانىلار دەۋرىدە بۇددىست ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر - يېزىقىدىكى بۇ نۇسخا فىرانسسىيەلىك پ . پېللىئوت (p. pelliot) تەرىپىدىن تېپىلىپ ، 1930- يىلى تىرانسكرىپسىيەلەشتۈرۈپ ئېلان قىلىنغان .

1932- يىلى بۇ ھەقتە ۋ .بانگ (W. bang) ۋە رەشىد رەھمەتى ئاراد خاس ئەسەرلەرنى يازغان ، بۇ نۇسخا فىرانسۇزچە ، ئىنگلىزچە ، رۇسچە ، تۈركچە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان .

يەنە بىرى ، پروفېسسور چىڭ سۇلۇ ئەپەندىنىڭ بايانلىرىدا دېيىلگەندەك تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى نامەلۇم بىر ئۇيغۇرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرگەن نۇسخىسى . بۇ قول يازمىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي پارچىلىرى پارىژ شەھىرىدىكى

① ئەھمەد ، زەكى ۋەلىدى توغان : «ئوغۇز داستانى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى باستۇرغان ماشىنكا نۇسخىسى ، 117- بەت .

خ .چارلىس .چېفىر (Here. char les schefer) كۇتۇپخانىسىدا ساقلى-
نىپ قالغان . كېيىنچە (19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ) بۇ نۇسخا تۈركو-
لوگ ۋ .رادلوۋنىڭ قولىغا چۈشكەن . ئۇ فوتو رەسىمگە ئېلىپ ھەم
كونا مانجۇ يېزىقى بىلەن باستۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ «بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ
خاس ھاجىپنىڭ 〈 قۇتادغۇبىلىك داستانى〉 » دېگەن كىتابىنىڭ ئاخىرى-
غا قىستۇرۇپ ئېلان قىلغان . ئۇ كىتابقا يازغان نېمىسچە مۇقەددىمى-
سىدە «ئوغۇز خاقان ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىر
رەسمىي تارىخىي پارچىسى» دېگەن بىر پارچە ماقالە يېزىپ ، «ئۇنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى جايى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ، رىۋايەتنىڭ مۇقىم-
لاشقان نۇسخىسى ھەم ئۇ يېزىلغان يېزىق خاتىرىسى تەخمىنەن 10-
ئەسىردىن بۇرۇن ئەمەس» دېگەن .[1] بۇ ئىككى نۇسخا ئەمەلىيەتتە بىر
نۇسخىمۇ ياكى ئەمەسمۇ بۇنى دەلىللەشمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە
خىزمەت .

2 . ساپ نەسرىي شەكىلدە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار . باشتىن -
ئاخىر تۈركىي تىلدا يېزىلغانلىرىدىن خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىر-
خاننىڭ (1605 — 1664 ) «شەجەرەئى تۈرك» ۋە «شەجەرەئى تەرا-
كىمە» (ھىجرىيە 1074- يىلى يېزىلغان ) ناملىق كىتابىدىكى نۇسخا ،
«دەدە قۇرقۇت ھېكايەتلىرى» (15-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16-ئەسىرنىڭ
بېشىدا تولۇقلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان ) ، «قىسسەسۇل غارايىب» ، «تا-
رىخى كاشغەر» ، «تارىخى ھەمىدىيە» (موللا مۇسا سايرامى 1908-
يىلى يازغان ) قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىش مۇم-
كىن .

پارسچە - تاجىكچە كىتابلاردىن 14- ئەسىردە ياشىغان پارس
تارىخچىسى راشىدىن (1247 — 1318 )نىڭ «جامىئۇلتاۋارىخ» نام-
لىق ئەسىرى ، «تارىخ ئەبرا ئۇلوس» ناملىق ئەسىرى ، «زەينول
ئەخبار» ناملىق ئەسىرى ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى كۆرسى-
تىش مۇمكىن . بۇ نۇسخىلاردا «ئوغۇزنامە»نىڭ ھېكايە ۋەقەلىكلىرى-

---

① چىڭ سۇلۇ : «تاڭ ، سۇڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» ، خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 3- بەت .

گە ئىسلام تۇسى بېرىلگەن ، بۇ ئېپوس ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى . ئېپوستا بايان قىلىنغان تۇرمۇش مەنزىرىسى ئۇنىڭدىكى تارىخىي رىۋايەتلەرنىڭ بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ . رۇس تۇركولوگى شېرباك : «مەزكۇر داستاننىڭ بەزى ۋەقەلىكلىرى نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدىكى ئېپىك ئىجادىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىنى نامايان قىلغان » دەيدۇ .①

17- ئەسىردە ئۆتكەن ئەبۇلغازى باھادىرخانمۇ ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى شەجەرەئى تۇرك » ناملىق ئەسىرىدە ئوغۇزخان ھەققىدە خاتىرىلەرنى قالدۇرغان .

ئۇنىڭدىن باشقا ، «تۇركىي تىللار دىۋانى »دا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە مىسال ئۈچۈن تاللانغان 242 كۇپلېت شېئىرىي پارچىلار ئىچىدىكى مەرسىيەنامىلەر مۇئەللىپىنىڭ ئىزاھاتى بويىچە ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ ) ئېپوسىنىڭ پارچىلىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە ئافراسىياپنىڭ تارىخى شەخسىيتىگە ئائىت تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار بار :

△ «بارىسفان — ئافراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى ، بارىسفان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان ، مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن » («دىۋانۇ لۇغاتىت تۇرك »فاكسىمىل ،1- جىلد ،مۇقەددىمە ) دېيىلگەن

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا ، بارىسفان — قاراخانىيلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى . ئۇ ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتلاردا يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى .

△ «كاشغەر 〈ئوردۇكەنت〉 دېيىلىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر ، مەركەز دېگەن بولىدۇ . بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان » ، ( «دىۋان » فاكسىمىل 1- جىلد ، 173- بەت ) .

---

① «مىراس ژۇرنىلى» 1996- يىلى 4- سان ، 52- بەتتىكى نەقىل ، شېرباك : «ئوغۇزنامە ۋە مۇھەببەتنامە »نىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرى ، موسكۋا ، 1959- يىلى ، رۇسچە .

△ «Za» ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ ، <azwin> قازۋىن
شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان .بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي قاز ئويۇنى<azoyuni>
دۇر . چۈنكى ، ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى ، شۇڭا بەزى
تۈركلەر <az win> قازۋىننى تۈرك ئېلىنىڭ چېگرالىرىدىن بىرى
ھېسابلايدۇ ، <um> قۇم شەھىرىمۇ چېگرا ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ،
<um> قۇم تۈركچە سۆزدۇر . ئافراسىياپنىڭ قىزى بۇ يەردە دائىم
ئوۋ قىلاتتى . بەزىلەر <marwaxxahijan> مەرۋەششاھىجان شەھە-
رىنىمۇ تۈرك چېگرالىرىدىكى شەھەر ھېسابلايدۇ . چۈنكى قىزنىڭ
ئاتىسى 〈تۇڭا ئالىپ ئەر〉 ئەشۇ ئافراسىياپنىڭ ئۆزىدۇر . ئافراسىياپ
<tamhuras> تىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن <marw> مەرۋ شەھىرى-
نى بىنا قىلغان . بەزىلەر پۈتۈن < mawaraunnahr <
ماۋارائۇننەھرنى تۈرك ئېلى دەپ ھېسابلايدۇ ، ئۇ <yankand>
يەنكەنتتىن باشلىنىدۇ . ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى <ruyin diz> مىس
شەھىرىدۇر . ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىلگەن . بۇ
<buhara> بۇخاراغا يېقىن . بۇ يەدە ئافراسىياپنىڭ قىزى
قازىنىڭ ئېرى <siyawux> سىياۋۇش ئۆلتۈرۈلگەن . مەۋجۇمى-
لەر ھەر يىلى بىر كۈن بۇ يەرگە كېلىپ سىياۋۇش ئۆلگەن جايدا
يىغلىشىدۇ . قۇربانلىق قىلىپ ، قېنىنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئېقىتىد-
دۇ . بۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان » . «دىۋان»
Ⅲ توم ، 204- ، 205- بەت )

«kaz—suvi» قاز سۈيى <ila> ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان
چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى . بۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ، ئافراسىياپ-
نىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان . بۇ ئىسىم ئۇنىڭ
نامى بىلەن ئاتالغان . ( «دىۋان» Ⅲ توم ، 206- بەت )

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبەرىنىڭ «تارىخى تەبەرى» ، ئىبىن ئەل
ئەسەرىنىڭ «تارىخى كامىل» ، نار شاھىنىڭ «بۇخارا تارىخى» ، موللا
مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئافرا-
سىياپ ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلار بار . بۇ ئۇچۇرلاردىن شۇنداق خۇلاسى-
گە ئېرىشىمىز :

1. ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «ئافراسىياپ» دەپ ئاتالغان بۇ تارىخىي شەخس تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغاندەك، «تۇڭا ئالىپ ئەر»، «ئالىپ ئەرتۇڭا»، «تۇڭراخان»، «بەگ»، «بەگلەر بېگى» دەپ سۈپەتلەنگەن شەخسنىڭ دەل ئۆزىدۇر. تۈركلەرنىڭ مەشھۇر باتۇر خانى «ئافراسىياپ»، «تۇڭا ئالىپ ئەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خۇددى شىردەك قەھرىمان ئىدى. تۇڭا ـ شىر بولۇپ پىلنى يەڭگۈچى كۈچلۈك ھايۋاننىڭ لەقىمى، دەپ كۆرسىتىدۇ.

2. ئافراسىياپ لېگېندىسى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى تۇران - ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئاخمانىيلار (پېرسىيە) ئىمپېرىيەسىدىن ئىلگىرىكى ئىران شاھلىرىنىڭ باسقۇنچىلىقلىرىغا قارشى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم جەريانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تارىخىي قەھرىمانلىق قىسسىسى (ئېپوسى) دەپ ھېسابلىنىدۇ.

3. ئافراسىياپ مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى تۇران - ساك تارىخىنى ئىزاھلاشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، ئافراسىياپنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7- ئەسىرلەردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4- ئەسىرگىچە 300 يىل داۋاملاشقان تۇرانلار بىلەن ئىرانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش خاتىرىسىنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا، ئافراسىياپ شەنىگە بېغىشلانغان «ئالىپ ئەرتۇڭا» ئېپوسى «ئوغۇزنامە»، «تۇمارىس»، «شۇ خاقان» قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېپوسلىرىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

4. ئافراسىياپ تارىختىكى قايسى شاھنىڭ پروتوتىپى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئاشۇ يىراق تارىخىي دەۋردە ئۆتكەن رېئال شەخستۇر.

5. ئافراسىياپ رىۋايەتلىرى ماھىيەتتە قەدىمكى تۇرانلار ۋە ئىرانلىقلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى مەنبەداشلىق مۇناسىۋەتكە بېشارەت بېرىدۇ. «ئاۋېستا» ۋە «شاھنامە»دىكى تۇر (تۇرانلارنىڭ ئەجدادى) ۋە ئىراج (ئىرانلارنىڭ ئەجدادى)نىڭ ئەجداد - ئەۋلادلىرى

ئارىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .

6 . ئېپوس (داستان )لار مۇكەممەل سۇژىت ۋە جانلىق پوئېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەتىگە ئائىت زور مەسىلىلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ بېرىدىغان يىرىك ھەجىملىك ئېپىك ئەسەر بولغاچقا ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر ماھىيەت جەھەتتىن تارىخىي چىنلىققا يېقىن تۇرىدۇ ، ئەمما ئۇ بەدىئىي ئەدەبىيات ژانىرى سۈپىتىدە تارىخنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس ، ئەگەر ئېپوس قەھرىمانلىرى بىلەن رېئال تارىخىي شەخسلەر ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلسا ، ئۇ چاغدا ئېپوسلارنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك ئۇنۇمىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ . خۇددى گېگېلنىڭ «ئالاھىدە ئېپوسلارنىڭ سۇژىتى پەقەت بىرەر شەخس بىلەن بىر گەۋدىلەشكەندە ، ئاندىن شېئىرىيەتنىڭ ھاياتىي پەللىسىگە يېتەلەيدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش بۇ يەردە دېيىلگەن بىر شەخس ھەرگىزمۇ كونكرېت تارىخىي شەخس ئەمەس ، بەلكى خەلقنىڭ روھىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدېئال شەخسلەردۇر . بۇنداق مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن ئىدېئال شەخسلەر ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن مىللىي روھنى ئۆزىگە يىغىپ ، ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەل ھۆر ، ھەقىقىي ئىنسان گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدىغان شەخسكە ئايلىنىدۇ .

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ يەنە بىرى «شۇ» داستانى بولۇپ ، ئۇنىڭ تولۇق نۇسخىسى خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلانمىغان . پەقەت بۇ داستاننىڭ بەزى پارچىلىرىنى مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۆۋەندىكى ئۈچ سۆزنىڭ سىمانتىكىلىق مەنىسىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە خاتىرىلىگەن .

1 . تۈركمەن : بۇلار ئوغۇزلاردۇر ، بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار ( «دىۋان» Ⅲ توم ، 546- ، 568- بەتلەر ) .

2 . ئۇيغۇر : بىر ئەلنىڭ ئىسمى ، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار ( «دىۋان» I توم ، 151- ، 153- بەت ) .

3 . ئۆگە : تەجرىبىلىك ، ئەقىللىك ، كادان ، ئاددىي خەلق ئى-

چىدىن چىققان قىرى سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق («دىۋان» 1- توم، 123- بەت) ئەسلىي مەتىن (تەرجىمىسى ئېلىندى).

a . تۈركمەن ماددىسى

تۈركمەن، بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار.

زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ «شۇ (xu)» ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى «شۇ» قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بار ئىكەن؟» دەيدۇ. ئەسلىدە خاقان «شۇ» خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەنىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلاردىن خاقانىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىكەن. خاقانىنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆردەكلەر چۆشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن، خاقان «زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ» دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: «غاز، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقانىنىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملىرىنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا «خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس» دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققا قاراپ يول ئاپتۇ. خاقانىنىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا

چىققانلىقىدىن خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك ، تەشۋىش پەيدا بولۇپتۇ .
تاپالىغانلار ئالدىراش - تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاغلارغا مىنىشىپ
خاقاننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ . ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ ، بۇ ئۇنىڭ
ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ . تاڭ ئاتقاندا قارار گاھ تۇپتۇز بىر سايغا ئايلى-
نىپتۇ . ئۇ چاغلاردا تىراز ، ئىسىجاب ، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغانىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قى-
لىنغان . ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كەچۈ-
رەتتى . خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا ، يىگىرمە
ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاغ تاپالمىغانلىقتىن ،
بالىچاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېپقاپتۇ . مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى
كىتابنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم ، ماللىرىغا باسىدىغان تامغى-
لىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم ،مەسىلەن ، «قېنىق» ،
«سالغۇ» ۋە باشقىلار . بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن
پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشى-
ۋاتقاندا ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ . ئۇلارنىڭ بالىچاقىلى-
رىمۇ بىللە ئىكەن . ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ ،
قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ، ھارغان - ئاچقان ، ئېغىر يۈكنىڭ
دەستىدىن تەرگە چۆمگەنىكەن . بۇ ئىككى ئائىلە قېپقالغان ھېلىقى
يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ . يى-
گىرمە ئىككى ئائىلىدە ئۇلارغا : «ئەي ئادەملەر ، ھېلىقى ئادەم (زۇل-
قەرنەيىن ) بىر يولۇچى ، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ ، بىزنىڭ يەرلەردە
قېپقالمايدۇ ، ئۆتۈپ كېتىدۇ ، بىز بەربىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز
قالىمىز » دەپتۇ . ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ
قېلىڭلار » دەپتۇ . كېيىن ئۇلار «خالاچ » دەپ ئاتىلىپ قالغان ،
خالاچلارنىڭ ئەسلىي شۇ ، ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر .

زۇلقەرنەيىن كەتكەندىن كېيىن ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلى-
رىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ ،
ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا ، بۇلار : «تۈرك مانەند - تۈرككە ئوخشايدۇ »
دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قالغان .

تۈركمەن (تۈرك مانەند )لەر ئەسلىدە يىگىرمە تۆت قەبىلىدۇر . لېكىن ، ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ . بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي شۇدۇر .

خاقان «شۇ» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ . زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ . ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ ، زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ . توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ ، بۇ توقۇنۇش «ئالتۇنقان» دېگەن يەردە بولغاندىكەن ، بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخان» دەپ ئاتىلىدۇ . زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان — (شۇ ) بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ ، ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ ، زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، خاقان «شۇ» قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ ، ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان «شۇ» شەھىرىنى سالدۇرۇپ ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ . بۇ تىلسىم ھازىرغىچە بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ .

## ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ «دىۋان» ۋە «جامىئۇلتاۋارىخ»تىكى سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| | «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە | «جامىئۇلتاۋارىخ»تا | تەۋەلىكى |
|---|---|---|---|
| 1 | قىنىق | قايى | كۈنخاننىڭ ئوغلى |
| 2 | قايىغ | بايات | كۈنخاننىڭ ئوغلى |
| 3 | بايۇندۇر | ئالقاۋلى ئاۋۇل | كۈنخاننىڭ ئوغلى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 4 | ئىۋا - ئىۋا | قارا ئاۋۇل | كۈنخاننىڭ ئوغلى |
| 5 | سالغۇر | يازىر | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 6 | ئافشار | دۆگەر | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 7 | بەكتىلى | دۇردورگا | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 8 | بۆگدۈر | ياپۇرلى | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 9 | بايات | ئاۋشار | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 10 | يازغىر | قىزىق | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 11 | ئەيمور | بەگدىلى | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 12 | قارا بۆلۈك | قارچىن | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 13 | ئالقا بۆلۈك | بايندۇر | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 14 | ئىگدىر | بەچەنە | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 15 | ئۇرەگىر | چاۋۇلدۇر | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 16 | تۇتۇرقا | چەپنى | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 17 | ئولا يوندلۇغ | سالور | تاغ خاننىڭ ئوغلى |
| 18 | تۆگەر | ئەيمۇر | تاغ خاننىڭ ئوغلى |
| 19 | پەچەنەك | ئالايوتلۇ | تاغ خاننىڭ ئوغلى |
| 20 | چوۋۇلدۇر | ئۈزۈگۈر | تاغ خاننىڭ ئوغلى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 21 | چەبنى | يىگدىر | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |
| 22 | چارۇقلۇغ | بۇگدۇز | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |
| 23 | | يىۋا | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |
| 24 | | قىنىق | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |

بۇ جەدۋەلدىن قارىغاندا، راشىدىن «جامىئۇلتاۋارىخ»تا كۆرسەتكەن ئۇرۇغلار ياپارلى، قىزىق، قاراچىن قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇغ «دىۋان»دا كۆرسىتىلمىگەن. بۇنىڭغا تەڭداش «دىۋان»دىكى چارۇقلۇق «جامىئۇلتاۋارىخ»تا ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئېھتىمال ئىسىملاردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىسى ئېنىقكى، داستان ژانىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قارىغاندا، مەلۇم بىر داستاندىكى بىر قەھرىمان تارىختىكى بىرلا تارىخىي قەھرىماننىڭ ئۆزىگىلا تەڭ بولمايدۇ، بەلكى ئۆزىدىن بۇرۇن ياكى كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆپلىگەن تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ھەم رېئال، ھەم غايىۋى ئوبرازلارغا ئايلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ئېپوسلارغا ئوخشاش، «شۇ» داستانىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. لېكىن، «دىۋان»دىكى «شۇ» داستانغا ئالاقىدار پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولۇپ، مۇئەييەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئالايلۇق، زۇلقەرنەيىن بىلەن «شۇ» خاقان باشچىلىقىدىكى ئوغۇز قوۋملىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ئەينى تارىخىي دەۋردە ماراكەند (سەمەرقەنت)لىكلەرنىڭ ئىستىبداتلىق سەركەردىسى سىپتامىنىنىڭ ئىسكەندەر باسقۇنچىلىقىغا قارشى مەردانە كۈرەشلىرىنى ئەسلەتسە، ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىياغا يۇرۇش قىلغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىردىلا 24 ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇلارغا «شۇ» خاقان يېتەكچىلىك قىلغانلىقى، «شۇ» خاقان-

نىڭ شەرققە يۈرۈشى ، ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ ئاخىرىدا «خۇزخور» ياكى «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى بىلەن ئاتىلىشى ، ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى ، «ئالتۇنقان» (ئالتۇنخان)نىڭ تەكرار تىلغا ئېلىنى-
شى قاتارلىقلار .

# VIII باب تېپىشماقلار

## §1 . تېپىشماق ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

تېپىشماقلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى . ئۇ شەكىل جەھەتتىن قىسقا ۋە ئىخچام بولۇپ ، شەكىل قۇرۇلۇشى ماقال - تەمسىللەرگە يېقىنراق كېلىدۇ . لېكىن ، مەنا جەھەتتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ .

«تېپىشماق» سۆزى «تاپ» بۇيرۇق پېئىلىغا «ئىش - ماق» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان بولۇپ ،ئادەتتە «تېپىش» ، «ئويلاش» ، «ئىزدەش» مەنىسىنى بېرىدۇ .

تېپىشماقلارنىڭ ئۇسلۇبى مېتافورا (ئىستارە) ، كىنايە يولى بىلەن سۆزلەرنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىپ ، يوشۇرۇنغان نەرسە ، ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرىگە ئىككىنچى بىر نەرسە ، ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرىنى قىياسلاش ، ئىما - ئىشارە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر . تېپىشماقلارنىڭ شۇ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل : «تېپىشماق ناھايىتى مۇكەممەل مېتافورا تۈزۈش يولى» دەپ توغرا ئېيتقانىدى .

تېپىشماق ئېيتىش قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ خەلقلەرنىڭ ھاياتى ، ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتلىرى ، دۇنيا قاراشلىرى ، ئۆرپ-ئادەتلىرى ، مىفولوگىك تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن باغلىق بولغان .

بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا قارىساقمۇ ، بەزى شېئىرلارنىڭ مۇئەمما (تېپىشماق شەكلىدە) يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز . مۇنداق

مۇئەمما شەكلىدىكى پارچىلار بەزى خەلق داستانلىرى ۋە ھېكايىلىردە كىمۇ سىڭىشىپ كەتكەن. «غېرىب - سەنەم» داستانىدا خىزىر بىلەن غېرىبنىڭ ئۆزئارا سوئال - جاۋابلىرى، ناخشىلىرى ماھىيەتتە تېپىشماقتىن ئىبارەت، شۇنداقلا خەلق قىسسىسى «تۇتىنامە» ناملىق ئەسەردە تۇتى مۇنداق بىر مۇئەمما ئارقىلىق سودىگەرنىڭ ئەقلىنى سىنايدۇ:

جېنى يوق بىر جانىۋار ئۇچقاي ھاۋادا،
بولمىغاي ئات - تۆگە، پىلدىن ئۇل ياۋا.
يىغا يىغلايدۇ، ئۇنىڭ يوقتۇر كۆزى،
سۆز قىلىدۇ، تىلى يوق، باردۇر ئۆزى.
ئۇل ئاجايىپ ئوينىغايكىم، جانى يوق،
خۇش ئاجايىپ كۈلگىسىدۇر، ئاغزى يوق.
بۇ نېمە؟

سودىگەر كۆپ ئويلاپ جاۋاب بېرەلمىگەندە، تۇتى ئۇنىڭ «بۇلۇت» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ھال تېپىشماقلار قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تېپىشماقلاردا سوئال تەرزىدە ئېيتىلىدىغان پىكىرلەر مەلۇم بىر بەدىئىي شەكىلگە چۆككەن بولىدۇ. ئۇلار خۇددى ماقال-تەمسىللەرگە ئوخشاش ئىخچام، تەسىرچان فورمىدا يارىتىلىدۇ ۋە شەكىل جەھەتتىن نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ.

تېپىشماقلار ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئەگىشىپ ئىجادىي ھالدا بېيىپ ماڭىدۇ ۋە يېڭى - يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. ئومۇمىي مەنىدىن ئېيتقاندا، تېپىشماقلارنىڭ ئىجادچىسى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ئەدىبلەرمۇ يېڭى شەيئىلەرگە ماس ھالدا كۆپلىگەن تېپىشماقلارنى ئىجاد قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق تېپىشماقلار ئۈزۈكسىز بېيىغان.

تېپىشماقلارنىڭ ئىجتىمائىي رولى زور. چۈنكى، ئۇ ئارقىلىق

كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى سىنايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، ئەقىل - ئىدراك ۋە پەم-پاراسىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. چۈنكى، تېپىشماقلار بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا پىكىر يوشۇرۇنچە ئىپادىلىنىدۇ. تېپىشماق-لارنىڭ سوئال ۋە جاۋابىنى ئىچكى مەنتىقىي قىياسلار باشقۇرۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغاتقۇچى ئامىل بولىدۇ. مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىكىلىق خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى-گە ئاساسلانغاندا، ئۇلار تېپىشماق ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى تې-پىشقا ئالاھىدە قىزىقىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئوبرازلىق ھەم مۇزىكىلىق سېزىمگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلى ناھايىتى راۋان ۋە ئاددىيلىقى، جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولغان جانلىق ئوبراز قىياسەن ھالدا سۈرەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، 4 — 5 ياشلىق باللارمۇ بىرەر تېپىشماق ئاڭلىشى بىلەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن سەبىيلەرچە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تېپىشماقلار ئەڭ كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە بولغان بىر خىل ئاغزاكى ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ.

تېپىشماقلار يالغۇز كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈرۈپ، پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتىن تاشقىرى، ئۆزىدىكى جانلىق قىياسەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنسانلار-نىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا ۋە ماددىي دۇنياغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈ-چەيتىدۇ. گەرچە ئۇنىڭدىكى ئىدىيە ۋە سىياسىي خاھىش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىكىدەك روشەن ۋە كۈچلۈك خاراكتېر ئالغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس دەرىجىدە ئىدىيەۋى خاھىش ئەكس ئېتىلىدۇ. تېپىشماقلارنىڭ ئىجتىمائىي مەز-بە ئاساسىغا قارىغاندا، تاپماقچى بولغان تەسۋىرىي ئوبرازىنىڭ ئارقى-سىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ روشەن ھاياتىمۇ بولىدۇ، شۇنداقلا تېپىش-

ماقالارنىمۇ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سەنئەتنىڭ بىر تۈرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز .

تېماتىكىلىق مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا ، تېپىشماقلارمۇ كەڭ ۋە رەڭدارلىققا ئىگە . ئومۇمەن ئالغاندا ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن تارتىپ تەبىئەت ئالىمىدىكى ماددىي نەرسىلەرگىچە تەرىپلەيدۇ . بۇ نەرسىلەردىن تېپىشماق تۈزگەندە ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىرەر كونكرېت خۇسۇسىيەتكە ئاساسلىنىدۇ ۋە شۇ ئاساستا كىشىلەردە ئەشۇ شەيئىگە نىسبەتەن تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر پەيدا قىلىدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا ، خەلق تېپىشماقلىرى نەرسىلەرنىڭ تاشقى كۆ- رۈنۈشىدىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە ، ئۇنىڭ تۇتقان ئورنىنى ۋە كېلىپ چىقىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ ، جانلىق نەرسى- لەرنى جانسىز نەرسىلەرگە ، جانسىز نەرسىلەرنى جانلىق نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ ، كىشىلەردە گۈزەل ئوبرازىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ .

ئومۇمەن ، تېپىشماقلاردىكى ئوبراز ۋە مېتافورىلار شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىنىدۇ ؛ ناۋادا شەيئىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئىگىلەنمىسە ، تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ، تېپىشماقلارنىڭ ئىجادچىلىرى تۇر- مۇش ئاساسىغا پۇختا بولۇشى ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بەلگىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئىگىلەشكە ماھىر بولۇشى ، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى كېرەك ، شۇ چاغدىلا ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئىچىدىن تۈرلۈك - تۈمەن تېپىشماقلارنى تۈزگىلى بولىدۇ .

تېپىشماقتىكى مەۋھۇم نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشىتىلغاندا ، ئىمكانقەدەر مەزمۇن جەھەتتىن يېقىنراق بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم . خەلق تېپىشماقلىرىدا بۇ نۇقتىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىل- گەن . مەسىلەن ، «بىر ئۆيگە كىرسەم بېلى باغلاقلىق بىر قىز ئولتۇ- رۇپتۇ » دېگەن بۇ تېپىشماقتا سۇپۇرگىنى قىزغا ئوخشاتقان . ئوبيېك- تىپ جەھەتتىن گەرچە «قىز» سۇپۇرگىگە تەڭ بولمىسىمۇ ، ئەمما ئىجابىي تەرەپتىن سۇپۇرگە بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق مەز- مۇن باغلىنىشى بار . شۇڭلاشقا ، ھاياتتىكى ئورنىغا قاراپ تۇرۇپ بۇ

تېپىشماققا سۇپۇرگە دەپ جاۋاب بېرىش مۇمكىن .

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارا- ئىتىمۇ ئۆزگىرىپ ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش تەج- رىبىسى ئۇزۇكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ ، بۇ ھال يېڭى تېپىشماقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ . يېڭى دەۋردە پەيدا بولغان يېڭى شەيئى- لەر ھامان تېپىشماقلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ .

## 2 § . تېپىشماقلارنىڭ شەكلى

تېپىشماقلار تۈزۈلۈش جەھەتتىن بەزەن نەسرىي ، كۆپىنچە ھال- لاردا شېئىرىي شەكىلدە بولۇپ ، ئۇلاردا مەلۇم مۇزىكىلىق رىتىم بولىدۇ ، يەنى ئۇ تۇراق ، ۋەزىن ، قاپىيەگە ئوخشاش شېئىرىي شەكىل تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلغان :

تۆت ئاياقلىق ،
تۆمۈر تۇياقلىق .
(ئات )

ھەتتا بەزى تېپىشماقلارنىڭ سوئال - جاۋابلىرى ئوخشاشلا شېئى- رىي شەكىلدە تۈزۈلۈپ ، بىرقانچە نەرسىلەر بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇ- لىدۇ . مەسىلەن :

قومۇش ئۇچى قالتىراق ، ئۇنى يېپىڭ دىلبىرىم ،
يىڭنە ئۇچى يالتىراق ، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم .
سېسىق كۆلدە ئىت يۈرەر ، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم ،
تاقار - تۇقۇر تەختىۋان ، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم ،
ئىچىدىكى مېھرىبان ، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم .

جاۋاب :

قومۇش ئۇچى قالتىراق — شامال دېگەن ئەمەسمۇ ،

يىڭنە ئۈچى يالتىراق — ئوت دېگىنى ئەمەسمۇ ،
سېسىق كۆلدە ئىت يۈرەر — سۇ پاقىسى ئەمەسمۇ ،
تاقار - تۇقۇر تەختىۋان — بۆشۈك دېگەن ئەمەسمۇ ،
ئىچىدىكى مېھرىبان — بالا دېگەن ئەمەسمۇ .

خۇلاسىلىگەندە تېپىشماقلار بەدىئىي شەكىل جەھەتتە مۇنداق تۆت خىل تۈزۈلۈشكە ئىگە :

بىرىنچى ، جۈملە شەكلىدىكى قىسقا تۈزۈلگەن تېپىشماقلار ، يەنى تولۇق شېئىرىي ئامىللارغا ئىگە بولمىغان نەسرىي خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغان ، بىرەر كونكرېت شەيئىنىڭ پەقەت بىرلا بەلگىسى ئوبرازلاشتۇرۇلغان تېپىشماقلار :

△ ئاتتىن ئېگىز ، ئىتتىن پەس ؟ (ئاتنىڭ ئېگىرى )

△ دادىسى تولغىماچ بوۋاي ، بالىسى شېرىن - شېكەر ؟ (ئۈزۈم تېلى )

△ «ئېگىز» بىلەن «پەس»نىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە بار ؟ («بىدلەن» سۆزى )

△ كۆك ئۈچكەم كېپەك قۇسىدۇ ؟ (ھەرە )

△ كۇندۇزى خان ، كېچىسى چاكار ؟ (يوتقان - كۆرپە )

△ شېخى تۆمۈر ، يوپۇرمىقى كۈمۈش ، مېۋىسى ئالتۇن ؟ (جىگدە )

△ قورسىقىدىن يەپ ، دۈمبىسىدىن چىقىرىدۇ ؟ (رەندە )

بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى نىسبەتەن ئۇزاقراق بولۇپ ، ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئىخچام تۈزۈلگەن ، بەزىلىرى ماقاللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . مەسىلەن ، «ھەممىگە تون تىكمەن ، ئۆزۈم يالىڭاچ» (يىڭنە ) . بۇ تېپىشماقنى ماقال سۈپىتىدىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ ، يەنى مەنتىق جەھەتتىن ئۇنىڭدا كېچە - كۈندۈز تىنماي ئىشلىسىمۇ ، ئاچ - يالىڭاچ قالغان ئۆتمۈشتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوبرازى تەمسىل خاراكتېرىدەك ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

ئىككىنچى ، شېئىرىي تېپىشماقلار . تولۇق شېئىرىي شەكىلگە

كىرگەن تېپىشماقلارنى شېئىرىي تېپىشماق دەيمىز . بۇنداق تېپىش-
ماقلارنىڭ كۆپچىلىكى مەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ ،
خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىدۇ .

ئەجەب ھەيۋەت بىر ئۆكۈز ،
ماڭلىيىدا بىرلا كۆز .
پۇشۇلدايدۇ ، ھۇۋۇلايدۇ ،
«مەن كەلدىم» دەپ توۋلايدۇ .
بوغۇم - بوغۇم قۇيرۇقى ،
نەچچە يەردە ئۇلىقى ؟
(پويىز )

ئۆزى كىچىك بوغۇمچە ،
گۇللۇك قەغەز تۇگۇنچە .
ئاچساڭ چىقار ئىچىدىن
تاتلىق ، شېرىن ئۇزۇمچە ؟
(كەمپۇت )

جىرىڭ - جىرىڭ ،
ئىلدامراق كېلىڭ .
يىراقتىن تۇرۇپ ،
سۆزلىشىپ ئېلىڭ .
(تېلېفون )

ئىشىكىگە ئوت قويساڭ ،
ئوت ئالىدۇ ئۆي ئىچى .
ئوت كەتكەننى كۆرسىمۇ ،
ئۆچۈرمەيدۇ ھېچ كىشى ؟
(مەش )

ئۈچىنچى ، ھېسابلىق تېپىشماقلار — جاۋابى ماتېماتىكىلىق ئۇ-سۇل بىلەن تېپىلىدىغان تېپىشماقلار . ھېسابلىق تېپىشماقلارنىڭ بەزىلىرى شېئىرىي شەكىلدە قىزىقارلىق ۋە ئاممىباب ھالدا تۈزۈل-دۇ ، بەزىلىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ ماتېماتىكىلىق ۋە گېئومېتىرىيە-لىك قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ . مۇنداق تېپىشماقلارنىڭ جاۋا-بىنى پەقەت ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا تاپ-قىلى بولىدۇ :

بىر توپ قۇشقاچ كېلىپتۇ ، چىغ ئۈستىگە قونۇپتۇ ،
بىردىن قونسا ئېشىپ قاپتۇ بىر قۇشقاچ .
ئىككىدىن قونسا ئېشىپ قاپتۇ بىر تال چىغ ،
قۇشقاچ قانچە ، چىغ قانچە ؟
(قۇشقاچ 4 ، چىغ 3 تال )
ئوتتۇز ئاتنى توققۇز ئوقۇرغا جۈپتىن باغلاڭ ؟
(ئالتە ئوقۇرغا تۆتتىن ، ئۈچ ئوقۇرغا ئىككىدىن باغلىنىدۇ )

تۆتىنچى ، چۆچەكلىك تېپىشماقلار . نەسرىي ياكى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىنغان ، روشەن ھېكايىلىق تۈسكە ئىگە بولغان تېپىش-ماقلارنى چۆچەكلىك تېپىشماقلار دەيمىز . بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ سەھىپىسى باشقا خىلدىكى تېپىشماقلارغا قارىغاندا كەڭرەك بولغاچقا ، ئۇنىڭدا روشەن ئوبراز گەۋدىلىنىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەلپ قىلارلىق تۈزۈلىدۇ . بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى بەزىدە ھېسابلاش ئۇسۇ-لى ئارقىلىق ، بەزىدە ئوبرازلىق ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق تاپقىلى بولىدۇ . شۇڭا ، بۇنداق تېپىشماقلار كىشىلەردە چوڭقۇر تەپەككۇر قوزغايدۇ . بەزىلىرى روشەن ئىدىيەۋى خاھىشقا ئىگە بولغاچقا ، بەلگىلىك تەربىيەۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ .
مەسىلەن :

بۇرۇن ئۆتكەن تويلارنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر گەپ بولۇپتىكەن ،

تويغا كەلگەن يىگىتلەردىن بىرى ئۆز مەشۇقىنى كۇتۇپ كۆزلىرى تېشىلەي دەپتۇ ، سەۋر - تاقىتى تۈگەپ ، كىچىك سىڭلىسىنى چاقىرىپ ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ :

— ئۇكام ، ئالدىنقى كۈنى ساڭا مېغىز بەرگەن كىشىنى قىچقىرىپ كەلگىن ، — دەپ ئەۋەتىپتۇ :

قىزچاق خېلىدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ، كېلەلمىگەن كىشى ئۆگىتىپ قويغان جاۋابنى دەپتۇ :

بىرىۋېدىم قىچقارغىلى ،
يوق ئىكەن ، كېلەي دېدى .
كەلسىمۇ كېلەر ئىدى ،
كەپ قېلىپ كېلەلمىدى .

بۇ جاۋابنىڭ مەنىسىنى يىگىت چۈشىنىپتۇ ، بىراق باشقىلار زادى چۈشىنەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ .

قېنى ، كىم ئاشۇ جاۋابنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ ؟

جاۋابى : قىزچاق يىگىتنىڭ سۆيگىنىنى چاقىرغىلى بارغاندا ، ئۆيدە قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسى يوق ئىكەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن «يوق ئىكەن ، كېلەي دېدى» دېگەن . قىز ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى پەيدا بولۇپ ، يىگىت يېنىغا بېرىشقا ئامال قىلالمىغان . بۇ ئەھۋالنى «كەپ قېلىپ كېلەلمىدى» دەپ ئۇقتۇرغان .

چۆچەكلىك تېپىشماقلارنىڭ بەزىلىرى ھېكايە ، داستان ۋە قىسسىلەردە قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ، ئاچچىق ھايات تەجرىبىلىرىنى باشتىن كۆچۈرگەنلىكىنى بىلىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن :

«پادشاھ بىلەن دانىشمەن چال» ھېكايىسىدە بېلىقچى چال بىلەن پادشاھنىڭ ئارىسىدىكى سىرلىق سوئال - جاۋابلار تېپىشماق شەكلىدە تۈزۈلگەن :

پادىشاھ :

— ھە ، ئاتا ، تۆتنى ئۈچكە ئۇرمىغانمىدىڭىز ، قىشتا بېلىق

ئوۋلاپ يۈرۈپسىز ؟
چال :
— تۆتنى ئۈچكە ئۈرۈشنى ئۈردۈم ، لېكىن ئوتتۇز ئىككى قويىمدى - دە .
بۇ تېپىشماقتا مۇنداق ھېكمەتلىك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان : پادىشاھنىڭ تۆتنى ئۈچكە ئۈرمىدىڭىزمۇ دېگىنى — يىلدا تۆت پەسىل بار ، شۇنىڭ ئۈچ پەسلىدە ، يەنى باھار ، ياز ، كۈزدە ياخشىراق ئەمگەك قىلىپ ، قىشتا يەپ ياتسىڭىز بولماسمىدى ، دېگىنى .
چالنىڭ «ئوتتۇز ئىككى قويىمدى» دېگىنى — ئۈچ پەسىلدە ئىشلەپ تاپقانلىرىنى ئوتتۇز ئىككى چىش يەپ بولدى ، دېگىنى .
دېمەك ، چۆچەكلىك تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى ئەنە شۇنداق جەرياندىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ .
تېپىشماقلار بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن تەسۋىرىي سۈرەتلەنگەن ئوبرازلاردىن ئىبارەت . بۇنداق ئوبرازلار شەيئىنىڭ تۇپ ماھىيىتىنى ياكى پەقەت بىرلا نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ ، شۇ ئاساستا كىشىلەردە تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىدۇ ، يەنى تېپىشماقلار شەيئىلەرنىڭ خاسلىقى ۋە ئومۇملۇقىغا ئاساسلىنىدۇ . خاسلىق بىلەن ئومۇملۇق ئارىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت بەدىئىي يول بىلەن تېپىشماقلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ .مەسىلەن :

كىچىك چېغىدا تۆت پۇتلۇق ،
چوڭ بولغاندا ئىككى پۇتلۇق ،
قېرىغاندا ئۈچ پۇتلۇق .

بۇ تېپىشماقتا ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇش ، چوڭ بولۇش ۋە قېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق خاسلىقنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئادەمدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ئومۇملۇقنى كۆرسەتكەن .
تېپىشماقلارنىڭ ئاساسىي ئوبرازى بولغان مېتافورا بەزىدە شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئاساس قىلسا ، بەزىدە ئۇنىڭ ھالىتى ،

ھەرىكىتى ۋە ئىچكى قانۇنىيەتىنى ئاساس قىلىدۇ :

پاكار - پاكار بويى بار ،
قەۋەت - قەۋەت تونى بار .
(پىياز )
ئۇزۇن كەتكەن بىر كېمىر ،
تۇخلۇكى مىجىر - مىجىر .
ئايىغىدا گۈل ئېچىلۇر ،
بېشى شورتاڭلىق ئېدىر ؟
(كارىز )

كۆمسەم كۆمۈلمەس ، تەپسەم تەۋرىمەس ، ماڭسام ماڭىدۇ ، تۇرسام تۇرىدۇ ؟ (سايە )

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىز يولۇقىدىغان شەيئىلەرنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرى ھەر خىل بولغاچقا ، تېپىشماقلاردا تەسۋىرلەش كۆپ خىللىقا ئىگە بولىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىر كىشىنىڭ بەلگىلىك شەيئى ھەققىدىكى تونۇشى بىردەك بولمايدۇ . مەلۇم بىر كىشى بىرەر شەيئىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىگە قاراپ تېپىشماق ئېيتسا ، يەنە باشقا بىر كىشى شۇ شەيئىنىڭ ھالىتى ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ تېپىشماق تۈزۈشى مۇمكىن . شۇ سەۋەبتىن ، تېپىشماقلار ھەمىشە ھەر خىل ۋارىيانتقا ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن :

△ (1) تېشى سىرلاغلىق ، ئىچى مىخلاقلىق ؟
(2) كىچىككىنە ساندۇقچە ، ئىچىدە جىق تۈگۈنچە ؟
(3) كىچىككىنە دومبۇلاق ، ئىچى تولا قومبۇلاق ؟
(ئانار )

△ (1) بىر ئۆيگە كىرسەم جىققىدە تۇخۇم تۇرۇپتۇ ؟
(2) يار بويىدا قاتار قوزۇق ؟
(3) ئوتتۇز ئىككى ئاغىنە ،

بىر كېمىردە ياشايدۇ .
ئىشقا چۈشسە ياندىشىپ ،
بىللە كۆرەش باشلايدۇ ؟
(چىش )

△ (1 ) ئۆزى بىر غېرىچ ، تىلى مىڭ غېرىچ .
(2 ) ئۆزى ئورۇق ، ئۈچى يورۇق ، مۈزدا يۈگۈرەيدۇ .
(3 ) پۇتى يوق ماڭىدۇ ، تىلى يوق سۆزلەيدۇ .
(4 ) كىچىككىنە ساپىنىم ، بەش ئات ئۇنى تارتىدۇ ،
ئاپپاق يەرگە رەت بىلەن رەڭلىك ئورۇق سالىدۇ .
(قەلەم )

يۇقىرىقى ۋارىيانتلىق تېپىشماقلارنىڭ بىرىنچىسىدە «ئانار » ، ئىككىنچىسىدە «چىش » ، ئۈچىنچىسىدە «قەلەم »نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن سۈرەتلەپ بېرىلگەن .

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشىدە باشقا خەلقلەرنىڭ تېپىشماقلىرىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك بار ، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەزى تېپىشماقلىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە ھەرپلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۈزۈلگەن ، بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ باشقا تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تېپىشماقلىق خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ . مەسىلەن :

«سەن »دە بىرلا ،
«مەن »دە بىرلا ،
ئىستىسەم «ئالەم »دە يوق .
«شام »غا بېرىپ ئۈچنى تاپتىم ،
«مىسىر »غا كەلسەم بىرىمۇ يوق .

بۇ تېپىشماقتا قىياسەن ئىپادىلەنگەن ئوبراز ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىكى چېكىت ( . ) بولۇپ ، پەقەت شۇ يېزىقنىڭ ئالامەتلىرىگە ئاسا-

سەن تۈزۈلگەن .

تېپىشماقلار خەلق ئاغزاكى بەدىئىي ئىجادىنىڭ قەدىمكى تۈرى سۈپىتىدە ، يازما ئەدەبىياتقا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى . شەرق ئەدە-بىياتى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەمما ، مۇۋەششەھكە ئوخ-شاش لىرىك ژانىرلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا تېپىشماقلار مۇھىم رول ئوينىدى . ئۆز نۆۋىتىدە يازما ئەدەبىيات كۆپلىگەن تېپىشماقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى .

قىسقىسى ، تېپىشماقلار مېھنەتكەش خەلق ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ھازىرقى كۈندە ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ تەپەككۇرىنى جانلاندۇرۇپ ، بىلىم بايلىقىنى ئاشۇرۇشىدا مۇھىم ئىلمىي ۋە بەدى-ئىي- ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە .

# IX باب خەلق ئەدەبىياتچىلىرى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاغزاكى كوللېك-تىپ ئىجادىيىتى . شۇڭا ئۇ ، ئومۇملۇق جەھەتتىن ھېچقانداق كىشىگە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمەيدۇ . لېكىن ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش ، راۋاجلىنىش ، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىشىدىن ئىبا-رەت كونكرېت جەريانلىرىغا نەزەر سالساق ، تارىختىن بۇيان خەلق ئاممىسى ئىچىدە بەلگىلىك سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە ، تۇرمۇش تەجرى-بىسىگە باي ، بىر قەدەر ئىلغار پىكىرلىك كۆپلىگەن خەلق سەنئەتكار-لىرى ئۆتكەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە زور ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز .

خەلق سەنئەتكارلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە سەنئەت مېۋىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن . ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئىجادكارلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلىرى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە خەلقنىڭ مىللىي مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىلىرى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلىرىدۇر . ئۇلارنىڭ ئىجادى قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇ-سۇسىيەتلەرنىمۇ ئۆزىدە نامايان قىلغان . شۇڭا ، ئۇلار ياراتقان ئەسەر-لەر شۇ ھامان خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كوللېكتىپنىڭ مەنئۇي مۇل-كىگە ئايلانغان . بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەب-ياتىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇڭلاشقا ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ (ئاساسەن خەلق قوشاقچىلىرى ، ناخشىچىلىرى ، ھېكايىچىلىرى ، لەتىپىچىلىرى

ۋە ئەلنەغمىچىلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ ) ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ، تەرەققىيات ئەھۋالى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولى قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق ھالدا ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر ، پەقەت شۇ چاغدىلا پۈتكۈل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىستىقبالىنى توغرا ئىزاھلاپ بەرگىلى بولىدۇ .

# 1 § . قىسقىچە بايان

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپلە- گەن خەلق قوشاقچىلىرى ، ناخشىچىلىرى ، ھېكايىچىلىرى (مەدداھ- لار ) ۋە ئەلنەغمىچىلىرى ئۆتكەن بولۇپ ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى .

قەدىمكى جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلى- قى ، ئىنسانلارنىڭ تونۇش سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى ، ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشىنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن «ئىلاھلاشقان» پېرىخونلۇق مەيدانغا چىقتى . بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇچۇرلارغا قارىغان- دا ، پېرىخونلارنى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا چىققان «مەدەنىيەتلىك كىشىلەر» دېيىشكە بولىدۇ . ئۇلار پال ئېچىش ، چۈش ئۆرۈش ، تارىخ يېزىش ، تېبابەتچىلىك قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتە ئۇلار بىر تەرەپتىن دىنىي ئۇستاز ھەم سىياسىي رەھبەر بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەۋلىيالارغا «سېغىنغۇچى» ناخشا - ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ باشلامچىسى ئىدى . پېرىخونلۇق ، بولۇپمۇ قەدىمكى شامانىزم دەۋرلىرىدە بىرقەدەر ئومۇم- لاشقان بولۇپ ، ئۇلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئەينى ۋاقىت- لاردا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . لېكىن ، «پېرى- خونلار سەنئىتى» ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە . ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىن

ئاز بولمىغان خەلق سەنئەتكارلىرى چىققان بولسىمۇ ، ئۆتمۈش قاراڭ-
غۇ جەمئىيەت ئۇلارغا چىقىش يولى بەرمىگەچكە ، ھامان «تىلەمچى
ناخشىچىلار » بولۇپ قالغانىدى . چۈنكى ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ
كۆپچىلىكى نامرات ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئىجتىمائىي
ئورنى تۆۋەن ئىدى . بۇ ھال ئۇلارنىڭ كەڭ ئەمگەكچى ئامما بىلەن
تەقدىرداش بولۇپ ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىگە ئاساس
بولغان .

كىشىلەر مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىگە كۆچكەندىن تارتىپ
شەھەر قاتلاملىرىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ بازارلاردىكى ھېكايە ئېيى-
تىش ، ناخشا ئېيتىش سەنئىتى كۈنسايىن ئاۋاتلىشىپ ، نۇرغۇنلىغان
ئاتاقلىق ناخشىچى ۋە ھېكايە ئېيتقۇچى سەنئەتكارلار بارلىققا كەلدى .
قەدىمكى دەۋردە ئۆتكەن بۇ خىل سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتى نىسبە-
تەن مۇرەككەپ بولۇپ ، ھەر خىل زىددىيەتلەردىن خالىي ئەمەس .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز كۆپرەك ھازىرقى زامان خەلق قوشاقچىلىرى ،
ناخشىچىلىرى ۋە ھېكايىچىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز .

قەشقەر خەلق سەنئىتىنىڭ ئوچىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەش-
ھۇر بولۇپ ، تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆتكەن
بولسىمۇ ، ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سى-
نىپلارنىڭ زىيانكەشلىكى ، جاھالەتلىك ئۆتمۈشتە خەلق ئاممىسىنىڭ
ساۋاتسىز قېلىشى نەتىجىسىدە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ نامى ، ئەسەر-
لىرى ، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ياكى
پەقەت يۈزەكى ئىزىلا قالغان .

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن ، بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ
ئىسلام دىنى تەرغىباتلىرىنى مەزمۇن قىلغان مەدداھلىق —
غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى . ئۇلار ئىسلام
دىنى مەزمۇنىدىكى قىسسە ، ھېكايە ، رىۋايەت ۋە داستانلارنى ئىجادىي
ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن كۈيلىدى ۋە ئۇيغۇر خەلق
داستانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالدى .

خەلق ئارىسىدا «مەدداھلار » دەپ ئاتىلىپ كەلگەن خەلق ھېكايى-

چىلىرى بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈچىلەر بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مەشھۇر ھېكايىلەر ، قىسسە ۋە داستانلارنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تارىلىپ ، داۋاملىشىپ كېلىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى . مەسىلەن ، قەشقەر كوناشەھەرلىك مەشھۇر خەلق ھېكايىچىسى ۋە داستانچىسى ئاۋۇت راۋابچى ، تاشۋاي ، تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىقلار بىر ئۆمۈر خەلق سورۇنلىرىدا ھېكايىچىلىق ۋە داستانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىدە زور رول ئوينىدى . گەرچە ئۇلارنىڭ بەزى ھېكايە - قىسسىلىرى مەزمۇن جەھەتتە ئاز - تولا پاسسىپ ئامىللاردىن خالىي بولمىسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلار خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر .

ئومۇمەن ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ھېكايىچىلىرى ۋە قوشاقچىلىرى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تارقىتىشتا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر .

مۇنەۋۋەر ھېكايىچى ھەمىشە ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپلا قالماستىن ، بەلكى ھېكايە سۆزلەش ماھارىتىنى قەدەممۇقەدەم ئۆستۈرۈپ ، ئۆز ھېكايىسىنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ .

ھېكايىچىلىق (مەدداھلىق) بىر خىل مۇشەققەتلىك ئىجادىي مېھنەتتۇر . ئۇ ئىشتىن سىرتقى ھېكايىچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ھېكايە ئېيتقاندا خۇددى دىراما ئەسەرلىرىدىكىدەك ئۆنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق ھەرىكەت ۋە سۆز ئارقىلىق ئېچىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . خەلق ھېكايىچىلىرىنى ماھىر سەنئەتكارلار دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە .

خەلق ھېكايىچىلىرىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتى ئاساسلىقى ئېغىز ئارقىلىق قۇلاققا يەتكۈزىدىغان تىل سەنئىتىدۇر . تىل بۇ يەردە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئالدىنقى ئامىل . ھېكايىچى سۆزلەش داۋامىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بەدىئىي تىلنى قوللىنىدۇ :

بىرى ، ھېكايىنى بايان قىلىپ ، ۋەقەلىكنى ئىپادىلەشتىكى ھېكايىچى-
نىڭ ئاممىباب تىلى ؛ يەنە بىرى ، ھېكايىدىكى پېرسوناژلار تىلى .
خەلق ھېكايىچىلىرى بۇ ھەر ئىككى تىلغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ،
ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قوشىدۇ . مۇشۇ ئۈچ
تەرەپ زىچ بىرلەشكەندىلا ، ئاندىن خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك
جەلپ قىلغىلى بولىدۇ . ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەدداھلار مانا مۇشۇن-
داق ئالاھىدىلىككە ئىگە . بۇ دەۋرلەردىكى مەدداھلىق —
غەزەلخانلىقنى مەركەز قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى خەلق
ئارىسىدا «ئەلنەغمىچى» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان . چۈنكى ،
ئۇلار مۇزىكا ، قوشاق (غەزەل) ، نەسرىي بايان ۋە ھەرىكەت (ئورۇن-
لاش سەنئىتى)نى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن . يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى
ئىجاد قىلغان ئاغزاكى ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىنى نەق مەيداندا بىۋاستە
ئورۇنلاشتەك سەنئەت ماھارىتىگە ئىگە ئىدى . ئۇلار مۇشۇنداق سەنئەت
تالانتىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى .

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى
سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋارىسى ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئولتۇرغان
دەۋرلەردە (1533 — 1570- يىللار) ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ
تەرەققىياتىغا ياخشى ئىمكانىيەتلەر يارىتىلىپ ، خەلق ئارىسىدىكى ئا-
تاقلىق سەنئەتكارلارغا خېلى كۆڭۈل بۆلۈندى . ئابدۇرەشىدخان ئۆزىمۇ
ئىقتىدارلىق شائىر ۋە سەنئەتخۇمار بولغانلىقى ئۈچۈن ، داڭلىق خەلق
شائىرى ، مۇقامشۇناس قىدىرخان ۋە ئامانىساخان (نەفىسىي) قاتار-
لىق خەلق سەنئەتكارلىرىنى مەخسۇس ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ، ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق مۇزىكا قامۇسى — «ئون ئىككى
مۇقام»نىڭ ئاھاڭ ۋە تېكىستلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە رەتلەشكە
ئۇيۇشتۇرغان . بۇ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر
بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ۋەقە ھېسابلىنىدۇ .

قىدىرخان شۇ زاماننىڭ داڭلىق شائىرى ۋە تالانتلىق مۇقامچىسى
ئىدى . موللا ئىسمەتۇللا مۇجىزىينىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق
ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە ، شۇ زاماندا ئابدۇرەشىدخان تەسىس قىلغان

«مۇزىكا مۇئەسسەسى»گە ئىراق، ئىران، خارەزم، سەمەرقەنت، ئىستانبۇل، كەشمىر، ئەنجان، بەلخ، ھىندىستان، شىراز قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن سازەندىلەر كېلىپ، قىدىرخاندىن مۇزىكا ۋە مۇقام ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر - قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تېكىستلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلق ئارىسىغا تارقالغان. مەسىلەن:

پەلەكتىن بىر سادا كەلمىش چېچىپ ھەردەم ھالاۋەتنى،
گاداي ئىزدەپمۇ جەننەتتىن تاپالماس ئۇ ساخاۋەتنى.
ئاتا قىلسا مۇنارىنى ياساپ كەۋسەرى ھەل تاشتىن،
قىدىر ئۆلمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ گۇمران جاھالەتنى.

قىدىرخاننىڭ يەنە «ئون ئىككى مۇقام» توغرىسىدا ئېيتقان مۇنداق قوشاقلىرى بار:

كەمبەغەل كىيسە كۆلانى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۆچۈن ماتەم ئەمەس.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇنساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

بولۇپمۇ، بۇ دەۋردە ئامانىساخاننىڭ ئىجادى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئاتاقلىق ئىجادچىسى ۋە رەتلىگۈچىسى ئامانىساخان مىلادىيە 1534- يىلى دولاننىڭ (ھازىرقى

مەكىت ناھىيەسىنىڭ ) تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قومۇش مەھەللە
(شاش تاتا ) يېزىسىدا كەمبەغەل مۇزىكانت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان .
ئاماننىساخاننىڭ ئاتىسى مەھمۇد ئاتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق خەلق
سەنئەتكارى بولۇپ ، دولان سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۇستازى ئىدى . دادى-
سىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئاماننىساخان 14 ياشقا كىرگەندە مۇزىكا
ۋە ناخشىدا يۇقىرى كامالەتكە ئېرىشىدۇ . ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ،
«ئون ئىككى مۇقام»نى تەرتىپكە سېلىش ، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە
تېكىستلىرىنى يىغىلاشقا كىرىشىدۇ . مەھمۇد ئاكا ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى
قىدىرخان ئاماننىساخاننىڭ بۇ ئۇلۇغ غايىسىدىن چوڭقۇر تەسىرلە-
نىپ ، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ . ئەنە شۇ مەزگىللەردە يەكەن
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پۇقراچە كىيىنگەن ياش خانى ئابدۇرەشىدخان
ئادىتى بويىچە پۇقرالارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۇچۇن چىققان
سەپىرىدە ، يىراق جاڭگالدىن يېگانە ماكان تۇتقان مەھمۇد ئاكىنىڭ
ئۆيىدە ئاماننىساخاننى ئۇچرىتىدۇ . تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ساتارنى
كۆرۈپ ئۇنى چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ يوچۇن «مېھمان»
نىڭ تەلىپى بويىچە ، ئاماننىساخان ساتارنى تۇزەپ بولۇپ : «بىزنىڭ
يۇرتىمىز چەترەك ماكان ، بىلگىنىمىز ئاز بىز ھەم ناتىۋان» دەپ
قوشاق ئېيتىپ ، پەنجگاھ مۇقامىغا كامانچە تارتىدۇ ۋە ئۆزى تۇزگەن
مۇنۇ شېئىرنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ ئوقۇپ بېرىدۇ :

كىشى كەلدى جاھانغا ، كۆردى تەڭسىزلىك بالاسىنى ،
خۇداۋەندە قوبۇل قىلغىن ، پەقىرلەر ئىلتىجاسىنى ،
ئادالەت بىرلە دۇنيادا ھۆكۈم سۇرسە ئۇلۇغ خىسلەت ،
شۇڭا ئەل باشپاناھ دەرلەر دىيارىم پادىشاسىنى ،
ئۇلۇغ ئابدۇرەشىد شاھنىڭ مۇبارەك نامى مەشھۇردۇر ،
ئادالەت تەختىدە ئاڭلار ئىكەن ئەلنىڭ ساداسىنى .
چىمەندە گۇل ئېچىلغاندا قىلۇر بۇلبۇل نېچۇك تاقەت ،
شۇ چاغ بۇلبۇل تۇرالمدۇ جاراڭلاتماي ناۋاسىنى !

ھەقىقەت ھەم ئادالەتنىڭ ئۇلۇغ سەردارىنى يادلاپ،
نەفسىي چالدى شۇكرانە قىلىپ پەنجىگاسىنى.

ئابدۇرەشىدخان ئامانىنساخاننىڭ بۇ ئاجايىپ يۇكسەك تالانتىغا ھەيران قالىدۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولىدۇ. ئاخىر «ئون ئىككى مۇقام»نى تەرتىپكە سېلىش مەقسىتىدە، ئامانىنساخاننى مەلىكىلىككە قوبۇل قىلىپ، ئاتىسى مەھمۇد ئوتتۇنچى بىلەن بىرلىكتە يەكەن خانلىق ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ خانلىق ئوردىسىنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسىدا تۇرۇپ، مۇقامنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى داڭلىق سەنئەتكارلارنى يىغىپ، مۇقامنى رەتلەش ھەققىدە ئابدۇرەشىد خانغا تەكلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئامانىنساخان فېئودالىزمنىڭ ئاسارەتلىك تومانلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىش نىيىتىدە ئۆزى «ئىشرەت ئەنگىز» (كۆڭۈل ئاچماق) ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلىدۇ. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ يەنە «دىۋانى نەفسىي» ناملىق شېئىرىي توپلامنى، «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق دىداكتىكىلىق ئەسەرنى، «شۇرۇھۇلقۇلۇب» (قەلبلەر كېڭىشى) ناملىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم. مەلىكە ئامانىنساخان 1567- يىلى بەختكە قارشى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولىدۇ.

## 2§. نوزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە داۋاملىق چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرى ۋە ئاتاقلىق قوشاقچىلىرى سادىر پالۋان ۋە نوزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىدىن ئىبارەت.

بىز تۆۋەندە قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخى-

دا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىر قىسىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز .

نوزۇگۇمنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى ھەققىدە 19- ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇف (نازىمىي)نىڭ «نوزۇگۇم» ناملىق داستانى بىزگە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ .

موللا بىلال ئەينى ۋاقىتتا «نوزۇگۇم» داستانىنى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان «نوزۇگۇم قوشاقلىرى»غا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان . موللا بىلالنىڭ «نوزۇگۇم» ناملىق داستانىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، نوزۇگۇم 18- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا ياشىغان قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنى، ئەمگەكچى خەلقنى قەشقەردىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ .

1826- يىلى قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئازادلىق كۈرىشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مانجۇ خانى دوۋاڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقان مىڭلىغان كىشىلەرنى دارغا ئاسىدۇ، زىندانغا تاشلايدۇ ۋە مىڭلاپ كىشىلەرنى قەشقەردىن يىراق بولغان ئىلىغا مەجبۇرىي سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ ماڭىدۇ .

ئىلىغا ھەيدەلگەن سۈرگۈنلەر ئىچىدە نامرات، يوقسۇل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، چىرايلىق ۋە ئەقىللىق ئۇيغۇر قىزى نوزۇگۇممۇ بار ئىدى . نوزۇگۇمنىڭ مانجۇ ئىستىبداتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس قەھر - غەزەپ ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ .

سۈرگۈن قىلىنغانلار ئۈچ ئايدىن ئارتۇق پىيادە يول يۈرۈپ، ئاخىرى ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل «شى» يامۇلىغا قامىلىدۇ . يول ئازابى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ دەھشەتلىك خارلاشلىرى تېخى ئەمدى 18 گە توشقان نوزۇگۇمنىڭ ياش قەلبىدە چەكسىز نارازىلىق ۋە غەزەپ- نەپرەت قوزغىتىدۇ . مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى گۇناھسىز سۈر-

گۆنلەرنى ئىلىغا يالاپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلارنى بىر -
بىرلەپ مانجۇ خانلىرىغا ، بايلارغا ، ئەمەلدارلارغا قۇل ئورنىدا سېتىپ
بەرگەندە ، گۈزەل قىز نوزۇگۇمىمۇ شۇ قاتاردا چوڭ يۇلتۇزلۇق بىر
مانجۇ بېگىگە سېتىلىدۇ . مانجۇ بېگىنىڭ ياۋۇز شەھۋانىي كۆزى
نوزۇگۇمغا چۈشۈپ ، ئۇنى توقاللىققا ئېلىش كويىدا بولىدۇ . ئەزەل-
دىن قەلبى ساپ ۋە سەمىمىي ياشىغان نوزۇگۇم بۇ ئەلەمگە چىدىماي :
«ئۆلۈشكە رازىمەنكى ، نومۇسۇمنى ساتمايمەن» دەپ ، بۇ كوھىقاپنىڭ
ئىچىدىن جېنىنى ئېلىپ قاچىدۇ . ئون نەچچە ئايلاپ قومۇشلۇقلارنى ،
تاغۇ دەشتلەرنى ماكان قىلىپ ، ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەن مانجۇ چېرىك-
لىرى بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىدۇ . تېخى ئىلىنىڭ تاغ - دەريالى-
رى بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان بۇ قىز ئالتە ئايدىن كېيىن ئاخىر
مانجۇ چېرىكلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ۋە ئىلىغا يالاپ كېلىنىپ ،
جاڭجۇڭ تەرىپىدىن سوراق قىلىنىدۇ . باتۇر ۋە قەيسەر نوزۇگۇم
جاڭجۇڭ ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمەيدۇ . نوزۇگۇمنى بازاردا سازايى
قىلىپ ، مويتۇڭزىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈلى-
دۇ . نوزۇگۇم ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس قەھرىمانە
شجائەت بىلەن مانجۇ ئىستىبداتلىرى ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ تۇرۇپ
مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ .
نوزۇگۇم كىچىكىدىنلا چېچەن ، جىگەرلىك قوشاقچى قىز بولۇپ
ئۆسكەن ، نوزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى بولۇپ ،
خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ قوشاقلار نوزۇ-
گۇمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلىگەن ، نوزۇگۇم قوشاقلى-
رىنىڭ مەزمۇنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ ، داستان خاراكتېرىنى
ئالغان ، نوزۇگۇم قوشاقلىرى — ئۇنىڭ كۈرەشچان ھاياتىنىڭ ئوبراز-
لىق خاتىرىسىدىن ئىبارەت . ئۇ قوشاقلاردا ئالدى بىلەن نوزۇگۇمنىڭ
قەشقەردىن سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ئاتا - ئانىسى ، يۇرتداشلىرى ۋە
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ھېسسىياتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مانجۇ
ئىستىبداتلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ :

خەير ئاتا - مېھرىبانىم ،
غەمگۇزارىم ياخشى قال .
كۆزلىرىم ئاقۇ قاراسى ،
تەندە جانىم ياخشى قال .

رازى بول جېنىم ئاتام ،
ئاقلىيالمىدىم بەرگەن تۇزۇڭ .
گەر قازا يەتمەي ئامان ،
كەلسەم قىلارمەن خىزمىتىڭ .

بىللە ئويناپ ، بىللە ئۆسكەن ،
يارۇ دوستلار ياخشى قال .
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ،
قەشقەر شەھىرىم ياخشى قال .

زالىم دوۋاڭ زار يىغلاتتى ،
يوقسۇللارنى كۆپ قاقشاتتى .
ياش دېمىدى ياكى قېرى ،
دارغا ئاستى ، پۇلغا ساتتى .

نى يىگىتلەر ، سولۇن قىزلار ،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى .
گۇناھى يوق مەسۇملارنىڭ ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى .

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى ،
سۇزۇپ ئىچەر ئەر بارمۇ ؟

نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى ،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ ؟

نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا ئۇنىڭ قاچقۇنلۇق هاياتى ۋە بۇ جەريانلار-
دىكى دەرد - ئەلىمى چوڭقۇر ئىپادىلىنىدۇ .

مەن قەشقەردىن چىققىلى ،
چۈشەك سېلىپ ياتقان يوق .
ئانام ئۆرگەن چېچىمغا ،
تارغاق سېلىپ باققان يوق .

ئالتە ئاي ياتتىم قومۇشتا ،
قومۇش ئارىلاپ كۈن چىقتى .
مەن نوزۇكىنىڭ بېشىغا ،
تاغدىن ئېغىر مۇڭ چۈشتى .

قايناپ تۇرغان قازانغا ،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق .
ئالتە ئاي يېتىپ قومۇشتا ،
تەكىيە قويۇپ ياتقان يوق .

ئالتە ئاي بولدى يالغۇزمەن ،
قەشقەر يولىن بىلمەسمەن .
خۇدا ئامان ساقلىسا ،
چېرىكلەرنى كۆرمەسمەن .

بۇ جەرياندا نوزۇگۇمنى ئىزدەش جىددىيلىشىدۇ . خان تەرىپىدىن
نوزۇگۇمنى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىش بۇيرۇقى كېلىدۇ . چېرىكلەر
نەچچە ئايغىچە قىدىرىپ ئاخىر نوزۇگۇمنىڭ دېرىكىنى تاپىدۇ . قو-

مۇشلۇققا ئوت قويۇپ نوزۇگۇمنى تۇتۇۋالىدۇ . بۇ جەرياننى نوزۇگۇم ئۆز قوشاقلىرىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ :

يايى چىقتى تۇتقىلى ،
ئەجدىھا بولۇپ يۇتقىلى .
ئون بەش يايى كېلىپتۇ ،
مەن نوزۇكنى تۇتقىلى .

كەپە قىلدىم ياۋانغا ،
چېرىك كەلدى داۋانغا .
ئالتە ئايغا توشقاندا ،
تۇتۇلدۇممەن قاۋانغا .

نازۇك قولۇم باغلاندى ،
خەلقئالەمگە ئاڭلاندى .
يالغۇز ، غېرىب نوزۇگۇم ،
«شى» يامۇلغا سولاندى .

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن ،
بالالارغا قالمىسۇن .
بىزگە كەلگەن جاپالار ،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن .

غەم بىلەن بېشىڭنى ئەگمە ،
ئەلنى باسقان تۈن كېتەر .
ئاخىرى قۇياش چىقىپ ،
بىزنى ئازاد كۈن كۈتەر .

نوزۇگۇمنىڭ بۇ قوشاقلىرى ئۇنىڭ ئوتلۇق قەسەمنامىسى سۈپە-

ىتىدە خەلقىنىڭ قەلبىدە تا ھازىرغىچە جاراڭلىماقتا .

نوزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى ، ئۇنىڭدا كونكرېت جانلىق پېرسوناژ ئوبرازى ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىكى بار . بۇ ۋەقەلىك نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا نوزۇگۇم بىلەن سۆيگەن يىگىتى باقىنىڭ دىيالوگى شەكلىدە بېرىلگەن :

باقى : نوزۇك كۆڭۈل قىسىلما ،
تۇتقۇن مەن دەپ پۇچۇلما .
سېنىڭ ئەركىڭ ئۆزۈڭدە ،
باقى تۇرار سۆزىدە .

نوزۇگۇم : نازۇك باشنى تۇتقۇن قىلسا ،
كۆڭلى ئۇنىڭ ئاققان يوق .
يارى ئۇچۇن قۇربان بولسا ،
نازۇك باشتا ئارمان يوق .

دېگەندەك قوشاقلار ئارقىلىق نوزۇگۇمنىڭ باقىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىنى ھەمدە باقىنىڭ نوزۇگۇمغا بولغان چىن ئەقىدىسى بايان قىلىنىدۇ .

نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا نوزۇگۇم ئوبرازى — پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى ، تىپىك تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئىچىدە فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئويغانغان قەھرىمان جەڭچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ ، نوزۇگۇم ئوبرازىنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ ئەنە شۇ يەردە……

# 3 § . تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

تاشۋاي تەخمىنەن 1864- يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاللاكو يېزىسىدا بىر نامرات سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ بالىلىق مەزگىلىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ ، ئىگە - چاقىسىز قال-

غان . 10 ياشلار ئەتراپىدىكى تاشۋاي دادىسىدىن تەۋەررۈك قالغان راۋابىنى چېلىپ قەشقەر شەھىرىدە سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىغان ، كۆندۈزلىرى ھېيتگاھتىكى ۋائىز ـ مەدداھلارنىڭ سورۇنلىرىدىن ئايرىلماي ، ئۇلارنىڭ ئېيتقان داستان ـ قىسسىلىرىدىن ھوزۇرلانسا ، كېچىلىرى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى گۈلەختە ئۆزىگە ئوخشاش ماكانسىز يېتىمچىلارغا راۋابىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى . سەرگەردانلىق تۇرمۇش ئۇنى ھەر جەھەتتىن تاۋلىدى ، ناخشا ـ مۇزىكىغا بولغان مۇھەببىتىمۇ كۈنسېرى ئېشىپ ، يېتىم ـ يېسىر غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ كۆڭلىگە مەلھەم بولىدىغان ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشا ـ كۈيلەرنى ئىجاد قىلدى .

ئۇ 30 نەچچە يىللىق قىسقىغىنا ئۆتكەن سەنئەت ھاياتىدا «يېتىملار ناخشىسى» ، «تاشۋاي» ، «گۈندىپاي I » ، «گۈندىپاي II » ، «سايئېرىق ناخشىسى» ، «كاۋاپ سەھرا» قاتارلىق ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە ھاياجانلىق ناخشا ـ كۈيلەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ ، بۇ كۈيلەر ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ياڭرىماقتا .

تاشۋاي يالغۇز ئاجايىپ تالانتلىق ماھىر راۋابچى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە داڭلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ۋە ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان خەلق قوشاقچىسى . شۇڭا ئۇ ، ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى تۈزگەن قوشاقلارنى تېكىست قىلغان . بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ناخشا تېكىستلىرى ئاللىقاچان خەلق قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى .

بەختسىزلىك ، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشىغان تاشۋاي تەخمىنەن 1898- يىلى 34 يېشىدا «ھەزرەت سەيلىسى»دىكى ئاممىۋى سەنئەت سورۇنىدا مۇستەبىتلەرنىڭ قولچوماقچىلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى . ئۇنىڭدىن مىراس قالغان ناخشا ـ كۈيلەر ئەل قەلبىدە جاراڭلاپ ، ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ كۈيلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلدى :

ھەر كۈندە چىقىپ كۆرگەن ،
يەلپۈنگەن تېرىقلىقنى .
يىل ئۆتتى چىقالمادى ،
نە قىلاي غېرىبلىقنى .

راۋاب چالىمەن ئۆزۈم ،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم .
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ،
ئۆتمىدى مېنىڭ سۆزۈم .

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار ،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار .
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار ؟
غېرىبقا غېرىب يىغلار .

نەقرات :
كاۋاپى سەھرا ، كاۋاپى سەھرا ،
يېنىپ كەلدۇق ئەي باللا .

## 4 § . تۇرغۇن موللا ئوسمان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

مەشھۇر قوشاقچى ۋە داستانچى تۇرغۇن موللا ئوسمان 1890- يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئوچا يېزا ئېتىمچاغرى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا ناخشا - مۇزىكىغا ئامراق ئىدى . شۇڭا ، 22 ياشقا كىرگەندە تىنۇزلىك مۇقامچى موللا ئاخۇن سازەندىگە شاگىرتلىققا كىرگەن . شۇنىڭ بىلەن موللا ئاخۇن

ۋە مۇقامچى تۇردى ئاخۇنلارنىڭ مۇقام گۇرۇپپىسىدا بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ يۈرۈپ ، دۇتار چېلىشنى ۋە مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن ، «تاھىر- زۆھرە» ، «غېرىب- سەنەم» ، «يۇسۇپ - ئەھمەد» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى بىمالال ئېيتالايدىغان بولغان . ئۇنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى ، قولىغا دۇتار چىقسىلا يېڭى قوشاقلارنى شۇ ھامان ئىجاد قىلىپ ، مەلۇم ئاھاڭ بىلەن ناخشا قىلىپ ئېيتالايتتى . شۇڭا ، يۇرتداشلىرى ئۇنى «تۆكمە موللا» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى .

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن ، تۇرغۇن موللا نۇرغۇن قوشاق - داستانلارنى ئىجاد قىلىپ ، دۇتارىغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇغان ۋە داڭلىق قوشاقچى سۈپىتىدە تونۇلۇپ ، قەشقەر خەلقىنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان . ئۇ 1964- يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ ، بېيجىڭ سەھنىسىدە ئۆزى ئىجاد قىلغان «گۈل بېيجىڭگە باردىمەن» ، «ماۋ جۇشىنى كۆردۈم» دېگەن ناخشىسىنى دۇتار بىلەن ئورۇنلاپ يۇقىرى ئالقىشقا ئېرىشكەن . ئۇ 1984- يىلى 94 يېشىدا ۋاپات بولغان .

تۇرغۇن موللا قوشاقلىرىدىن ئۆرنەكلەر :

## سالام دەڭلار

ئادەمگە ھايات ئەۋزەل ،
ئۆلمەسنىڭ يولى بولسا .
ئەل ئۈچۈن قىلاي خىزمەت ،
ئارقىدا ئەجەل يانسا .

يېشىم بولدى توقسان تۆت ،
بېشىمدىن ئۆتتى نى ئىشلار .
ئوقۇپ بىلىم ئالغۇلۇق ،
نادان قالماڭ قېرىنداشلار .

يېشىم ئارقىسىغا يانسا ،
دېگەن ئارزۇ - تىلىكىم بار .
دەۋرىمىزگە جۇش ئۇرغان ،
بىر ئوتلۇق يۈرەكىم بار .

خوش بۇرادەر ، يارۇ دوست ،
تېنىڭلار ئامان بولسۇن .
دەۋرىمىز كۆرەلمەسلەر ،
سارغىيىپ سامان بولسۇن .

قېرىنداشلار جەم بولۇپ ،
خاتىرجەم تاماق يەڭلار .
ئەجەل ماڭا يېقىنلاشتى ،
ئەل - يۇرتقا سالام دەڭلار .

## يالغان سۆزلەش ئەيىبلىك

كالىغا ھەلەپ ئەتسەم ،
ئۇنىڭ كۆپى ساماندۇر .
ئەل - يارەنلەر ئالدىدا ،
يالغان ئېيتقان ياماندۇر .

مۇشۇك ئۆگزىگە چىقسا ،
كۆك باچكىنى مارايدۇ .
يالغان سۆزلىگەن ئادەم ،
قايسى يۈزدە قارايدۇ .

شامال چىقسا كەچقۇرۇن ،
توپا - چاڭ بېسىپ ئۆتەر .

يالغان گەپچى مەككارلار ،
ئەلنىڭ قەلبىدىن ئۆچەر .

كىشىگە كىشى قاراپ ،
يالغاننى راست قىلىپ ئېيتسا ؛
كەچۈرمەيدۇ خالايىق ،
ئۆپكىنى ياغ دەپ ساتسا .

يالغان گەپتىن قېچىڭلار ،
ھەققە كەڭ يول ئېچىڭلار .

## 5§ . خەيرىنسا توختى ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

ئاتاقلىق خەلق قوشاقچىسى ۋە ناخشىچىسى خەيرىنسا توختى 1925- يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسىنىڭ غوجىدار (جانلىق تىلدا «ھوجدار» دېيىلىدۇ ) كەنتىدە تۇغۇلغان . ئۇ كونا جەمئىيەتتە ئىنتايىن نامراتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن ، ھەتتا يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن داۋالىنالماي ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان . گەرچە ئۇنىڭ كۆزى كۆرمىسىمۇ ، قەلبى يورۇق بولغاچقا ، ئۆزى تۇزگەن قوشاقلىرىنى دۇتار بىلەن كۈيلەپ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭ- قۇر ئورۇن ئالغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇ مىليونلىغان نامرات ئەمگەكچىلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن . 1953- يىلى ۋە 1956- يىلى ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . ئەل سۆيگەن بۇ خەلق سەنئەتكارى 1956- يىلىدىن باشلاپ كوناشەھەر ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ ، ئۆزىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى تېخىمۇ جارى قىلى-

دۇرغان ۋە يېڭى دەۋرنى كۈيلەيدىغان نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان، 1964- يىلى ئۇ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە دۇتار بىلەن ناخشا ئورۇنلاپ جامائەتنىڭ ماختىشىغا ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1989- يىلى 64 يېشىدا ۋاپات بولغان.

خەيرىنسا توختىنىڭ ئىجاد قىلغان قوشاقلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

## ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن

ئۆتمۈشتە مەن قاتمۇقات،
زۇلۇم چېكىپ ئېزىلگەن.
پارچە نانغا زار بولۇپ،
قىلچە راھەت كۆرمىگەن.

ئۇستۇمدىكى خام كۆڭلەك،
تولغاندى ياماققا.
ئۆتتى ئۆمرۇم نەچچە يىل،
باي ئۆيىدە — دوزاختا.

يا كۈندۈزى ئارام يوق،
يا كېچىسى ئامانلىق.
قىش - زىمىستان سوغۇقتا،
ياتقان يېرىم سامانلىق.

باي زالىملار قولىدا،
ئۆلدى دادام ھەسرەتتە.
قالدىم يېتىم، سارغىيىپ،
دەرد - ئەلەمدە، كۈلپەتتە.

تەڭدىن تولا ھاياتىم ،
ئۆتتى شۇنداق خارلىنىپ .
سۇنغان مېنىڭ قاناتىم ،
ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلىپ ؛

ئويلايتتىم مەن ھەمىشە ،
«كېلەرمۇ دەپ دەۋرانىم» .
كۈن نۇرىنى كۆرمەكلىك ،
ئىدى ئارزۇ - ئارمانىم .

چىقتى قۇياش شەرقتىن ،
مەندەك يوقسۇل بەختىگە .
بۇگۈن مانا ئايلاندىم ،
ھۆر زاماننىڭ ئەھلىگە .

ئاتا بولدى پارتىيەم ،
سىلاپ مېنىڭ بېشىمنى .
بەختىمىزنى كۈلدۈرۈپ ،
قۇرۇتتى كۆز يېشىمنى .

ئالدىم يېڭى زاماندىن ،
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ - قۇۋۋەت .
دەۋرىمىزگە ئەگىشىپ ،
ماڭىمەن مەن تا ئەبەد .

## 6 § . ھاجى ئەلنەغمە ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

ئاتاقلىق قوشاقچى ، داستانچى ۋە تونۇلغان ئەلنەغمىچى ھاجى خىزمەت ئاخۇن 1885- يىلى ئاقتۇ ناھىيەسى پىلال يېزىسىغا تەۋە

يېڭىۋاب كەنتىدە تۇغۇلۇپ، 1949- يىلى 64 يېشىدا ۋاپات بولغان، ھاجى بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ بوۋىسىدىن ۋە يۇرتىدىكى ئېلاخۇن موللام دېگەن كىشىدىن دەرس ئېلىپ، باشلانغۇچ ساۋاتىغا ئىگە بولىدۇ، ئۇ خەلق ئارىسىدىكى داستان - قىسسىلەرنى، شېئىر - قوشاقلارنى يادلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قىزغىن ئىشتىياق باغلايدۇ، 15 ياشقا كىرگەندە «يۇسۇپ - ئەھمەد»، «تاھىر - زۆھرە»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «سەئىد - ئەنسارە» قاتارلىق داستان - قىسسىلەرنى مۇزىكىسى بىلەن تولۇق ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئارىسىدا «ھاجى ئەلنەغمە» نامى بىلەن شۆھرەت تاپىدۇ. ئۇ 20 ياش چاغلىرىدا يۇرتىدىكى غېرىب - مۇساپىرلار بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىگە بېرىپ بىر تەرەپتىن چاكار بولۇپ ئىشلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە دۇتار بىلەن ناخشا ئېيتىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قوشاق توقۇش، داستان ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھاجى ئەلنەغمە يالغۇز ئاقتۇ بويىچە داڭلىق ئەلنەغمىچى بولۇپلا قالماستىن، قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، يەكەن، يوپۇرغا، پەيزاۋات، ئاتۇش قاتارلىق شەھەر - ناھىيەلەردىمۇ ئۇنىڭ نامى مەشھۇر ئىدى.

ھاجى ئەلنەغمىنىڭ قوشاق ۋە داستانچىلىق ئىجادىيىتى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، نەق سورۇندا قوشاق توقۇپ ناخشا قىلىپ ئېيتقان. ئۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئورۇنلاپ، بۇ داستانلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە ئەل ئارىسىغا تارقىلىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان، نۇرغۇن داستانچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

خەلق ئارىسىدا «ما تىتەي ھەققىدىكى قوشاقنى ھاجى ئەلنەغمە ئىجاد قىلغان» دېگەن پاراڭ بار. ئۇ يەنە «شەمپىلە ئالۋىدىنى» («ھاشار ھەققىدە»)، «تاجىخان»، «يېتىمچىلار زارى» قاتارلىق قوشاقلارنى تۈزۈپ ناخشا قىلىپ ئوقۇغان.

ھاجى ئەلنەغمە قوشاقلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

## شەمىپلە[1] . ئالۋىنى

يېڭىساردىن خەۋەر كەلدى ،
شەمىپلىگە بارسۇن دەپ .
ئەرلەر ئورنىدىن تۇرسۇن ،
خوتۇن - قىزلار قالسۇن دەپ .

ھەر تۇتۇندىن بىر ئادەم ،
مەيلى ئىككى - ئۈچ ئادەم ،
شەمىپلەگە يۈزلىنىپ ،
قولغا كەتمەن ئالسۇن ، دەپ .

پىلال دېگەن بۇ يۇرتقا ،
ئىككى مىڭ ھاشار كەلدى .
ئىككى مىڭ ئېشەكلىك شاخ ،
بادرا ھەم ۋاسا كەلدى .

كەلدى دورغا ، يايىلار ،
قوللىرىدا قامچىسى .
دەرەخلەر كېسىلىپ بولدى ،
چۈشمەي يولغا سايىسى .

شەمىپلىنىڭ ئۆستىڭى ،
ئالتە ئايغا سوزۇلدى .
كەتتى تەندىن كۈچ - مادار ،
بىلەكلەرمۇ ئۈزۈلدى .

---

[1] شەمىپلە - يېڭىسار ناھىيە ئەگۈس يېزىسىغا تەۋە جاي ئىسمى .

قاچان تۈگەر بۇ ھاشار ،
شەمپىلەردىن كېتەرمىز ؟
يېتىپ بېرىپ ئۆيلەرگە ،
يوبدان ، ئۇماچ ئىچەرمىز .

شەمپىلە - يۇ ، شەمپىلە ،
يوتقان - كۆرپە نەم بىلەن .
قوشاق قوشۇپ يىغلارمىز ،
ھەسرەت بىلەن ، غەم بىلەن .

سەھىپىمىز چەكلىك بولغاچقا ، يۇقىرىدا بىرقەدەر تىپىك بولغان بەش نەپەر خەلق قوشاقچىسىنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن قىسقىچە تونۇشتۇق .

قوشۇمچە ماتېرىيال I

**قەشقەر رايونىدىكى خەلق ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ تىزىملىك جەدۋىلى (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)**

| | ئىسىم-فامىلىسى | ياشىغان يىلى | يۇرتى | ئالاھىدىلىكى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئاشۇراخۇن غېرىبى | 10—11. ئەسىر | قەشقەر كوناشەھەر | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 2 | ئابدۇرېھىم ھېيىت | 1928. | قاغىلىق ناھىيەسى | چۆچەكچى |
| 3 | ئابدۇرېھىم ئىسمائىل | 1939 — 1986 | قاغىلىق ناھىيەسى | داستانچى |
| 4 | ئابلىزخان مەسۇم | 1925 — 1988 | قەشقەر كوناشەھەر | لەتىپىچى ، يۇمۇرچى |
| 5 | ئابلەت زېرىپ | 1938. | مارالبېشى ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 6 | ئالماس ئابدۇللايوف | 1926 — 1990 | مارالبېشى ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 7 | ئاۋۇت راۋاب | 1896 — 1971 | قەشقەر كوناشەھەر | داستانچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 8 | ئايزىمخان مېھمان | 1902- | مەكىت ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 9 | ئابدۇرېشىت موللا | 1901 — 1980 | يېڭىسار ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 10 | ئابدۇكېرىم ئېلى | 1897 — 1978 | پەيزاۋات | قوشاقچى |
| 11 | ئابدۇللا ئوسمان | 1951 — 2009 | قاغىلىق ناھىيەسى | لەتىپىچى |
| 12 | ئەھمەد ھاجىبەگ ۋاپاتى | 15- ئەسىر | قەشقەر شەھىرى | داستانچى ، قوشاقچى |
| 13 | ئەمەت باۋۇدۇن | 1912 — 1976 | قەشقەر شەھىرى | داستانچى |
| 14 | ئەيسا مىراب | 18- ئەسىر | مارالبېشى ناھىيە | قوشاقچى |
| 15 | ئەمەت ئۆمەر | 1916 — 1987 | قەشقەر شەھىرى | لەتىپىچى ، يۇمۇرچى |
| 16 | باقى راۋاب | 1835 — 1915 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى ، ناخشىچى |
| 17 | باۋۇدۇن يۇسۇپ | 1818 — 1984 | پەيزاۋات ناھىيەسى | لەتىپىچى |
| 18 | بايىز ساتار | 18- ئەسىر | يېڭىسار ناھىيەسى | داستانچى |
| 19 | تاشۋاي | 1880 — 1914 | قەشقەر كوناشەھەر | داستانچى ، قوشاقچى |
| 20 | تاشاخۇن | 1909 — 1974 | يوپۇرغا ناھىيەسى | لەتىپىچى |
| 21 | تاش قارىم | 1882 — 1960 | يېڭىسار ناھىيەسى | |
| 22 | توختىيار قالۇن | 1881 — 1956 | قەشقەر كوناشەھەر | داستانچى |
| 23 | تۇراخۇن | 1844- | يېڭىشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 24 | تۇردىخان ئىسلام | 1922 — 1974 | يەكەن ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 25 | تۇردى شەيخ | 1775 — 1850 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 26 | تۇرغۇن موللا | 1890 — 1984 | يېڭىسار ناھىيەسى | قوشاقچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 27 | تۇرغۇن مۆمىن | 1949- | يېڭىسار ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 28 | خەيرىنىسا توختى | 1825- | قەشقەر كوناشەھەر | قوشاقچى |
| 29 | خەلىچىخان مەمتىلى | 1946- | پوسكام ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 30 | روزەك باشى | 1872 — 1942 | يېڭىشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 31 | روزەك باشى | 1905 — 1978 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى ، ئەلنەغمىچى |
| 32 | روزى ئىسلام | 1925- | پەيزاۋات ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 33 | رازىيە قادىر | 1948- | كوناشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 34 | ساۋۇراخۇن ناقىس | 1843 — 1922 | يېڭىسار ناھىيەسى | لەتىپىچى ، شائىر |
| 35 | سالاھىددىن بەگ | 1820 — 1913 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 36 | سەمەت ئاۋۇت | 1830- | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 37 | ساۋۇت داۋۇت | 1943- | يەكەن ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 38 | سايىت تىلەپ | 1916- | يېڭىشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 39 | سەلەي چاققان | 1790 — 1850 | كوناشەھەر ناھىيەسى | لەتىپىچى |
| 40 | سىيىت نوچى | 1875 — 1923 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 41 | سىدىق راشىدىن | 1909 — 1976 | مارالبېشى ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 42 | سەمەت ئابدۇللا | 1911 — 1976 | قەشقەر شەھىرى | ئەلنەغمىچى |
| 43 | شاھ ھەسەن | 1880 — 1959 | قەشقەر شەھىرى | داستانچى |
| 44 | شېرىپ خۇشتار | 1922- | قەشقەر شەھىرى | ۋەقە شۇناس |
| 45 | خوجا ياقۇپ ياركەندىي | 21- ئەسىر | يەكەن ناھىيەسى | داستانچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 46 | خوجا ئابدۇرەھمان | 1914 — 1987 | كوناشەھەر ناھىيەسى | قوشاڤچى |
| 47 | قىدىرخان ياركەندى | 1500 — 1575 | يەكەن ناھىيەسى | داستانچى ،قوشاقچى |
| 48 | قاسىم تۇردى | 1889 — 1951 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 49 | قەمەرىددىن كېرىم | 1927 — 1988 | يەكەن ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 50 | قادىر بۇلاق | 1935 — 2004 | كوناشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 51 | قۇربان ئىمىن مەزىن | 1908- | يوپۇرغا ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 52 | قادىر مەخسۇت | 1929- | كوناشەھەر ناھىيەسى | داستانچى |
| 53 | قارى قارىم | 1939- | پەيزاۋات | قوشاقچى |
| 54 | كېرىم ئېلى | 1897 — 1978 | پەيزاۋات ناھىيەسى | لەتىپىچى |
| 55 | موللا مۇھەممەد تۆمۈر | 21- ئەسىر | قەشقەر شەھىرى | داستانچى |
| 56 | مۇھەممەد سادىق كاشغەرى | 1850 — 1925 | قەشقەر شەھىرى | قىسسە - داستانچى |
| 57 | موللا مەتيار خەلپىتىم | 21-ئەسىر | قەشقەر شەھىرى | لەتىپىچى |
| 58 | موللا مىرسالىھ كاشغەرى | 21- ئەسىر | قەشقەر شەھىرى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 59 | موللا ھاجى | 21- ئەسىر | قەشقەر شەھىرى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 60 | مۇھەممەد راخمان | 1919- | كوناشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 61 | مەخسۇت ھاجى | 1858 — 1926 | يېڭىشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 62 | مۇھەممەد ئوسمان ھاجى | 1924 — 2008 | قەشقەر شەھىرى | تارىخچى ، ھېكايىچى |
| 63 | مۇھەممەد يۇسۇپ | 1915-؟ | پەيزاۋات ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 64 | مۆمىنجان قارىم | 1914- | قەشقەر شەھىرى | داستانچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 65 | نۇراجىم | 1878 — 1964 | قەشقەر شەھىرى | داستانچى ، مەدداھ |
| 66 | نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا ھاجى | 1946. | قەشقەر شەھىرى | تارىخچى ، قوشاقچى |
| 67 | ھۆسىيىنخان پەيزى | 1840. | يېڭىشەھەر ناھىيەسى | داستانچى |
| 68 | ھاجى ئەلنەغمە | 1885 — 1949 | كوناشەھەر ناھىيەسى | داستانچى ، قوشاقچى |
| 69 | ھېيت قوشاق | 1917 — 1990 | يېڭىسار ناھىيەسى | قوشاقچى |
| 70 | ھېلىم توختى | 1720 — 1792 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى ، داستانچى |
| 71 | ئۆمەر باقى ياركەندىي | 21. ئەسىر | يەكەن ناھىيەسى | داستانچى |
| 72 | ئوسمان قاسىم | 1920 — 1994 | قەشقەر شەھىرى | ھېكايىچى |
| 73 | ئىشقىيار | 1891 — 1981 | پەيزاۋات ناھىيەسى | لەتىپىچى |
| 74 | ئىمىنجان ئاۋۇت | 1940. | پوسكام ناھىيەسى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 75 | ئىبراھىم مەشھۇرىي | 20. ئەسىر | يەكەن ناھىيەسى | قوشاقچى ، شائىر |
| 76 | ئىسمائىل ئىبراھىم | 1927. | كوناشەھەر ناھىيەسى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 77 | يۈسۈپ قادىرخان | 1910 — 1978 | كوناشەھەر ناھىيەسى | داستانچى |
| 78 | تۇرسۇن بارات | 1927. | كوناشەھەر ناھىيەسى | داستانچى ، قوشاقچى |
| 79 | توختى مۇھەممەت | 1934. | كوناشەھەر ناھىيەسى | قوشاقچى ، ئەلنەغمىچى |

本书主要介绍喀什噶尔民间传说、谚语、幽默长篇诗以及民间文人等。

**图书在版编目(CIP)数据**

喀什噶尔民间文学:维吾尔文/阿布都克力木·热合曼编著.—— 喀什:喀什维吾尔文出版社,2012.8

(喻喀什噶尔蹓系列丛书;23)

ISBN 978—7—5373—2755—8

Ⅰ.①喀... Ⅱ.①阿... Ⅲ.①维吾尔族—民间文学—作品集—喀什地区—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①I277

中国版本图书馆(CIP)数据核字(2012)第192179号

责任编辑:**齐曼姑丽·阿吾提**

责任校对:**拜合提亚尔·阿布力米提**

喻喀什噶尔蹓系列丛书(23)

# 喀什噶尔民间文学

编著:**阿布都克力木·热合曼**

**喀什维吾尔文出版社出版发行**

(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)

**各地新华书店经销**

**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**

880×1230**毫米** 1/32**开本** 9.5**印张** 2**插页**

2012**年**8**月第**1**版** 2012**年**8**月第**1**次印刷**

**印数**:1—3000 **定价**:29.00**元**

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

**ۋاڭ ياڭ**



ISBN 978-7-5373-2755-8

9 787537 327558 >

（民文）定价：29.00 元